# چـــالا تـــەگـكـــەن ئـــوق

## ئابدۇللا تالىپ

## تارىخىي رومان

### بىرىنچى قىسىم

### بىرىنچى باپ

ئاپرېلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى بولۇشىغا قارىماي ، ئۈرۈمچى شەھىرى بىر ھەپتە ئىچىدە تۆت پەسىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، بۈگۈن ئەتىگەن مۇقەددەس بوغدا تېغىنىڭ ئۈستىدىن ئەمدىلا نەيزە بويى ئۆرلىگەن قوياشنىڭ ئىللىق نۇرىغا چۆمگەن ئىدى .

شەھەرنىڭ شىمالىي گىرۋىگىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزىل تاغ باغرىدىكى تاشلاردا ئەكس ئەتكەن قوياشنىڭ ئالتۇن زەررىلىرى ئاجايىپ ۋاللىداپ تۇراتتى . ئېگىز چوققىنىڭ ئۈستىدىكى جىگەرسىمان قىزغۇچ توپا ئارىلاش قورام تاشلارنىڭ يان كاۋاكلىرى ئارىسىدىن سۈس كۆتۈرۈلگەن ئاقۇش پارلار خۇددى پارتلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان يانار تاغ تۈتۈنلىرىدەك كۆرۈنەتتى .

ۋاقىت چاشكاردىن سەل ئۆتكەن ئىدى . بۇ ئېگىز چوققا باغرىغا ئۈچ كىشى پەيدا بولدى . ئۇلار تاغنىڭ شەرق تەرىپىدىن ئاستا ئۆرلەپ ، غەربىي چوققىغا يېقىن ئۇرنىتىلغان ياغاچ راۋاق يېنىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، ئۇدۇل بارغىنچە ئۈرۈمچى دەرياسى ئۇرۇلۇپ ئۆتىدىغان ئېگىز تىك قىيا لېۋىدە توختىدى .

بۇ ئۈچ كىشىدىن بىرى يېشى 40لاردىن ئاشقان بۇغداي ئۆڭلۈك ، پېشانىسى ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرەپىدە قوناقتەك سۆگەلى بار ، بېشىغا كونىراق قارا دۇخاۋا سەرپۇش تۇماق ، ئۈچىسىغا سالما ياقىلىق كۆك چەكمەن چاپان ، ئىچىگە ئالدى ئوچۇق ماتا كۆينەك كىيىپ ، بېلىگە باغلىغان كۆك بەلۋاقىقا غىلاپ " بويىتاسما ئېسىۋالغان ساغلام قامەتلىك كىشى ئىدى . ئاۋۇ ئىككىسى بولسا ئەمدىلا 20لەردىن ئاشقان تەڭ دىمەتلىك نەۋقىران يىگىتلەر ئىدى .

بۇ ئۆچەيلەن چوققا گىرۋىگىگە كېلىپ توختاتتى ¨ يۇ ، نېمە ئۆچۈنكى ، بىر هازاغىچە جىمجىتلىشىپ ، تاش ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشاتتى .

ياش يىگىتلەردىن بىرىنىڭ بىلىگىدە ، يەنە بىرىنىڭ بولسا مۈرىسىدە تارتۇق بار ئىدى . قاپاقلىرى سىلىنغان ، رەڭگى روهى ئۆڭۈپ تاتىرىشىپ كەتكەن بۇ يىگىتلەر ، قانداقتۇر بىر يامان خاپىلىقنىڭ ئازاۋىدا قالغاندەك ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىشەتتى ۋە شۇ تاپتا بىر ¨ بىرىنىڭ تەرىگە زىنهار قارىغۇسى كەلمەيۋاتاتقاندەك ئىدى .

هېلىقى چوڭ ياشلىق ، بەستلىك كىشى بولسا ئاللىقانداق خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولغىنىچە ئوتلۇق كۆزىنى ئاللىقەيەرلەرگە قادىغان ئىدى . ئۇ ، يېنىدا سالپىيىپ ئولتۇرغان ئاۋۇ ئىككى يىگىتنىڭ هېچنېمىسى ئەمەس ، پەقەت يېتىم ¨ يېتىمەك ، غېرىپ ¨ غۇربالارنىڭ سېخى پېشىۋاسى سوپىتى ئەل ئارىسىدا << سىپى چەندازا >> ① دەپ داڭقى چىققان مەردانە بىر ئادەم ئىدى .

بىر هازادىن كېيىن ، سوپى چەندازا خىيالىنى يىغىپ ، يىگىتلەرگە قىيا بېقىپ ، سوزلۇك بىر قارىدى ¨ دە ، ئېغىر سۈكۈتنى بۇزۇپ ، سۆزگە كىرىشتى :

- << ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنۇتما ، شىر چورۇغۇڭنى قۇرۇتما >> دېگەن گەپ بار . . . ، - ئۇ ، ئۇلۇغ كىچىك بىر تىنىۋېتىپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، - << ئالتۇن يېغلىغى >> سىلەر بىلەن بىللە چىققان شۇنچە نۇرغۇن دوست ¨ بۇرادىرىڭلار نەگە كەتتى ؟ قېنى ئېيتىڭلارچۇ ؟

تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن ، مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز قانلىق پاجىئەلەر هەققىدىكى بۇ سوئال هەر ئىككى يىگىتنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق تەگدى . ئەپسۇسلۇق هېسسىيات تۇيغۇلىرى بىردىنلا ئۇلارنىڭ كۆز چاناقلىرىدا بەلگە بېرىشكە باشلىدى.

سوپى چەندازا يەنە ئاتىلارچە مېهرى بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى :

- ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭى غېرىۋىي كېپەن بولۇپ ، ئۆلۈكلىرى چۆل ¨ باياۋانلاردا قالدى . قالغان قىسمىنى بولسا << ئالتاي يېغلىغى >> يەپ تۈگەتتى . سىلەر بولساڭلار كۆرمىگەننى كۆرۈپ ، ئاران بالادا بۇگۈنگە كەلدىڭلار ، بىراق ، تېخىچىلا ئاچ ¨ زار يۈرۈۋاتىسىلەر . . .

سىپى چەندازا بارغانچە قىزىپ سۆزلەيتتى . ئۇنىڭ كەڭ پىشانىدىن تەر تامچىلىرى چىپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى . هېلىقى ئىككى يىگىت بولسا باشلىرىنى سىلىپ ، مۈڭلىنىپ ئولتۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئوتلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلىماقتا ئىدى . سوپى چەندازا سەرپۇش تۇمىغىنىڭ ئۈك تەرىپىنى قىستۇرۇپ قويۇپ ، تېگىمۇ غەزەپ بىلەن سورىدى :

- سىلەر ئالتە شەھەردىن تۈتۈلۈپ چىققاندا يول بويى ئېيتقان << ئاللا ‥ ئاللا ۋاي باللا ، نادانلىقنى تاشلاڭلار >> دېگەن ناخشاڭلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ ؟ سىلەر تونۇگۇنلا جان ‥ جىگەر دوست ئىدىڭلار ، تاغ ‥ باياۋانلاردا دىشۋارلىق تارتىپ يۈرگەنلىرىڭلاردا كۆرۈشكىچە پەرۋانە بولۇشاتتىڭلار ، خوپ ، بۈگۈنچۇ ؟

سوپى چەندازا بىسلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان ئىككى پىچاقنى قونچىدىن سۇغۇرۋالدى ‥ دە ، يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ، دەرغەزەپ بىلەن :

- << پىچاقنى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە سال ، ئاغرىمىسا كىشىگە سال دەپتىكەن ، قېنى قايسىڭلار ئاۋال سىناپ كۆرىسىلەر ؟ - دېدى .

ئۇ ، ئوتلۇق كۆزى بىلەن يىگىتلەرگە تىكىلىپ تۇراتتى . ئاچچىق تەنە ، لېكىن سەممىي سۆزلەرنى ئاڭلىغان يىگىتلەرنىڭ يۈرىكىگە پىچاقلار ئۆزى كىلىپلا قادالغاندەك تۇيۇلۇپ باشلىدى . ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تەڭلا تۇرۇشتى ‥ دە ، پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى ھەر ئىككىسى تەڭلا ئېلىپ ، قوراق تاشقا ئۇرۇپ سۇندۇرغاندىن كېيىن ، قىيادىن چوڭقۇر ئېقىنغا چۆرۈۋەتتى ، ئاندىن يىغلاپ قۇچاقلىشىپ ، ئەپۇ سوراشتى ۋە ئىككىسى تەڭ كېلىپ ، ھىلىقى غەمخورچىسىنىڭ بىرى ئوڭ ، بىرى سول بىلىكىگە ئېسىلىپ ، ناماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ، كەچۈرۈم سورىدى . يىگىتلەرنىڭ كۆز ياشلىرى سوپاخۇننىڭ بىلەكلىرىنى نەملەشكە باشلىغان ئىدى .

سوپى چەندازا ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ :

- << گۇمان ‥ ئىماننى قاچۇرار ، ئىمان شەيتاننى >> دېگەن گەپ بار ، سىلەر بۇ گەپنى ھەرگىز ئۇنتۇماڭلار ، - دېدى .

بۇ چاغدا ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاپ قالغان ئىدى . يىگىتلەردىن بىرى :

- تاغا ، بىز ئەمدى سىز باشلىغان كىچىككە كىرىمىز . سىزنىڭ قىلىپ كېلىۋاتقان غەمخورلۇقىڭىزنى مەن ئەسلا يادىمدىن چىقارمەيمەن ،لېكىن ھازىر مەن . . .

سوپى چەندازىغا يۈرەكتىن ۋەدە بېرىۋاتقان بۇ يىگىت سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا ئاسمانغا قارىدى ‥ دە ، جىددى تۈس ئېلىپ :

- ھازىر مەن سىز بىلەن خوشلاشماقچىمەن ، مېنىڭ زۆرۈر بىر ئىشىم بار ئىدى . مەن شۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشىم ئۈچۈن ، . . . . ئەمسە ، خەير ‥ خوش ! ‥ دېدى .

سوپى چەندازا ، يىگىتنىڭ كېيىنكى جەددى سۆزىگە ، سىرلىق كەيپىياتقا ئەجەبلەندى " يۇ ، بىراق نېرى " بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا ، ھەر ئىككى يىگىتنىڭ قولىغا ئاز " تولا پۇل بېرىپ ، يولغا سېلىۋەتتى .

ھېلىقى جەددى ئىشى بار يىگىت شاپاشلىغان پېتى تاغ باغرىدىكى ئەگمەچ يول بىلەن پەسلەپ كەتتى " دە ھايت " ھۇيت دېگىچە ئالللىقاياقلارغىدۇ غايىب بولدى . ئىككىنچى يىگىت بولسا تاغ ئۈستىدىكى يول بىلەن ئۇدۇل شەرق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

سوپى چەندازا قىرلىق قىيادا يەككە " يىگانە قىلىپ ، يەنە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا ، شەھەرگە تىكىشى نەزەر تاشلايتتى .

قىيالىقتا ئۇدۇل " مىردىئان سىزىق بويلاپ جەنۇپ تەرەپتىن سوزۇلغان كەڭ سايلىق ئېقىننىڭ كۈن چىقىش لېۋىدىكى قارىياغاچلىق ئورمانلار ئۇدا بىر ھەپتە ياققان مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر ۋە قاردىن كېيىن بوگۇنكى ئوچۇق ھاۋادا قوياشنىڭ ئىسسىق نۇرى تەپتىدىن قايتا جانلىنىپ ، كۆپ " كۆك باراقسانلىق تۈسكە كىرگەن ئىدى . جەنۇبىي تاغ ( نەنسەن ) جىلغىلىرىدىن ئۇرغۇپ " دولقۇنلاپ چۈشكەن قار ۋە يامغۇر سۇلىرى ، شەھەر كوچىسى ئارىسىدىكى ئېرىق ئۈستەڭلەردىن قوشۇلغان لاي " لاتقىلىق سۇلار بىلەن بارغانسېرى سەمەپ " ئۇلغىيىپ ، شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سايلىق ئېقىندىن ئۈركەشلىنىپ كېلىپ ، ھېلىقى قىيالىق چوققىسىغا باغرىنى ئۇرۇپ ئۆتۈش ئارقىلىق " بۆيۈك جوڭغارىيە ئويمانلىقىغا قاراپ كېتەتتى .

قىيالار ئەۋجىدىن ھاسىل بولغان بۇ چوڭ دولقۇن ، بىر قاراشتا كىشىگە خۇددى شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان يانار تاغ لاۋا " لاتقىلىرىنى ئەسلىتىپ ، بۇ شەھەرنىڭ ئاستىدا گويا پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بىر ۋۇلقان باردەك ھېس قىلدۇراتتى ، دېمىسمۇ كىشىلەر بۇ كۆڭلىدە ئەنە شۇنداق سىرلىق بىر تەۋرىنىش ۋە تەشۋىش ئىچىدە تۇراتتى .

قوياش قىيامىدىن سەل قايرىلغان چاغدا ، سوپى چەندازا قىزىلتاغ ئۈستىدە پەسكە قاراپ ماڭدى . ئۇ ، پەللىمۇ پەللە تۆۋەنلەپ چۈشۈۋېتىپ ، يەنە ئالللىقانداق چىگىش خىياللار ئىچىدە ، ئۆز " ئۆزىگە سوئال قوياتتى :

- ئاجايىپ سىرلىق ھېكمەت ، چوڭقۇر تىلسىمات ! دۇنيانىڭ خۇيى " پەيلى ، زاماننىڭ خۇيى " پەيلى ، ئادەمزاتنىڭ خۇي " پەيلى نېمىشكە بۇنچىۋالا ئوخشىشىپ كېتىدىغاندۇ ؟ - بىر دەم تۇتۇلۇش ، بىردەم ئېچىلىش ، بىردەم غەزەپلىنىش ! بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ قايسىسى قايسى تەرەپنى دورايدىغاندۇ ؟ . . .

سوپى چەندازا ئۆزىنىڭ بۇ گەدىرماچ خىيالى بىلەن بەنت بولغىنىچە مېڭىپ ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي قاپقىغى يېنىدىكى بىر كىچىك ئاشخانىغا كىرىپ غىزالاندى . ئاندىن ئۇ ، پېشىن مەزگىلىدە مال بازىرىدىكى بىر مىچىت ئالدىغا

كەلدى . بۇ يەردە يېڭىدىن سېلىنغان بالىخانىلىق بىر ئىمارەتنىڭ ئالدىغا 30 - 20 چە كىشى توپلىشۋالغان ئىدى . ئۇ ، مىچىت ئالدىدىن قايرىلدى ¨ دە ، ئۇدۇل ئەنە شۇ ئادەملەر تـوپى قاتارىغـا بـاردى . ئـۇ كـىشىلەرنىڭ يېڭـى ئىمـارەت توغرىلىق قىلىشىۋاتقان گەپ ¨ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى .

ھەممىدىن كۈلكىلىكى بىر قىسىم تىجىمەل ¨ ھورۇنلارنىڭ بۇ يېڭى ئىمـارەتكە ئەيـىپ قويـۇپ ، ئەخمىقـانە سۆزلەشـلىرى سوپى چەندازنىڭ ئەرۋايىنى ئۆرلەتمەكتە ئىدى . شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ يەكپاي گەپ ¨ سۆزلىرىنى بىر دەم تەخىـر قىلىپ ئاڭلىدى :

- ئىمارەتنىڭ ھۇلى پەس بولۇپ قاپتۇ ، بىرەر يىلغا بارا ¨ بارمايلا سۇنىڭ تېگىدە قالىدۇ ¨ دە ، يىقىلىپ چۈشىدۇ.

- دەرىزىسى تەسكەي تەرەپكە بولۇپ قاپتۇ .

- توغرا تېمى تۈز قوپۇرۇلماپتۇ .

- ياغاچلىرى ئىنچىكە بولۇپ قاپتۇ .

- تەكچە ھەم دەرىزىلىرى كىچىك بولۇپ قاپتۇ ، قاچا ¨ قۇچا سىغمايدۇ . . .

سوپى چەندازا بۇ گەپ ¨ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئاستا كىرىپ ، يېڭى ئىمارەتنى كۆرۈپ چىقتـى ¨ دە ، ئاۋۇلارغا دېدى :

- مەن باياتىن سىلەرنى ئۇستا تامچىلاردىن ئوخشايدۇ دەپتىمەن ، پەممىچە سىلەر كۆپۈڭلار : << قىشلىغى قايان باراي ، يازلىغى ساراي سالاي >> دەپ ھوناپ يۈرىدىغانلاردىن ئوخشىمامسىلەر ؟ پىشانىسىدىن تەر ئاققۇزۇپ ئىـشلىگەن ئەرنىـڭ قولىدىلا مۇشۇنداق ئىمارەت پۈتىدۇ . ھورۇن ئىشەكنىڭ يېمى تولۇق دېگەندەك . . .

شۇ ئەسنادا كۆنچى مەھەللىسى تەرەپتىكى بۇلاقبېـشى كوچىـشىدىن ھاسـىراپ ¨ ھۆمىـدەپ ئۇچقانـدەك يۈگـۈرۈپ كەلگەن 20 ياشلاردىكى يىگىت توپىنىڭ يېنىدا توختىدى ¨ دە :

- ئادەم ئۆلدى ! بۇلاقبېشى يېنىدىكى كۆكتاتلىقتا . . . بىر ئادەم ! ¨ دەپ ، تەشۋىشلىك خەۋەرنى ئېيتىپلا بەدەر چوڭ كوچا تەرەپكە كەتتى .

لېكىن ، بۆجەددى خەۋەرنى ئاڭلىغان ئادەملەر دەسلەپتە ھاڭ ˝ تاڭ بولۇشقان ، جەددىلاشقان بولسىمۇ ، كېيىن مەھەللىگە چۇشۇپ ، بەزىلىرى شۇ يەرگە بېرىپ << تاماشا >> كۆرۈپ كېلىشكە ئىنتىلمەكتە ئىدى . سوپى چەندازا كۆپچىلىككە :

- << سۆز قوغلىغان دەرتكە يولۇقار ، يول قوغلىغان غەزىنىگە >> دەيدىغان گەپ بار . بايىقى خەۋەردە چۇقۇم بىر شۇملۇق بار . << تۆگە كۆردۇڭمۇ ، يوق >> دېگەندەك ، غىرت قىسىشىپ ، ئاستا يولىمىزغا راۋان بولغىنىمىز ياخشى ، - دېدى .

ئادەملەر تارقىلىشقا باشلىغاندا ئالللىقاچان گۇگۇم چۇشۇپ كەتكەن ئىدى . دېگەندەك ، ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا كوچىلارغا قوراللىق ھەربى ، ساقچىلار تولۇپ كەتتى . پۈتۈن شەھەرنى ئىنتايىن دەھشەتلىك تەشۋىش قاپلاشقا باشلىدى . شۇ كۈنى تۈن يېرىمىدىن كېيىن ، چوڭ تۇتقۇن باشلىنىپ كەتتى . كىشىلەر پانا ئىزلەپ تاغ جىلغىلىرىغا قاراپ قېچىشماقتا ئىدى . ئادەتتە مەيخانىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان ۋە مەي ˝ شاراپسىز يۈرەلمەيدىغان بىۋاك پىيانچۇكلارمۇ بۇ دەھشەتلىك كېچىنىڭ قۇربانى بولۇشتىن خالىي بولالمىدى .

تۈن نىسبى مەزگىلى ئىدى . ياش بىر پىيانچۇك غەرق مەس ھالدا نەنلياڭ كوچىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىدا ئۆلۈك ۋە سولغا دۇگۇجۇپ يۈرگەن ئىدى . ئۇ ، گاھىدا كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ : << ئىشپىيۇن ! ئىشپىيۇن ! >> دەپ سۈرەن سالاتتى ۋە مۇشتۇمنى چىڭ تۈگۈپ ، خۇددى جۆيلۈگەندەك سۆزلەپ كېتەتتى :

- قېنى دىگىنە ، ماڭا ئۆتكۈزۈپ قويغىنىڭ بارمىدى ؟ نىمىشكە ماڭا مۇنچىۋالا ئەگىشىۋالىسەن ! ھىلى جۇمۇ ، ھىلى خامىرىڭنى مىجىپ تاشلايمەن ! . . .

پىيانچۇك بارغانچە جىددىيلىشىپ بىردە ئۇڭغا ، بىردە سولغا مۇشت تەڭلەيتتى . بىراق ، ئۇنىڭ مۇشتۇمى تېگىدىغان نىشان يوق ئىدى . ئۇ گاھىدا ئالدى ˝ كەينىگە قاچاتتى . چارچاپ قالغاندا يەنە ئىزىدا توختايتتى . ئۇ ، ئۆزىنى قوغلىشىپ يۈرگەن << ئىشپىيۇن >> دىن قۇتۇلالمىغىنىغا دەر غەزەپ بولۇپ ، ھالسىزلىنىپ پات ˝ پات يىقىلىپ چۈشەتتى .

<< قورققان سايىسىدىن ئۈركۈپتۇ >> دېگەندەك ، بۇ پىيانچۇكنىڭ كەينىگە بۆگۈن ئەگىشىۋالغىنى پەقەت ئايدىڭ كېچىدىكى ئۆز سايىسى ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ھالى ئاشۇ بۇلاقبېشىدىكى ئۆلۈم پاجىئەسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ئاشۇنداق << قورققانغا قوش كۆرۈنەر >> سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ قاتتىق بىئارام بولماقتا ئىدى . ئۇ نىسبى شەپىدىن ئۆتكەنگە قەدەر << ئىشپىيون سايە >> بىلەن ھەپىلىشىپ ۋە ئېلىشىپ ، ئاخىرى دەرمانى كېتىپ يىقىلدى . ئۇ

، نەمكەش يەرگە پاقىدەك چاپلاشقان پېتى ياتــاتتى . بــاش توخـۇ مەھەلـدە ســاقچى كېلىــپ قالـدى ¨ دە ، مەسـنى ھەيدەپ كەتتى . . .

# ئىككىنچى باپ

يۇقىرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ سىرى دەھشەتلىك تارىخىي تىراگېدىيە - << ئالتۇن يىغلىغى >> غا بېرىپ تاقىلاتتى . بۇ تىراگېدىيە بولسا 1942 ¨ يىلى ئىيۇندا يۈز بەرگەن ئىدى .

تۆمەن دەرياسى بويىدىكى مۇنبەت تـۇزلەڭلىكتە بىنـا بولغــان ئەزىــزانە قەشـقەر ھېساپــسىز تــارىخىي قــسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، پامىر ئېتىگىدە يەنىلا مەردانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ۋە يەنىلا پۈتۈن تــارىم ئويمانلىقىنىــڭ مەنـىۋى مەشئىلى بولۇشتەك پارلاق ۋە ئۇلۇغۋار شۆھرىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى .

ھەر يىلى پەسىللەرنىڭ مۇناسىپ مەۋسۇمىدە بۈك ¨ باراقسان تاللار ۋە تۈرلۈك شېرىن مېۋىزار باغۇ ¨ بوستانلار بىلەن ئاجايىپ رەڭدار كىيىنگەن بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى ئىختىيارسىز ھالدا ھەر بىر كۆز ۋە كۆڭۈلنىڭ زەۋقىنى جەلىپ قىلاتتى .

بۈگۈن ئىيۇننىڭ 2 - ھەپتىسى ¨ چوڭ بازار بولىدىغان پەيشەنبە كۈنى . زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان خۇددى ئــىسىل ئەينەكتەك يالتىرايتتى . شەھەرنىڭ قايناق مەركىزىدىكى ھېيتكار مۇھىتىغا نۇر سېپىپ تۇرغان قۇياشنىڭ جىلۋىسى ئــارات رەستە ¨ كوچىلاردا سىماپتەك ۋىللىداپ جۇلا قىلاتتى .

شەھەرگە ئەتراپلاردىن تۈرلۈك ¨ تۈمەن مېۋىلەرنى چوڭ ¨ كىچىك سېۋەتلەرگە قاچىلاپ ئېلىپ كىرگەن ئــىشچان ۋە پاراسەتلىك باغۋەن ¨ دېھقانلارنىڭ پەيزىلىك تۇۋلاشلىرى ھەم شېرىن مېــۋە ¨ چىۋىلەرنــىڭ خــۇش پــۇراقلىرى كــىشىنىڭ كۆڭلىنى ھوزۇرلاندۇراتتى .

ھېيتكارنىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر مەدىنى ئاقــارتىش ئۇيۇشمىــسىنىڭ ھەشــەمەتلىك ۋە ھەيۋەتلىــك تىيــاتىر كۇلـۇبى ئالدىدىكى ئازادە كەڭ مەيدانغا قاتارمۇ ¨ قاتار قويۇلغان كاۋاپدانلار ھەم تۆت تەرەپتىكــى ئاشـخانا ۋە ناۋايخــانىلاردىن تارقىلىۋاتقان تاتلىق تاماقلارنىڭ مېزىلىك پۇراقلىرىمۇ ئىشتىھا ئەلنەغمىلىرىنىڭ ئىشتىكلىرىنى ئاچاتتى .

مەيداننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە توپلىشىپ تۇرغان بېشىغا گىجىم رومال ، تور رومال ۋە داكىلارنــى ئارتىۋالغــان سۈچۈك سۆزلۈك قىز ¨ چوكانلارنىڭ باش ، قول ۋە قولتۇقلىرىدىكى رەڭگارەڭ چىرايلىق دوپپىلار كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ، كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرەتتى .

قولللىرىدا زىخچا ئالتۇن ۋە تىللالارنى جىرىڭلىتىپ ، ئۆتكەن ¨ كەچكەنلەرگە كۆز ¨ كۆز قىلىپ يۈرۈشكەن بىر مۇنچە مەككار سەرراپلار ھېدىيىپ ۋە ھىجىيىپ ، تاپان توزاقلىرىغا جاي ۋە جان كۆزلەپ باراتتى .

زەرگەر ئۇستىلار كۆزلىرىگە غۇۋالاشقان ئەينەك تاقىۋېلىپ ، رەستىنىڭ پىنھان يەرلىرىدە ھە دەپ ئىشلەپ ، ھاجەتمەنلەرنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى قولىدىن چىقىرىشقا ئالدىرىماقتا ئىدى . ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۆپلىشۋالغان جۇۋانلارنىڭ بەزىلىرى بىزەكلەرنىڭ سەرخىلىنى تاللاش بىلەن بەنت بولاتتى . يەنە بەزىلىرى بولسا قولىدىكى بىزەكلىرىنىڭ جىلىك ¨ جالىغىنى ئېنىقلىتىش ئۈچۈن زەرگەرلەرگە تەكلىپ تەۋەززۇلار قىلاتتى .

ئەجەپكى ، ئۇلارنىڭ قاتارىدىكى ئورۇق ، سەل دۈمچەكرەك كەلگەن بىر ئۇستام بىر كىشى كۆرسەتكەن ئالتۇن ساپاقنىڭ ساپ ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن ، بۇ خالىسانە خىزمىتى ئۈچۈن ئەتىگەندىلا ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىگە تەڭقىسلىق تېپىۋالدى .

بۇ ، بىر توي تەرەددۇتىنىڭ مېلى ئىدى . يىگىت تەرەپنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلگەن سېمىز جۇۋان گىجىم رومىلىنىڭ تۆشۈگىدىن زەرگەر ئۇستامغا ھۆمىيىپ بىر ئالايدى ¨ دە ، زەردىسى بىلەن تېگىش قىلغىلى باشلىدى :

- ئۇستام ، نېمە دەپ يۈرىدىلا ، كۆزلىرىگە تور باغلاپ قالدىمۇ ، نىمە ؟ لىللا گەپ قىلغۇلۇق ئەمەسمۇ ؟ ئادىل سۆز قىلمىسىلا ئاخىرەتكە نېمە دەپ بارىلا ؟ مۇشۇنداق جىلىك ئالتۇننى جا دېيىشكە نېمە ھەددىللىرى ؟

زەرگەرنىڭ غۇژژىدە كەيپى ئۆرلىدى ¨ دە ، سېمىز جۇۋانغا كۆزەينىگىنىڭ تېگىدىن تازا بىر ئالىيىپ قارىۋېتىپ :

- خېنىم ، نېمە ئەتىگەندە ماڭا بۇنچە قاۋاپ بېرىدىلا ، مەن سىلىنى دۇكىنىمغا چىللاپ كەلدىممۇ ؟ سىلى ئاخىرەتنى بىلسىلە خەقنىڭ << بۆكگە جگدە سالماقچى >> مىدىلە ، - دېدى .

زەرگەر قارىماققا 60لاردىن ئاشقان دىلى نازۇك ، سەپرا مىجەز كىشى ئىدى . << باپكا قېرىسا بۆزدىن ، زەرگەر قېرىسا كۆزدىن >> دېگەندەك ، ئۇنىڭ ئىككىلا كۆزى ئۆمچۈك تور باغلاپ قويغاندەك بىر ئاز خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پات ¨ پاتلا << كۆزۈم تورلىشىپ بولالمايۋاتىمەن >> دەپ زارلىنىپ يۈرەتتى . سېمىز جۇۋاننىڭ << كۆزلىرىگە تور باغلاپ قالدىمۇ >> دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ، ئۇستامنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ ، مىجەزى چېچىلىپ كەتكەن ئىدى . زەرگەرنىڭ كۆسى بېسىلماي ھېلىقى جۇۋانغا يەنە تېگىش قىلىپ :

- خېنىم ، << لايدىن ياسىغان خام كوزا ، سۇغا چۈشسە ساق چىقالمايدۇ >> ئەمەسمۇ ؟ ناباپ مال بىلەن قىز تەرەپنى ئالدىسىلا نائىنسابلىق ئەمەسمۇ ؟ ياكى << قىزىڭنى ئالغىچە قىرىڭدىن ئۆتەي ، ئېلىۋېلىپ بولۇپ جىنىڭدىن ئۆتەي >> قىلماقچىمۇ ، يە ؟ . . . ، - دېدى .

بۇ يەردە قىز تەرەپنىڭ ۋەكىلىمۇ ھازىر ئىدى . ئىگىز بويلۇق ئۇ جۇۋان زەرگەرگە قوشۇمچە قىلىپ :

- ئۇستام راست ئېيتىدۇ ، نىمە ئانچىۋالا كۆپۈپ كەتكۈلۈك ؟ كۆڭلىمىز تـوغرا بولسا ، ئـالتۇن جابدۇقسىزمۇ ئىش ئەپلىشىۋېرىدۇ . ئانىمىز بىزنى ئالتۇن ئۇستىگە تۇغمىغان . << ياغاچ قازاندا ئاش بىر قېتىملا پىشىدۇ >> ، - دېدى .

- گەپنىڭ مېغىزىنى دىسىلە خېنىم ، - زەرگەر قىز تەرەپ ۋەكىلىنـىڭ سۆزىگە مـاز بولـۇپ ، << تـوي دېگەن ئۆمـۈر سودىسى >> دېگەننى قوشۇپ قويدى .

تاپا " تەنىلەرنى ئاڭلىغان سىمىز جۇۋان خۇددى گېلىگە سۆڭەك قادالغاندەكلا غىققىدە بولۇپ قالدى . كېيىن ئۆزىچە ھار ئېلىپ ، قورسىقى ئېسىلدى " دە ، يەنە باشقىدىن ۋالاقلىغىلى تۇردى :

- ۋاي ، جېنىمەي ، ماڭا نىمىتى ؟ بىرىپلا يىگىتنىڭ ئانىسىغا ئېيتىمەن " دە ، << بوي يەتمىگەن شاپتۇل ئـاچچىق >> ئىكەن ، دەيمەن ۋەسسالام . شۇنىڭ بىلەن توينى بۇزۇپ تاشلايمەن . << توينىـڭ ئەلچىسى بـولغىچە ، باينىـڭ غالچىسى بول >> دېگەننى ئۇقماپتىمەن .

- چاپسان بارسىلا خېنىم ، زەللىرى سوۋۇپ قالمىسۇن . بۇنـداق دوقلىرىغا پەرۋايىم پەلەك . قىزىمىز ئـۆزىگە ئـۆزى ئالتۇن.

سىمىز جۇۋان دوق قىلىپ ، پىشنى قاققان پېتى دۇكاندىن چىقىپ كەتتى . زەرگەر ئۇستام بىر كۈلۈپ ، بىر تېرىكىپ :

- توۋا ، بۇ جۇۋان << ئۆزۈم يالغانچى ئەمەس ، يارىغىم يالغانچىدى >> دېسىلا ئىش پۈتمەسمىدى ، - دېـدى " دە ، يەنە ئىشنى قىلىۋەردى .

چۈش مەھەل ۋاقتى . شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئادەم قايىنىمىغا ئايلىنىپ ، بازار تېخىمۇ قىزىماقتا ئىدى .

سۇپ " سۇزۇك ئاسماندا توپ " توپ كەپتەرلەر ئەركىن پەرۋاز قىلىشماقتا . بەزى كوچىلاردا باللار ئىككى تەرەپ بولۇشۇپ ، خوراز سوقۇشتۇرۇپ يۈرۈشەتتى . تۇمەن دەرياسى بويىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشىق مەيدانىغا يـېقىن كەڭ تۈزدە بىر توپ ئادەملەر ھە دەپ ئىت تالاشتۇرۇش بىلەن مەسخۇش ئىدى . بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئالىقانداق نـادانلار ئىتنىڭ كەينىگە كىرىپ ، گاھىدا تالىشىپ ، بىر دەمدىلا ئىغىز " بۇرۇنلىرى قانغا مىلىنىپ كېتىشەتتى .

كۈن قىيامدىن قايرىلغان مەھەلدە ھېيتكاردىكى مىغ " مىغ ئادەملەر توساتتىنلا ئاسمانغا قاراشقىلى باشلىدى .

بىر جۇپ لاچىن قاياقتىندۇر غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئىگىزدە پەرۋاز قىلىۋاتقان ھىلىقى كەپتەرلەرنى ئارىغا ئېلىۋالدى " دە ، قېچىشقا ئۇرۇنغانلىرىنى سوقۇپ ، بىر " بىرلەپ تېرە " پىرەن قىلاتتى .

دەل شۇ چاغدا ھېيتكار پەشتىقىنىڭ ئۈستىدىكى يېڭى ئاي مەشئىلى بىكىتىلگەن مۇناردا بىخارامان سايراۋاتقان بىر جۇپ كاككۇكمۇ ئاسماندا يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن چۆچۈپ ھۈركىگەن پېتى نەزەرباغ تەرەپكە بەدەر قاچتى .

مۇشۇ پەيتتە ، بىر توپ ئادەملەر چوڭ خانىقا ئالدىغا چاپلانغان بىر چوڭ ئېلاننى ئوقۇماقتا ئىدى . قىستا " قىستاڭ ئىچىدە ئېلانغا يېقىن بارالمىغانلار بىر " بىرىدىن تەقەززالىقتا سورايتتى :

- ئوقۇيالىدىڭىزمۇ ، نېمە گەپكەن ؟

ئوقۇغانلار ئېيتىپ بىرەتتى :

- ياشلارنى ئالتايغا ئالتۇن كولاشقا - << باي بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ئېلانى >> ئىكەن . . .

- << قاساپ جان قايغۇسىدا ، ئۆچكە جان قايغۇسىدا >> دېگەن شۇ دە ! " دەيتتى كىشىلەر ، ئاستا پىچىرلىشىپ .

ئادەملەر جىددى ساراسىمىگە چۈشمەكتە ئىدى .

شۇ ئەسنادا ئۆيغۇر ئۆيۈشما تەرەپتىن ئىگىز بويلۇق جارچى كارنىيى يىرتىلغىدەك ۋارقىراپ ، ھېيتكار مەيدانىغا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى :

ئالتايدا تولا ئالتۇن ،

بارساڭ بىلسەڭ باللا ؛

ئالتۇنغا تويۇپ كۆزۈڭ ،

باي بوپ كېلىسەن باللا .

غەم " دەرتتىن خالاس بولۇپ ،

ئۇيناپ كۈلسەن باللا .

يول يىراق دىمە ھەرگىز ،

راھەت كۆرىسەن باللا .

مەيلىڭ بولسا ئالتۇنغا ،

نىمشكە تۇرسەن باللا .

بارمساڭ قىلىپ پۇشايمان ،

ھەسرەت چېكىسەن باللا . . .

<<ئاغزى قايماق ، كۆڭلى مايماق >> جارچىنىڭ ئۇيناۋاتقان سىرلىق كومېدىيىسى ئىنىتايىن يوشۇرۇن ۋە رەزىل پىلان يېتەكچىلىكىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىدى .

ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى كۇلۇبىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ئىگىز ۋە ھەيۋەتلىك پەشتىغىدا بىر ھەربى ۋە بىر ساقچى ئوفىتسىر ھېيتكار مەيدانىغا قاراپ تەكەببۇرانە قىياپەتتە غادىيىپ تۇراتتى . مانا شۇ ئىككى ئوفىتسىر بۈگۈندىن باشلانغان >> ئالتۇن تراگېدىيىسى >> نىڭ >> ماھىر >> رېژىسسورلىرى ئىدى .

ئۇلارنىڭ بىرى ئىگىز بويلۇق ، شوينا بەل ئادەم بولۇپ ، يىگجاگلىق ھەربى ئۇنىۋانىغا ئىگە ئىدى . ئىككىنچىسى غولۇلۇق ، دوغىلاقراق بولۇپ ، ساقچىنىڭ شۇڭگىنى ئىدى .

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېيتكار مەيدانىدىكى ئادەملەر خۇددى بۆرىدىن ھۈركىگەن قويدەك تەرەپ ¨ تەرەپكە پېتىراپ كېتىشكە باشلىدى . شۇندىن كېيىن كوچا ئېغىزلىرىدا قوراللىق بىر نىمىلەر پەيدا بولدى ¨ دە ، جېجاڭ ، گەيجاڭلارنىڭ ئاربلاشما زوراۋانلىقلىرى بىلەن ياشلارنى تۇتۇش ئىشى باشلاندى . ئۇلار ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان مەخسۇس گازارملارغا ئېلىپ بېرىلىپ ، نەزەر بەنت قىلىناتتى .

ھازىر ھېيتكاردا يۈز بېرىۋاتقان بۇ تىرورلۇق تىيانىشانىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەممە شەھەر ¨ يېزىلاردا بىردەك داۋام قىلىماقتا . بالا ¨ قازانىڭ قازىنى كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ بېشىدا قاينىماقتا ئىدى . ئۇلارنىڭ نالە ¨ زار ، ئاھۇ پەريادى پەلەك پەيمانلىرىنى زىلزىگە كەلتۈرۈپ باراتتى . بەگلەر بىلەن باي غوجاملار بولسا ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى بۇ ئىشقا يېقىن يولاتمىغانىنىڭ ئۈستىگە كەمبەغەللەرنىڭ باللىرىنى تۇتۇپ بېرىشتە ئەڭ ئەشەددى قەللاپ ( ئادەم سودىگىرى ) سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن ئولجا ¨ ئۇنۇملەرگە ئىگە بولماقتا ئىدى . بالا قازا >> باينىڭ يېنىغا كېلەر ، كەمبەغەلنىڭ جېنىغا >> دىگەن ئەھۋاللار ئەمەلدە ئىسپاتلانماقتا ئىدى. بىر يىگىت ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماي زىبەردەست دەسسەپ ھېيتكارغا كېلىپ توختىدى ¨ دە ، ئەتراپقا نەزەر تاشلاشقا باشلىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىتنىڭ يېنىغا ئاق ساقال بىر بوۋاي پايدا بولۇپ ، غەمخورلۇق ئاھاڭىدا :

- بالام بۇ يەردە تۇرما ، تېزرەك كېتۋال ، << ھۆپۆپ دۆڭگە چىقسا قۇش يەر ، يېتىم دۆڭگە چىقسا مۇشت >> دەيدىغان گەپ بىكار ئەمەس ، ھازىر خەتەرلىك ، ساڭا بىر پالاكەتچىلىك چاپلاشمىسۇن .

- رەھمەت ئاتا ، - دېدى يىگىت ، بوۋايغا مۇلايىم تەلەپپۇز بىلەن ¨ راست ، ھازىر خەتەرلىك ، ئاسمان چوغ ، زېمىن قوغ بولماقتا . جىنايەتكار ئالتۇن مىنىڭ بەختىمگىمۇ ئىبلىس قولىنى سوزماقتا ، شۇڭا ئالتۇن كولاشقا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بارىمەن . << يە بايدىن چىقارمەن ، يە سايرامدىن ! >>

يىگىت بىلەن بوۋاينىڭ سۆزى تېخى ئۈزۈلمىگەن پەيىتتە ، تۇساتتىن بىر قىزنىڭ يىگىتنى چاقىرغان يېقىملىق ئاۋازى ئۆلارنىڭ سۆھبىتىنى ئۈزدى :

- ئىرپان ئاكا . . .

يىگىت دەرھال قىز تەرەپكە قارىدى . 12 ياشلار چامىسىدىكى ئوماققىنە قىز كىچىككىنا بىر پارچە خەتنى ئىرپانغا سۇنۇپ تۇرۇپ :

- ئەتىگەن سىزنى ئىزلەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى ، بۇ خەتنى ئاچان ئەۋەتتى . خوش ، ئەمسە مەن كەتتىم . . . ، - دېدى .

قىز ناھايىتى ئىلدام ماڭدى . ئۇ كېلىشى بىلەن بوۋاي ئىرپان بىلەن خەيرلىشىپ كېتىپ قالغان ئىدى .

ئىرپان تەقەززالىق بىلەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى :

<< . . . باشپانايىم ئىرپان ، سىز ھەرگىزمۇ كېتىپ قالماڭ ، ھەر نېمە كۆرسەك تەڭ كۆرەيلى ، سىز بولمىسىڭىز بۇ جاھان ماڭا بولىدۇ زىندان . . . >>

خەتنى ئوقۇغان ئىرپاننىڭ پىشانىسىدىن تەر مونچاقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك ، بىر ھازا جىمىپ كەتتى ، ئۇنى خىلىدىن بۇيان يىتمىلىك ¨ يوقسىزلىق بىلەن ئىشقى ئازابى قىينىماقتا ئىدى .

ئەمدىلىكتە ئۇ << يە جاندىن كەچ ياكى جاناندىن >> دېگەن رەھىمسىز سىناق گىرۋىكىدە بېشى قېيىپ تېگىرقىماقتا ئىدى.

- ماقۇل ، - دېدى ئۇ ، ئاخىرى قەتئىي قارارغا كېلىپ ، - چولپاننىڭ رايىغا باقاي .

ئىرپان ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىيالىغىدەك پىچىرلاپ ، ئاشۇ سۆزنى دېدى ¨ دە ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، يارباغ كوچىسى تەرەپكە كەتتى .

# ئۈچىنچى باپ

زامانە زورنىڭ ، تاماشا كورنىڭ .

- خەلق ماقالىسى

1

ئىرپان يارباغ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ، جان قوغان تەرەپكە قايرىلدى ¨ دە ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ، كىچىكرەك بىر ساماۋەرخانا ئالدىدا توختىدى . چولپاننىڭ ئۆيى ئەنە شۇ يەردە ئىدى .

بۇ چاغدا شامدىن ئۆتكەن بولۇپ ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ تۇراتتى . ساماۋەرخانا ئۈستىدىكى بالىخانا ئۆيىنىڭ پەنجىرىدىن پەنەرنىڭ يورۇقى پىلىلداپ سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

ئىرپان يېنىك قەدەم ئېلىپ ، بالىخانا دەرىزىسىنىڭ ئاستىغا باردى ¨ دە ، يىغا ئارىلاش ئاڭلىنىۋاتقان نادامەتلىك ئۈنگە قۇلاق سالدى .

- ياق ، ياق ، مېنى سىز ئۇ 60 ياشلىق قېرى چاياننغا زورلىماڭ ! بولمىسا ماڭا بۇ جاھان كېرەك ئەمەس ، مەن بۇنداق جاندىن تويدۇم . . .

بۇ دەل چولپاننىڭ نالە ¨ زارى ئىدى . ئۇ دادىسىغا يالۋۇرۇپ يىلىناتتى ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ ، مۇراجىئەت قىلاتتى :

- قەررىمىزمۇ توگەپ كېتەر دادا ، مەرھۇم ئانامنىڭ روھى ھەققىدە مېنى ئاياڭ ، بولمىسا مەن بۇگۇنلا ئانامنىڭ قەۋرىستانلىقىغا . . .

زامان زۇلمىنىڭ قاتمۇ ¨ قات قىسمەتلىرى زەربىدىن مۇكچىيىپ ، ئالىلقاچان نىمجان بولۇپ قالغان شەمشىدىن ئاق كۆڭۈل ، مېھرىبان قىزىنىڭ نالىسىگە چىدىيالمىدى ¨ دە ، يۈرەكلىرى لەختە ¨ لەختە قانغا زەرداپ بولغان ئېغىر مىنۇتتا ئاچچىق بىر ئۇھ تارتقان پېتى ئۆزىنى گۈپپلا قىلىپ سۇپىغا تاشلىدى .

شەمشىدىن تېخى يېقىندىلا مۇشۇ يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە ساماۋەر ئېچىپ كۈن كەچۈرۈشكە باشلىغان ئىدى .

ئۇ ياشلىق دەۋرىنى مەدرىسلەردە ئوقۇپ تالىپلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن . كېيىنرەك ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەھەللىسىدىكى ئەل ¨ جامائەتنىڭ تەكلىۋى بىلەن مەكتەپ ئېچىپ ، ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن مەلىكە بولۇپ ، جامائەت ئىچىدە >> شەمشىدىن خەلپەت >> دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئىدى .

شۇنداق زېرەك قىزى چولپانمۇ ئوقۇپ ، سەرپ ¨ نەھۋى ۋە >> ناۋايى >> قاتارلىق كىتابلارنى پىششىق ئۆگەنگەن ئىدى .

شەمشىدىننىڭ كىرىمى يوق دېيەرلىك بولۇپ ، ھال ¨ كۈنى ناچار ئىدى . پەقەت بوۋىسىدىن مىراس قالغان پىشايۋانلىق ئۆي ¨ قوراسىلا بار ئىدى .

مۇشۇنداق ئۆتتۇر ئوقەت ئۆتتۈۋاتقان بۇ ئۆيگە بىر كۈنى كەچ تەرەپتە ئۆمەر باينىڭ كارۋان بېشى ۋە شەمشىدىننىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ياخشى ئاغىنىسى بولغان نەسرىدىن كىرىپ كەچ بولغىچە ئۇزۇن پاراڭلاشتى :

- جانابىي رەسۇلىللامۇ ¨ دېدى نەسرىدىن ، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپ ، - تىجارەت يولى بىلەن يۈز ¨ ئابروي تېپىپ ، يەتتە ئىقلىمدا تەڭدىشى يوق كامالەتكە يەتكەن . مانا ھازىر ئۆزەڭمۇ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن ، پېقىرمۇ تىجارەت بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ، ئەركەشتام بىلەن لاداخقا بىر ەر قېتىم قاتناپ قويۇۋېدىم ، >> قازىنىممۇ ماي ، چۆمۈچىممۇ ماي >> ، دۇنيا ¨ تەئەللۇقاتىم بىر ئۆمۈر يېتىپ ئاشىدۇ دېسەممۇ بولىدۇ .

نەسرىدىن تاپاۋەتلىرى بىلەن باياشات تۇرمۇشىنى شايە قىلىپ ، پات ¨ پات كۆلۈپ كېتەتتى . كۆلكىسىدىن كېيىن ، ئادىتى بويىچە گېلىنى زورىغا قىرىپ ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇراتتى :

- >> قولۇڭ ياغ بولسا ، يېنىڭغا سۈۋا >> دېگەن گەپ بار . ماڭا ھەمرا بولۇپ ، بايىقى جايلارغا بىر ¨ ئىككى قېتىم قاتنىساڭلا ، ئىشىڭ پۈتتى ¨ دە ، قازىنىڭمۇ ماي ، چۆمۈچىڭمۇ ماي . . . قانداق ؟

نەسرىدىن مۇشۇ ئوي بىلەن بۇ ئۆيگە نەچچە قېتىم كەلدى . ئۇنىڭ >> تاپاۋەت >> ئىنىدىگى ۋە قىزىقتۇرۇش دالالەتلىرى ئارقىسىدا شەمشىدىن ئاقىۋەت پەيلى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ماقۇل بولدى .

ئارىدىن ئالاھەزەل بىرەر ھەپتە ئۆتەر ¨ ئۆتمەي نەسرىدىن ئۆيگە يەنە كىرىپ كەلدى ¨ دە ، شەمشىدىننى باشلاپ >> ئۇلۇغ بىرىتانىيە ھىندى سودا جەمئىيىتى >> دېگەن تاختا ئېسىلغان سودا سارىيىغا ئېلىپ باردى .

بۇ يەرگە سىرتتىن كەلگەن ھايانكەشلەر ، كومپىدور دەلاللار ، ئەپيۇن سودىگەرلىرى ۋە يەنە ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەككارلار مەخپى كىرىپ چىقىپ ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراش ئۈچۈن شۇملۇقلارنى قىلىشاتتى . نەسىرىدىن بولسا ئەنە شۇلارنىڭ شىرىكلىرىدىن بىرى ئىدى .

- مانا يېتىپ كەلدۇق ، - دېدى نەسىرىدىن ۋە شەمشىدىننى ئەگەشتۈرۈپ ماڭغان پېتى ساراي ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى .

بىرەر سائەتلەردىن كېيىن ، نەسىرىدىن بۇگۈنكى سودا توختىمىنىڭ مەزمۇنىنى شەمشىدىنگە ئوقۇتۇپ :

- مېنىڭ كېپىللىكىم بىلەن ساڭا 40 سەر ئالتۇن قىممىتىدىكى ھەر خىل گەزمال ، چاي ، دورا قاتارلىق تاۋارلارنى لاداخقا بېرىپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان بولۇشۇپ ، توختام پۈتۈشتۇق ، توختامغا قولۇڭنى ... " دېدى .

شەمشىدىن << 40 >> سەر ئالتۇن دېگەننى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭ كەينىگە قانداق ئەجەل ئەجدىھاسى يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچبىر ئويلىغاندەكلا توختامغا قولىنى بېسىپ بەردى . نەسىرىدىن ئارقىدىن شەمشىدىننىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ :

- بۇرادىرىم ، بۈگۈن ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق پۈتتى . سەپەرگە تېزرەك جاندۇن . بىر " ئىككى كۈن ئىچىدە مېڭىپ كېتىمىز ، - دېدى .

دېگەندەك ، ئارىدا بىر " ئىككى كۈن ئۆتەر " ئۆتمەيلا شەمشىدىن نەسىرىدىننىڭ كارۋانلىرى بىلەن بىللە لاداخ سەپىرىگە يولۇپ كەتتى ...

2

ئاسمان پەلەك قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ ھېساپسىز خەتەرلىك جىلغىلىرىدا ئۇزۇن سەپ تارتقان كارۋانلار توختىماي ئىلگىرىلەيتتى.

نەسىرىدىن بىلەن شەمشىدىن يول بويى بىرگە يېتىپ " قوپۇپ مۇڭدىشىپ كۆڭۈللۈك كېتىپ باراتتى . لېكىن << تۆشەك بىللە ، چۆشەك باشقا >> دېگەندەك ، نەسىرىدىننىڭ قوسىقىدىكى چۆشەك باشقىچە ئىدى . ئۇ << 40 سەر ئالتۇن سودىسى >> ئارقىلىق يولۇقىلىنىدىغان ئاجايىپ ئولجىسى " كىرا ھەققى ئۈچۈن نېمىلەرنى ئوندۇرۇۋالىدىغانلىقىنىمۇ خامچوت قىلىپ ماڭاتتى .

ئۇ ، بۇرۇنمۇ تالاي قېتىم ئۆمەر باينى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ ، ئاق پادىشاھ چە ئۇلۇغ بىرىتانىيە سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، نۇرغۇن شەمشىدىنلەرنى ئوڭدا قويغان << ماھىر >> دەللال ئىدى . ئۇ لاداخقا يېقىن قالغاندا شەمشىدىنگە دەيتتى :

- مەن لاداختا بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ، ئاندىن ئارقاڭدىن يېتىمەن . ئىشلىك ئۈگىغا تارتىپ ، ئۇ يەردىن ئالىدىغان مالنى قاغىلىقلا يەتكۈزۈۋالالىساڭ ، بىرگە 10 پايىدا ئۈندۈرۈۋالىسەن ، تەلىيىڭنى يەركەندىكى << ئالتۇن دەرۋازا >> ئالدىدا سىناپ كۆرىسەن . لېكىن ، << بۆرىسى يوق جاڭگال ، ئوغرىسى يوق يۇرت بولماس >> دەيدىغان گەپمۇ بار ، يوللاردا ھوش ¨ كاللاڭ بىلەن سەگەك بولۇپ ماڭ ، ئاغىنە .

- << خۇدايىم ساقلىسا بالا يوق >> دېگەن گەپ بارغۇ ، - دېدى شەمشىدىن جاۋابەن ، - ئاللاھ ئۆزى ساقلار .

شەمشىدىن بۇ جاپالىق سەپەردە << يول ئازابى ¨ گۆر ئازابى >> دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى تېتىپ كۆرۈپ ، مىڭبىر جاپادا ئاران لاداخقا ئۇلىشىۋالدى ۋە ئىككى كۈندىن كېيىنلا تېگىشلىك ماللىرىنى تېگىشتۇرۇپ ، نەسىرىدىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە لاداختىن خۇشال قايتتى .

لېكىن ، << خۇدا ئۇرغاننى خۇداۋەردىمۇ قوشۇلۇپ ئۇرۇپتۇ >> دېگەندەك ، قايتىش سەپىرىنىڭ 4 ¨ كۈنى كېچىدە ، تىلسىم تاغ جىلغىلىرىنىڭ بىرىدە ، شەمشىدىنىنىڭ پۈتۈن مال ¨ مۈلكىنى قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى . بىتەلەي شەمشىدىن جېنىنى ئارانلا قۇتۇلدۇرۇپ قالدى .

بىراق ، بۇ دەرت ¨ ئەلەم ئۇنىڭغا يېنىك توختىمايتتى . ئۇ جېنىدىن بىزار بولۇش دەرىجىسىگە يەتتى. ئۇ ئۆيىدىكى كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ ، يولىغا قاراپ تۇرغان ئوغۇل ¨ قىز پەرزەنتلىرىنى ئېسىگە ئالدى ¨ دە ، نادامەتلىك يولنى يەنە داۋاملاشتۇردى . << ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار >> دەپ قەلبىنى ئۈمىدلەندۈرەتتى ئۇ .

شۇنداق قىلىپ ، شەمشىدىن بىر يېرىم ئايلارچە پىيادە يۈرۈپ ، ئارانلا ئۆيىگە كېلىۋالدى . ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل خوتۇنى سەلىمخان ئېرىنىڭ قورايىدەك بولۇپ قالغان تەلەتىگە قاراپ چۆچۈپ كەتتى . نارسىدە باللىرى كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلاتتى ۋە قولىغا تەلمۈرەتتى . قورۇققول كەلگەن ئاتىنىڭ يۈرىكى شۇ قەدەر سىقىلدىكى ، ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆزىدىن مونچاق ¨ مونچاق ياش قۇيۇلۇپ كەتتى .

شەمشىدىن ئەتىسى خوتۇنىغا كەچۈرمىشلىرىنىڭ زىرە ¨ زەۋىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بەردى . سەلىمخان << بىر دەرت ئىككى بولمىسۇن >> - دېدى ¨ دە ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە نېرىقى ئۆيگە چىقىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى . بۇ ناكەسچىلىك ئەر ¨ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ يۈرىكىگە ئېغىر دەرت بەرمەكتە ئىدى .

- << جان بولسا جاھان ، ئاش بولسا قازان >> جېنىمىز ئامان قالغىنى ئەۋزەل ، - دەيتتى سەلىمە ، ئېرىنىڭ كۆڭلىگە ھاي بېرىپ .

لېكىن ، شەمشىدىنىنىڭ يۈرەك جاراھىتى ھېچ ئارام بەرمەيتتى . ئۇ ، كېيىنكى كۈنلەردە ئۆزىچىلا سۆزلىگەك بولۇپ قېلىشقا باشلىدى . << ئىسنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ >> دەپ قوياتتى ، تۇرۇپ ¨ تۇرۇپلا .

ئۇ ئېزىپ ، ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ ، بوگۇنكىدەك بالا ¨ قازاغا گىرىپتار بولغىنىغا پۇشايمان قىلاتتى ¨ دە ، << ئاتا كەسپىنى تاشلىغان ، پىشانىسىنى قاشلىغان >> دەپ تەكرار ئاھ ئۇراتتى .

3

شەمشىدىن مۇشۇنداق روھىي ئازاپتا كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، كارۋان بېشى نەسرىدىن سەللالىق بىر ئادەمنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى . تېنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ، ئۇيان ¨ بۇياندىن سۆزلىگەن نەسرىدىن مۇددىئا مەنزىلگە كۆچتى ¨ دە :

- << قول ¨ قولنى تونۇيدۇ ، شەرئەت يولنى >> دەيدىغان گەپ بار . خوش ، ئۇلۇغ بىرىتانىيە ¨ ھىندى سودىگەرلەر جەمئىيتىگە بىرىدىغىنىمىز 40 سەر ئالتۇن ، خوش ، كىرا ھەققى ئۈچۈن پېقىرغا سەككىز سەر ، يەنە باج ئۈچۈن بەش سەر ، تەقسىر ، - دېدى ۋە قولىدىكى ئون خانىلىق ياۋرۇپاچە چوتنى شاراق ¨ شۇرۇق سوقۇپ جەمئىي قەرز << 53 سەر ئالتۇن >> ئىكەنلىگىنى ھېسابقا توغرىلاپ قويدى . ئاندىن شەمشىدىنىگە قادىلىپ ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

- لاداخ يولىدىكى پىشكەللىكنى ئاڭلىدىم ، تەقسىر . . . خەلقىقە << بىر خەس ، خۇدادىن بىتەقدىر تەۋرىمەس >> دىگەن گەپ بارغۇ ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ . . .

نەسرىدىن ئارقىدىن مەمەدانلىق قىلىپ ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى .

ئەس ¨ ھوشىنى يوقاتقان شەمشىدىن ئاچچىق بىر ئۇھ تارتتى ¨ دە :

- مېنىڭ ھېچ ئامالىم يوق ، ماۋۇ ئۆي ¨ ھۆيلىمىزنى لىللا باھالاپ قويسۇن ،قالغان گەپ بولسا قېنى . . . ¨ دىدى .

- ئوندان گەپ قىلدىلا ، تەقسىر ئېلىم ¨ بېرىم ئىشلىرىدا ئادىل ئىش قىلغان خۇدانىڭ دوستى ، - دېدى

سەللالىق ساقال دەرھال ، - << ئېلىشتا بىسمىللا ، بېرىشتە ئەستاغپۇرۇللا >> دىسە بولمايدۇ ¨ دە !

ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، شەمشىدىنىنىڭ قورا - جايىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ئارقىدىن باھا پىچىپ :

- مېنىڭچە . قورا ¨ جايلار 15 سەر ئالتۇنغا يارايدۇ . مۇشۇنداق بولغاندا << زىخمۇ كۆيمەيدۇ ، كاۋاپمۇ >> . . .

شەمشىدىن پىچىمنى ئاڭلاپ ، ئۇجۇقۇپلا كەتتى . ئۇنىڭ قورا ¨ جايى ئاران << 15 سەر ئالتۇن >> غا يارىغاندا ، يەنە ئۇنىڭ شىللىسىدا . . .

شەمشىدىن خۇددى ئازار چەككەن يىتىم بالىدەك ھۆكرەپ يىغلاشقا تاسلا قالدى . يۇمشاق كۆڭۈل بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ قارا كۆزىدە ئەلەم ياشلىرى ئەگىپ تۇراتتى . شەمشىدىن بىر ئازدىن كېيىن ئەس ¨ ھوشىنى يىغىپ :

- خوپ تەقسىر ، << ئاللا بەرمىگەنگە موللا بەرسۇنمۇ ؟ >> مېنىڭ باشقا گېپىم يوق ، - دېدى .

ھۆججەت يېزىلدى . ئۇچەيلەن قول بېسىشتى . نەسرىدىن بۇگۇن سائىدا شەمشىدىننىڭ بوينىغا ئۇزۇلمەس سىرتماق سېلىپ ماڭدى .

## تۆتىنچى باپ

ئۆتمە نامەرت كۆۋرۈكىدىن

سۇ سېنى ئاقتۇرسىمۇ ،

يىمە نامەرتنىڭ ئېشىنى

ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ ،

1

ئۇزۇنغا قالمايلا << ئالتۇن سىرتماق >> ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . سەلىمخان نادامەت ئىچىدە ئالەمدىن كېتىپ ، شەمشىدىننىڭ بىلى بارغانسىرى مۈكچىيىمەكتە ئىدى .

شەمشىدىن بوۋىسىدىن قالغان مىراس ¨ تەئەللۇقاتىنى نەسرىدىن كارۋان ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، يۈرەك پارىلىرىنى يېتىلەپ ، قەدىناس ماكانىدىن كۆچۈپ كەتتى ، لېكىن يىتىم قالغان پەرزەنتلىرىنى قاتارغا قوشۇش ¨ ئۇنىڭ مۈكچەيگەن يەلكىسىگە يېنىك يۈك ئەمەس ئىدى . ئۇ ، خېلى تېگىرقاشلارنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، مۇشۇ يېگى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلدى ¨ دە ، بالىخانىلىق ئىككى ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتى . << شاھلىقتىن يىقىلساڭ ناۋاي بول >> دېگەندەك ، شەمشىدىن ئالدى بىلەن بىر ساماۋەرخانا ئېچىشنى ئويلىدى . بۇ ئىشتا كونا ئوقۇغۇچىلىرى قول ¨ پۇت بولۇپ ياردەملەشتى . غۇربەتچىلىكتىكى ئۇستازىنى يوقلاپ كەلگەن شاگىرتلىرى ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ ، ساماۋەر دۇكىنىنى قولمۇ ¨ قول پۈتتۈرۈشۈپ بەردى .

بۇ ئىشنىڭ بىردىن ¨ بىر باشلامچىسى ئىرپان ئىدى .

ئىرپان سۆزۈك بۇغداي ئۆڭلۈك ، قوشۇما قاش ، كەڭ كۆكسلۈك ، ئېگىز بويى ، خۇشپىچىم بەستىگە بىغەررەڭ چىرايلىق پەشمەت چاپان ، بېشىغا بادام دوپپا كىيىپ يۈرىدىغان ساغلام ۋە خۇش تەبىئەتلىك يىگىت ئىدى . ئۇ ، شەمشىدىندە ئۈچ يىلچە ئوقۇغان ، كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ ، راۋاپ چېلىشنى ۋە ئاشپەزلىكنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن ئىدى .

ئىرپانىنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى شەمشىدىن ساماۋەرخانىسىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن كۆپ ھەسسە قوشتى .

لېكىن ، << يىتىمنىڭ ئاغزىغا ئاش تەگسە ، بۇرنى قاناپتۇ >> دېگەندەك ، شەمشىدىنىنىڭ بىردىن ¨ بىر ئوغلى پەخىردىن ئۆجمىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ، پۇتى سۇنۇپ كەتتى ¨ دە ، يېڭىلا باشلانغان خۇشاللىق يەنە قايغۇغا ئايلاندى .

بۇ خىل قاتمۇ ¨ قات بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەسرەت ئۇچىغىدا شەمشىدىنىنىڭ چوڭ قىزى ¨ چولپان چوغ بولۇپ ئۆرتەنمەكتە ئىدى .

شەمشىدىن ئامراق قىزى چولپانىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى << مەنۋى شىرىپ >> ناملىق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتابىنىڭ بىر يېرىگە ئۇستازى مەرھۇم داموللا ئابدۇقادىر قەشقىرىنىڭ جاھالەت جاللاتلىرى تەرەپىدىن قەتلە قىلىنغان ھىجرىيە كالىندار كۇنىگە توغرا كەلگەنلىكىنى پۈتۈپ قويغانىدى .مۇشۇ كالىندار ھېسابى بويىچە چولپان بۇ يىل توپ ¨ توغرا 16ياشقا كىرگەن ئىدى .

چولپان شۇنچە ئېغىر قىسمەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ ، دادىسىنىڭ دەرت ¨ ئەلەملىرىنى تەڭ تارتىشماقتا . بالىخانا ئۆيدە ئىنىسى پەخىردىننى كۈتۈش بىلەن يەنە يىڭنە ئىشى قىلىپ ، ھەر خىل نۇسخىلاردا دوپپىلارنى تىكەتتى ، ئۇ دوپپىلارنى سىڭلىسى جەملە ئارقىلىق ساتقۇزۇپ ، ئۆيىنىڭ خەج ¨ خىراجىتىنى قامدايتتى . چارچىغان ۋە پۇرسەت بولغان ۋاقىتلىرىدا << قىسسەسۇل ئەنبىيا >> ياكى << كۆللى ناۋايى >> قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇيتتى . ناۋايى ۋە پۇزۇلىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلايتتى . ئۇ ، يەنە بالىخانا ئۆيىنىڭ بوش يەرلىرىنى ئالا قويماي تەشتەكلىرىنى تىزىپ ، ھەر خىل گۈل ئۆستۈرۈش بىلەنمۇ مەلىكە بولاتتى . مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىق ئۇ بېشىدىكى سەۋدانى قوغلاپ ، بىردەم بولسىمۇ ئىچ پۇشۇغىدىن ئازات بولاتتى .

لېكىن ، ئاردىن ئانچە ئۆتمەي ، بۇ گۈزەل قىزنىڭ يۈرىكىگە سىرلىق بىر سەۋدا ¨ ئىشقى ئوتى تۇيۇقسىز تۇتاشتى ¨ دە ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆرتىنىشكە باشلىدى .

2

ئىرپاننىڭ يـاردەملىرى ، ئـىشچانلىقىنى خىلـدىن كۆزتـىپ كېلىۋاتقـان چولپـان ئۆنىڭغـا قانـداق مىننەتـدارلىق بىلدۈرۈش ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، كەلمەكتە ئىدى . كۆئلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئارزۇسى تۇتىششقا باشلىغان مۇھەببەت ھېسسياتى بىلەن بىرىكىپ كەتتى .

راۋاپ خۇمار قەشقەر يىگىتلىرى ئىرپاننىڭ مۇزىكـا ۋە ناخـشا ساداسـىغا پەرۋانە بولۇشـۇپ ، شەمـشىدىننىڭ سـاماۋەر خانىسىدىن كېتەلمەيتتى . مۇزىكىنىڭ بۇ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق ساداسـى ئىرپاننـىڭ زەخمىكـىدىن زىبـا چولپاننىـڭ دىـل ئارامىغا ئوت ياقماقتا ئىدى .

بىراق ، چولپان ئۆزىنىڭ يۈرەك بېغىشىغا ئۆچمەس ئوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى بۇ سادالارنى پەقەت بالىخانىنىـڭ كىچىـك روجىكىدىنلا ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولالايتتى .

بىر كۈنى شەمشىدىن جۈمەگە ماڭغان ۋە دۇكان ئارامى بولۇپ قالغان پۇرسـەتتىن پايـدىلىنىپ ، چولپـان بىـر تـال قىپقىزىل لەيلىگۈل قېتىغا قىستۇرۇلغان تۆۋەندىكى نەزمىنى سىڭلىسى جەملە ئارقىلىق ئىرپانغا يوللىدى :

ئارىدا تام بولمىسا كۆرسەم يارىمنى پاتمۇ پات ،

يۈرىكىمگە قان تولۇپتۇ لەيلى گۈلدەك قاتمۇ قات . . .

ئىرپان نەزىم قۇرلىرىغا كۆز يۈگۈرتىۋاتقـان چاغـدا ئۇنـىڭ كۆڭـۈل ئەينىكـىدە چولپاننىـڭ قۇنـدۇزدەك قـاپ ¨ قـارا چاچلىرى ، قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك يۇپ ¨ يۇملاق يۈزى ، قويۇق قاش ¨ كىرپىكلـىرى ، چاقنـاپ تۇرىـدىغان بىـر جۈپ شەھلا كۆزلىرى ، چاقماقتەك سۆزلىرى گەۋدىلىنىپ ، ئۇنىڭغا بولغان باللىقتىكى ئامراقلىق ئىشتىياقى ئەمدى ئوتقـا ئايلانماقتا ئىدى . ئىرپان ئۇ نەزمىگە جاۋابەن ئۆزى يادقا بىلىدىغان بىر كوپلىت رۇبائيي ئارقىلىق يۈرەك سىرىنى ئىزھـار قىلدى :

جاندىن ئارتۇق سۆيىمەن سېنى ئەي ئەزىزىم ،

ساندىن ئارتۇق سۆيىمەن سېنى ئەي ئەزىزىم ؛

ھەر قانچە سۆيىمەك ئاندىن ئارتۇق بولماس ،

ئاندىن ئارتۇق سۆيىمەن سېنى ئەي ئەزىزىم .

3

ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرلىرى ¨ جانان كىشىمشى يېڭىلا پىشقان بىر چاغ ئىدى .

دەل چۈش مەھەلدە ساماۋەر ئالدىغا ياش بىر يىگىت كېلىپ توختىدى . ئۇ ، بېشىغا بادام دوپپا ، ئۇچىسىغا چىرايلىق گىمناستۇركا ، پۇتىغا قىزىل شىبلىت كىيگەن بولۇپ ، ئوتتۇرا بوي ، ئاق يۈزلۈك ، نەۋقىران بۇ يىگىت ئۆزايىدىن قارىغاندا باشقا بىر شەھەردىن كەلگەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇراتتى . ئۇ ، ئاكىلىنىۋاتقان راۋاپ ساداسىغا مەھلىيا بولدى ¨ دە ، ھايال بولمايلا سامارەۋخانىغا كىردى ھەم بىر بۇرجەككە بېرىپ ئولتۇردى . ئىرپان بولسا راۋابنى تېخمۇ ئەۋجىگە چىقىرىپ چالماقتا ئىدى .

شەمشىدىن تەبەسسۇم بىلەن مېھمان يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

- مېھمان . زەۋقلىرى نىمگە تارتىدىكى ، شورپىغمۇ ؟ پولوغمۇ ؟ - دەپ سورىدى .

- مۇزىكا بىلەن شورپىغا ، - دېدى مېھمان يىگىت كۈلۈپ .

ئۇ تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن ، ئىرپاننىڭ ماھارىتىگە مەھلىيا بولۇپ سورىدى :

- بۇرادەر ، قانچە ياشلارغا كىرگەننسىز؟

- 19 غا كىردىم ¨ دېدى ئىرپان .

- توغرا ، مەنمۇ شۇنى مۆلچەرلىگەن ئىدىم ، - دېدى مېھمان ، - بىز تەڭتۇش ئىكەنمىز . سىز قانچىلىك ئوقۇدىڭىز ؟

- دىنى مەكتەپتە 3 يىل ، پەننى مەكتەپتە 4 يىلچە ئوقۇدۇم .

- ھازىر نىمە كەسپ بىلەن بولۇۋاتىسىز ؟

مېھمان يىگىتنىڭ بۇ سۇئالىغا ئىرپان قىلچە تېڭىرقىماستىن قەشقەر يىگىتلىرىگە خاس چۇەرلىك بىلەن جاۋاپ بەردى :

- ھازىرقى كەسپىم ¨ يېتىمچى ۋە دەردمەنلەرگە يۆلەكچى ، مۇھەببەت ئەھلىگە مۇقامچى ، مەرىپەتكە كۆيچى . . .

ئىرپاننىڭ چىچەنلىكى ، چاقماقتەك زۇۋانىدارلىقىدىن ھەيران قالغان مېھمان يىگىت قاتتىق ھاياجانلاندى ¨ دە ، زوقمەنلىك بىلەن يەنە سورىدى :

- بۇرادىرىم ئىسمىڭىز نىمە ؟

- ئىرپان .

- ئىرپان . . . دەپ ئاستا تەكرارلاپ ، ئاغزى ئېچىلىپ قالغان مېھمان يىگىت ئۆزىنىڭغا بارلىق ئىشتىياقى بىلەن باشتىن ¨ ئاياق قاراشقا باشلىدى ¨ دە ، << ئىرپان >> دېگەن ئىسىمنىڭ قويۇلغانلىقىغا ھەيرانۇ ھەۋەس بىلەن قىزىقىپ قالدى ۋە دېدى :

- دوستۇم ، ئىسمىڭىزگە مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ . بۇ شەرەپلىك نامنى قانداق ئۆلۈغ بىر زات قويغان بولغىيدى ؟

ئىرپان بىر تۇرلۇك قىزاردى ۋە كۈلدى . چۈنكى مېھمان يىگىتنىڭ سۆزلىرى ئۇنى بەك ھاياجانلاندۇرغان ئىدى . بۇ چاغدا ئىرپاننىڭ قەلبىدە : بۇ ئىسىمنى قانداق زات قويغانلىقىنى سوراۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بەلكى شۇنداق بىر زات بولسا كېرەك . . . دېگەن بىرتۇيغۇ پەيدا بولماقتا ئىدى . ئۇ يىگىتكە بۆلەكلەتتىن ئىلتىپات بىلەن تىكىلىپ ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى :

- بۇ ئىسىمنى ئۇستازىم تەۋپىق ئەپەندىم قويۇپ قويۇۋدى . . .

مېھمان يىگىتنىڭ ئەقىل ئەينىكىدە ، شۇ تاپتا ، مۇشۇ ئىككى خىل ئىسىم ئۇستىدە تەپەككۇر چوغلىرى يانماقتا ئىدى .

مېھمان يىگىتنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىمۇ ، سۆزلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆتكۈرلىكىگە ۋە ئىرپاننىڭ قىياسەن تۇيغۇ تەسەۋۋۇرىغا گۇۋاھلىق بىرىپ تۇراتتى .

- مېھمان ئۆزلىرى نەدىن كېلىۋاتىدىلا ، ئىسىم شەرىپلىرى نېمە ؟ - ئىرپان سورىدى .

- ئۈرۈمچىدىن كېلىۋاتىمەن ، ئىسمىم ¨ لۇتپۇللا .

مېھماننىڭ جاۋابى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرغان ئىرپان قولىنى سىقىپ دېدى :

- سىزنىڭ قەشقەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن . شېئىرلىرىڭىزنى ئوقۇپ ، داڭقىڭىزنى ئاڭلاپ ، بىر كۆرۈشنى ئارزۇلاپ يۈرگەن ئىدىم . سىز بىلەن دىدار كۆرۈشكىنىمگە بەكمۇ خۇشمەن .

- بۈگۈن مەنمۇ ئىنتايىن خۇشال ¨ لۇتپۇللا ، - بۈگۈن بەك خاسىيەتلىك بىر كۈن بولدى .

لۇتپۇللا ئىرپانغا زوقمەنلىك بىلەن قاراپ :

- قېنى يىگىت ، ئەمدى بىرەر پەدە مەرىپەت مۇقامىڭىزدىن بەھرىمەن بولساق قانداق ؟ - دىدى .

ئىرپان دەرھاللا راۋابىنى ئېلىپ ، يۇقىرى ھاياجان بىلەن ناخشا باشلىدى :

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل ،

باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس .

رىيازەت چەكمىگەن ئاشىق ،

ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس . . .

راۋاپنىڭ ساداسى ساماۋەرخانىنى چاڭ كەلتۈرۈش بىلەن قەشقەرنىڭ قەلبىنى تىترىتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى .

قەشقەر باھارىنىڭ گۈزەللىك پەيزىدىن ھوزۇرلانغان شائىر بىر ئاز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئىرپانغا :

- مەن يەر بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن كەلدىم . بىر ¨ ئىككى كۈن ئىچىدە تاققا كېتىمىز . سىزنىڭ ھەمسەپەر بولۇپ بېرىشىڭىزنى تەكلىپ قىلىمەن ، قانداق خالامسىز ؟ - دېدى .

ئىرپان بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھامان خۇشاللىغىدا ھاياجىنىنى باسالماي قالدى . بىراق ، شەمشىدىنىنىڭ بېشىدىكى قىيىنچىلىق ، چولپانغا بولغان ئىشتىياق ئۇيغا سېلىپ قويدى . ئۇ ، بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى .

لۇتپۇللا ئىرپاننى << ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تەڭقىس بولۇۋاتسا كېرەك >> دەپ ئويلىدى ¨ دە ، دەرھال شەمشىدىنگە ئىلتىماس قىلدى :

- ئاتا ، ئوغۇللىرى مەن بىلەن ھەمرا بولۇپ ، سەپەر قىلىپ كەلسە قانداق ؟ راقتىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس ، كېيىنچە ، توي ¨ تۆكۈن بولۇپ قالسىمۇ پۇل كېرەكقۇ ؟

<< ئوغۇللىرى >> ، << توي ¨ تۆكۈن >> دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىرپان ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى . ئۇ ، بەك ئوڭايسىزلىنىپ ، يۈزى ئېچىلمىغان قىزدەك ھۇپپىدە بولۇپ ، يەرگە قارىۋالدى . ئۇقۇشماستىن لۇتپۇللانىڭ ئېيتقان ئىككى سۆزى شەمشىدىنگە تېخىمۇ باشقىچە تۇيۇلدى . ئۇ : << چولپان بىلەن ئىرپان توي تەييارلىغىدا ئىكەن ¨ دە . . . >> دېگەنلەرنى دەرھال كۆڭلىگە كەلتۈرگەن ئىدى .

- ئىرپان ¨ مېنىڭ شاگىرتىم ، ئەپەندىم ، بېشىمغا ئەلەم ¨ كۈلپەت كەلگەندە يېقىندىن يار ¨ يۆلەك بولدى . ئۆز ئوغلۇمدەكلا قارىشىپ كەلدى . ئۆزلىرىنىڭ بۇ بالا ھەققىدىكى ياخشى نىيەتلىرىگە مەنمۇ قېتىلىمەن ، ئەمما قانداق قىلىشنى ئىرپاننىڭ ئۆزى بىر نېمە دېسۇن ، - دېدى شەمشىدىن .

<< ئۇغۇللىرى >> ، << توي >> " تۆكۈن >> سۆزلىرىنى دەپ قويغىنىغا لۈتپۇللانىڭ ئۆزىمۇ ئوڭايسىزلانماقتا ئىدى . ئۇ دەرھال سۆزنى يۆتكەپ ، - شاگىرت ئۈچۈن ئۇستامۇ ئاتا ، بەلكى توققان ئاتىدىنمۇ قەدىرلىك ئاتا ، ئىرپان ئۆزۈڭغا قالمايلا قايتىپ كېلىدۇ ، - دېدى .

ئىرپاننىڭ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بالىخانا روجىكىدىن ئاڭلاپ تۇرغان چولپاننىڭ تاقىتى تاق بولۇپ ، يۈرەكلىرى ئوت ئالماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىدىن ياش مونچاقلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى . ئۇ بېشىدىكى داكا روملىنى چۆرۈپ تاشلىدى " دە ، بالىخانا دەرىزىسىنىڭ ئىككىلا قانىتىنى ئېچىۋەتتى .

قۇياشنىڭ ئالتۇن زەررىلىرى ئۇنىڭ نۇرلۇق مەڭزىدە جىلۋە قىلىپ ، ئاق سۈزۈك رۇخسارىنى ئاجايىپ راۋانلاشتۇرماقتا ئىدى .

ئايرىلىش ئازابىغا تاقەت قىلالمايۋاتقان بۇ ئاق كۆڭۈل قىز ئۆز ئۈمىدىنى ئىنىسى پەخرىدىنىنىڭ نامى ئارقىلىق دادىسى شەمشىدىنگە ئۈنلۈك ئېيتتى :

- دادا ، ئۈكام ئىرپان ئاكام ماڭغۇزمايلى ، دەپ يىغلاۋاتىدۇ .

ئاڭلانغان بۇ يېقىملىق ئاۋاز ئىرپاننى دەرھال دەرىزىگە داخىل قىلدى " دە ، مۇھەببەت نۇرى بىلەن چاقنىغان كۆزلەر ئۇچرىشىپ ، ئوتلۇق ۋۇجۇتلاردا ھارارەت كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى .

مېھماندىن ئۇيالغان ھايالىق قىز ھوپپىدە قىزاردى " دە ، سەرھالىلا روجەكتىن يانغا داجىۋالدى .

## بەشىنچى باپ

1

??ياز دۆلەت ، قىش مېينەت >> دېگەندەك ، مانا ھەش " پەش دېگىچە زىمىستان باشلىنىپ كەتتى . قول ئىلكىدە يوق نامراتلارنىڭ بېشىدا تۇرمۇش غېمى كۆچىيىپ ، ھامماملاردا ، ناۋايخانىلارنىڭ ئەتراپىدا دۈگدىيىشىپ يۈرۈشەتتى .

قىشنى چىقىرىش شەمشىدىنىنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن تېخىمۇ قىيىن بولماقتا ئىدى . ئىرپاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن ساماۋەرخانا روناق تاپالماي قالدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە شەمشىدىن دەرت " ئەلەم دەستىدىن بارغانسىرى ئاجىزلىشىپ باراتتى . ئۇنىڭ بىردىن " بىر ئوغلى پەخرىدىنىنىڭ تاڭغان سۇنۇغى تۈزۈك تۇتماي ، تېخىچىلا بالىخانا ئۆيىدە ئىمجان ياتاتتى .

<< يازنىڭ تېزگىنى قىشتا دورا >> دېگەندەك ، كىچىك قىز جەملەمنىڭ تەرگەن تېزەكلىرى ئەمدى قىش قىينىچىلىدا قالغان ئائىلىگە بىردىن ¨بىر يېقىلغۇ بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ھىماتىسىز بۇ ئائىلىگە ئەمدى بۆلەك چارە يوق ئىدى .

شەمشىدىن ھەتتا تىزەكنىمۇ ئاياپ ، تولا چاغلاردا بالىخانا دەرىزىسى يېنىغا كېلىۋېلىپ ، ئاپتاپ سۈنۈپ مىسكىن ھالدا ئولتۇراتتى . بىراق ، << قىشنىڭ ئاپتىپى دۈشمەننىڭ كۈلكىسىچىلىك >> دېگەندەك ، ئانچىمۇ جانغا دال بولالمايتتى .

مۇشۇنداق ئېغىر پەيتلەردە چولپان ھەر دەملا دادىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئىزلەيتتى . ئۇ ، روجەك تۈۋىدە مۆكۈلىنىپ ئولتۇرغان دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ :

- دادا ، مەن ھېيتكارغا بېرىپ دوپپا سېتىپ كېلەي ، ئۆيدە يا ئۇن ، يا ياغ يوق ، - دېدى .

شەمشىدىن بېشىنى كۆتىرىپ ، قىزىنىڭ باش ¨ ئايىغىغىچە بىر قاراپ << ئۇھ !>> دەپ ، ئۇلۇغ ¨ كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۇن چىقارماي ئولتۇردى .

- دادا ! ¨ دەپ ، يەنە تەكىتلەيتتى چولپان .

- بېشىڭغا تارتقىدەك ياغلىغىڭ يوقمىدى بالام ؟ تالا ¨ تۆزگە ئاشۇنداق چىقساڭ خالايىق نېمە دەر ، قىزىم ؟

- بېشىمدا ئاددى بولسىمۇ ياغلىق تۇرۇپتىغۇ ؟

چولپان ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىي ئېغىرچىلىقىنى دادىسىغا ئوچۇق دېدى . بۇنى ئاڭلاپ ، شەمشىدىن كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ ، جىمىپ كەتتى . چولپانمۇ قېشىدا ئولتۇرغىنىچە خىيال سۈرۈپ ، يا قولى ئىشقا بارمىدى ، ياكى دادىسىدىن نېرى بولالمىدى . مۇسىبەت كۈنلىرىدەك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندا ئىشىك ئۇرۇلدى .

بالىخانىدىن ئىلدام چۈشكەن چولپان ئىشىكنى ئاچتى .

- ئەسسالام قىزىم ، سىزگە خۇش خەۋەر !

50 ياشلار قارىسىنى ئالغان ئايال كۈلۈپ كىرگەن پېتى چولپاننى قۇچاقلاپ ، مەڭزىگە سۆيۈپ كەتتى . ئايال يەنە سۆزىنى تەكرارلىدى :

- سىزگە جاھانچە خۇش خەۋەر ئەكەلدىم . ماڭا نېمە سۆيۈنچە بېرىسىز ؟

چولپان ئاياللىڭ سۆزلىكىگە ئىشىنەتتى . ئۇنىڭغا مۇڭ " زارىنى تۆكۈپ ، ئىچ " قارىنى بوشىتىۋالاتتى . ئايال ئەسلىدە پەخىرىدىنىڭ سۇنۇغىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىرپان باشلاپ كەلگەن ئۇستا تېڭىقچى ئىدى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئىككى ياشنىڭ ئارىسىدا ۋاپادار بىر ئانا بولۇپ قالغان ئىدى . شۇڭا چولپان << خوش خەۋەر >> نىڭ تېگى " تەكتىگە دەرھال يەتتى " دە ، مەڭزى ۋىللىدە قىزىرىپ ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ ، يۈرەكلىرى سىماپتەك ئويناپ كەتتى . لېكىن ئۇ ، يەنىلا بىلمەسلىككە سېلىپ :

- ئانا ، قانداق خوش خەۋەر ، ئاۋال دىسىلە ، سۆيۈنچە سىلىدىن ئايالانسۇن ، - دىدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ قويۇپلا ئىتتىك بالىخانىغا چىقىپ مارىلىدى . ئۇ دادىسىنىڭ پېشىن نامىزىغا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى " دە ، دەرھال ئارقىسىغا قايتتى . << خوش خەۋەر>>نى ئاڭلاش تەقەززالىقىدا بالىخانا پەلەمپەيلىرىدىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس " تاماس قالدى .

- دادام نامازدا ئىكەن ، ئانا ، ئاڭغىچە ئىككىمىز سۆزلىشىپ تۇرايلى ، قېنى دىسىلە قانداق خوش خەۋەر ؟

- ياق ، ياق ، ئاسانلىقچە دىمەيمەن ، ئاۋال سۆيۈنچىسىنى دىسىلە قىزىم ؟

- ماقۇل ئانا ، سىلە نېمە دىسىلە شۇ .

ئايال بۇ يىتىم قىزنى بۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئىنتىزار قىلماسلىقنى ئويلىدى " دە ، خوش خەۋەرنى يەتكۈزدى .

ئىرپان بۇ ئۆيگە 200 كويچە نەق پۇل ، چولپانغا << مەخسۇس خەت >> ئەۋەتكەن ئىدى . چولپان خوشاللىقىدا قىن " قىنىغا پاتماي قالدى . بولۇپمۇ خەت ئىچىدىكى سۆيگۈ قوشاقلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇمىد شاملىرى يانغان ئىدى :

يازدىم بۇ سالىمىنى ،

<< شەيدۇللا >> دىگەن تاغدىن ؛

كۈن " تۈن كۈيمەن ئوتتا ،

ئاشۇ ئايرىلغان چاغدىن .

ئاسمانغا قاراپ ئاخشام ،

چولپان ئىزلىدىم تاڭدا .

بىلمەي يۈرىكىم قاپتۇ ،

ساماۋەردىكى داغدا .

ئاھۇنىڭ كۆزى ئويناق ،

سىزنىڭ كۆزىڭىز شۇنچە ؛

قانداق تۇگىگەي كۈنلەر ،

بىز قايتىپ كۆرۈشكىچە .

چولپان ھارارەتلىك ھاياجان ھوزۇرىدا قوشاقنى ئوقۇپ تۇگەتتى " دە ، ئۇنى ئېلىپ كەلگۈچىنى چاك قوچاقلاپ پىشانىسگە قايتا " قايتا سۆيۈپ كەتتى ۋە چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق ئىزھارلىدى :

- رەھمەت ئانا ، سىلى بىزگە ئۈمىد چىرىقى يەتكۈزۈپ كەلدىلە ، دىلى سۇنۇق ، روھى پەرىشان دادامنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆز ئېغىزلىرى بىلەن ئېيتسىلا . . .

چولپان ئايالنى باشلاپ بالخانىغا چىققاندا شەمشىدىن نامىزىنى تۈگىتىپ ، يەنە شۇ روجىكى تۈۋىدە دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى . سالامدىن كېيىن ئايال ئىرپاننىڭ خەت " خالتىسىنى ئىككى قوللاپ سۇندى .

ھايالىق چولپان بولسا ، بۇ چاغدا بىر باھانە بىلەن ئىشكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ، ئاستا مارىلاپ دادىسىنىڭ ھالىتىنى كۈزەتمەكتە ئىدى . ئايال بولسا كارىۋاتتا ياتقان پەخرىدىننىڭ ئۇستىخىنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى .

شەمشىدىن ۋاپادار ئوقۇغۇچىسى ئىرپاننىڭ خېتىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ، چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، ئۇزۇن دۇئا قىلدى ۋە بىردىنلا تىتىكلىشىپ كەتتى . بۇ نىجاتلىق خەۋەرنى يەتكۈزۈپ كەلگەن كىشىگمۇ چىن قەلبىدىن چەكسىز ھەشقالالا " رەھمەت ئېيتتى . ئارقىدىن :

- << ئاقىللاردىن ھۆرمەت يانار ، نادانلاردىن كۈلپەت يانار >> دىگەن ئۇلۇغلارنىڭ سۆزى بەرھەق راست ئىكەن . << مەنسەپ گۆرگە يېقىن ، مەرىپەت گۈلگە >> دىگەن دانىشمەنلەرنىڭ سۆزىمۇ بەرھەق ئىكەن . ئىلاھىم ئىرپاننىڭ بېشىنى ئامان ، مۇشكۈلىنى ئاسان قىلسۇن ، - دىدى ھاياجانلىنىپ .

شەمشىدىننىڭ سۆزى ئاخىرلىششىغا چولپانمۇ ھىچنىمنى بىلمىگەن قىياپەتتە كىرىپ كەلدى .

- ئىرپان ئاكاڭ پۇل ئەۋەتىپتۇ ، قىزىم " دىدى ئاتا پۇلنى سۇنۇپ .

چولپان ھۆپپىدە قىزاردى .

2

چولپاننىڭ قولى ئەپچىل بولۇپ ، تۇرمۇشنى تىجەشلىك بىلەن باشقۇراتتى . << بار دەپ تۆكمەيتتى ، يوق سەپ كۆپمەيتتى . >>

ئىرپاننىڭ << شەيدۇللا >> دىن ئەۋەتكەن خالىسانە ياردىمىۇ ئۇلارنىڭ يوقسىزلىق يۈكىنى خېلى دەرىجىدە يەڭگىللەشتۈرگەن ئىدى .

شەمشىدىن بولسا ئۆز ئېتىقادى بويىچە << قانائەتنىڭ ئاستى ئالتۇن >> دەپ ، << بارنى ئايىماي ، يوققا كايىماي >> كۈن ئۆتكۈزەتتى .

بىراق ، << يېتىپ يېيىشكە تاغ توشماپتۇ >> دېگەندەك ئىرپاندىن كەلگەن خېمىرتۇرۇچمۇ سوزۇلغان قىشنىڭ سەرپىياتىغا سەرمايە بولالمايتتى . باش باھار كەلگەن بولسىمۇ جانغا تېگىدىغان سوغاق شامال كۈندە دىگۇدەك كۆڭۈلنى بىزار قىلاتتى .

ساماۋەرنى ھېلىغىچە يۆرۈشتۈرۈپ كېتەلمەيۋاتقان شەمشىدىن ھامان ئىچى تىت ¨ تىت بولۇپ يۈرەتتى .

- << قەشقەرنىڭ قىشى ئاز ، سوغىقى ئەتىياز >> دىگەن راست ¨ دە ، مانا قارىمامدىغان جۇدۇننى ؛ يە قول ئىشقا بارمايدۇ ، دەيتتى ئۇ ۋە پات ¨ پاتلا مۇشۇ سۆزنى تەكرارلايتتى .

ئالتۇن قەرزنىڭ قىستىشى ئۇنىڭ بېشىنى خۇددى تۆگمەن تېشىدەك بېسىپ ، يۈرىكىنى ئەزمەكتە ئىدى . ئۇ ، ۋاقىتتىن بۇرۇن ھالىدىن كېتىپ ، يۈزلىرىگە قاتمۇ ¨ قات قورۇق چۈشۈپ ، تېنى بوشاشماقتا ئىدى.

بىر كۈنى ، ئۇ ھەسرەت ئىچىدە مۈڭلىنىپ يالغۇز ئولتۇرغان چاغدا ، تۇساتتىنلا كارۋان بېشى نەسرىدىن ھېلىقى سەللىلىق ساقالنى باشلاپ كىرىپ كەلدى .

ئۇلار ، سالامدىن سوڭرە ، بارغان پېتى تۆردىن ئورۇن ئېلىپ ھاكاۋۇرلارچە ئولتۇردى . نەسرىدىن بوگۇن بېشىغا سۆلەتلىك تۇلكە تۇماق ، ئۇچىسىغا ئۇزۇن تېرىكە چاپان ، پۇتىغا خۇرۇم ئىكتوك كىيىپ ، چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن گۈل بىلەن كەشتىلەنگەن ئەنجانچە چىكەن رومال باغلىۋالغان ئىدى . رومالنىڭ ئارقا تەرەپتىكى ئىككى ساغرىسىغىچە بېسىپ تۇراتتى .

شەمشىدىننىڭ كۆزلىرى ئالاق " جالاق بولۇپ ، ئەزايىنى غۇژژىدە تىترەك باستى " دە ، پەگادا ئۇن چىقارماي قېتىپلا قالدى .

- پىقىر تىجارەت بىلەن يىراق سەپەردىن يېقىندىلا كېلىشىم ، كەلسەم قەدىناس خوتۇنۇم قازا قىلىپ ئۇ دۇنياغا كېتىپتۇ . . . " دىدى نەسىرىدىن سۆز باشلاپ .

نەسىرىدىننىڭ سۆزى ئاياقلاشماستىنلا موللا سۆز قىستۇردى :

- ئەلھۆكمىللا ، شۇنداق بولدى ، ئادەمنىڭ جېنى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىغىدىلا . بىر تىنىقتىن قالدۇقمۇ ، تۈگىگىنىمىز شۇ ، << جان بار يەردە قازا بار >> ئەمەسمۇ ؟

- ھە . . . ھىم . . . ھېلىقى ھىندى سودىگەرلىرى ئالتۇن قەرزىمىزنى كۈندە دىگۈدەك سۈيلەپ جېنىمغا تېگىۋاتىدۇ . شۇنى بويىنىمىزدىن ساقىت قىلىۋەتمىسەك بولماسمىكىن ، تەقسىر " دىدى كارۋان بېشى نەشتەر تىلى بىلەن .

شەمشىدىن مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ دەيتتى :

- ھازىر مېنىڭ تۇرغان تۇرقۇم مۇشۇ ، مېنىڭ قەرىز تۆلىگۈچىلىكىم يوق ، تەقسىر .

نەسىرىدىن ئارقىسىغا بىر غادىيىۋېلىپ ، تەكەببۇرانە تەلەپپۇزدا دىدى :

- << بېرىپ يامان بولغىچە ، بەرمەي يامان بول >> دېگەن راست ئىكەن " دە ، تەقسىر ، << نىسى بەرگەننىڭ ھالى خاراپ ، قالۇر دەپتىرگە قاراپ >> بولىدىكەنمەن " دە !

ئارقىدىنلا موللام خۇشامەت بىلەن سۆز قىستۇرۇپ :

- نەسىرىدىن باي توغرا ئېيتىدۇ ، تەقسىر ، << ئېلىشتا ھاي " ھاي ، بېرىشتە ۋاي " ۋاي >> دېسەك بولمايدۇ " دە ! " دىدى .

بۇ سۆزلەرنى شەمشىدىن ئىرەنسىز ئۆتكۆزىۋەتتى . بىراق ، نەسىرىدىننىڭ قورسىقىدا يەنە باشقىچە جىن بارلىقىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى . نەسىرىدىننىڭ ئۆزىمۇ ھازىرچە بۇنى ئېغىزدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى " دە ، ئاخىرىدا :

- بولىدۇ ، تەقسىر ، بىز بۇگۈنچە يېنىپ تۇرايلى ، لېكىن << ئالماقنىڭ بەرمىكى بار ، چىقماقنىڭ چۈشمىكى >> - دىدى " دە ، ئۇزاپ مېڭىشتى .

# ئالتىنچى باپ

ۋاقىت ئۆتكەنسىرى شەمشىدىننىڭ روھىي ھالىتى بۆلەكچىلا ئۆزگىرىپ ، << كېچىسى جۆيلۈگەك ، كۈندۈزى سۆزلىگەك >> بولۇپ قالدى ، ئۇ ، ئازاپتا بۇكچۇلگەن ئىدى .

<< ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك >> دىگەندەك ، ئەھۋالنىڭ تېگى ¨ تەكتىنى بىلمىگەن بەزى ئادەملەر ئۇنى << شەمشىدىن سەۋدايى >> دەپ زاڭلىق قىلىدىغان بولدى . راست ، دىمىسىمۇ ئۇ ھازىر دەرت ¨ ئەلەم دەستىدىن سەۋدايى بولۇپ قالاي دىگەن ئىدى ، بولۇپمۇ كېيىنكى كۈنلەردىن بۇيان كېچىسى << ئوغرى يولدا قويار ، قاراقچى چۆلدە >> دەپ جۆيلۈپ ، نالە ¨ پەرياد قىلاتتى .

بۈگۈن كېچىدىمۇ ئاشۇنداق پەرىشان چۈش كۆرۈپ ، قارا بېسىپ ئويغاندى ¨ دە ، كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدى :

. . . << ئەنە دەھشەتلىك لاداخ يولى . . . ، ئىككى تەرىپى ئاسمان ¨ پەلەك ئېگىز تاغ ، ئوتتۇرىسى ھاڭ ¨ جىلغا ، قوقۇنچلۇق قاراڭغۇ ، قاياقتىندۇر بىر تۈركۈم قاراقچىلار خەنجەرلىرىنى يالاڭلىتىپ ، قويۇندەك كېلىۋاتىدۇ . ماللار بۆلۈندى ، دەھشەت ، خۇدايىم جېنىمىزغا پاناھ بەر ! پاناھ بەر ! >>

شەمشىدىن مۇشۇنداق جۆيلۈپ ئۇخلىيالمايتتى . ئەتىسى يۈز ¨ كۆزلىرى ئىششىپ ، كالپۇكلىرى قوقاق يارىسى بىلەن قاپلىنىپ كېتەتتى ¨ دە ، بىھوش بولۇپ ئىڭراپ ياتاتتى .

ئۇ ، ئۆزىنىڭ بۇ روھىي ئازابىنى << باللىرىنىڭ دىلى بەرھەم يىمىسۇن >> دەپ ، يەنىلا يوشۇرۇن ساقلايتتى ، شۇڭا چولپان كۆپ چاغلاردا دادىسىدىن خاتىرجەم بولۇپ ، خېلى ئۈمىدۋار ئىدى . ئۇ پەقەت ئىرپاننىڭ ئوتىدىلا ئۆرتىنەتتى . ئۇ ھەر كېچىسى باشقىچە شېرىن چۈشلىرى بىلەن راھەتلىنەتتى . تەكىيگە بېشىنى قويا ¨ قويمايلا ئىرپاندىن كەلگەن قوشاقنى ئېسىگە ئالاتتى - دە ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى گۈلخان بولۇپ ياناتتى .

مېنى ھەم ئائىلىمىزنى چوقۇم ئىرپان قۇتقۇزىدۇ ، دەيتتى ئۇ ، ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىگە ئىشەنچ باغلاپ ، مۇشۇنداق چىن رىشتە بىلەن چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن ئۇنىڭ يۈرەك تومۇرلىرىدا ، سېھىرلىك سۆيگۈدىن مادار ئالغان ئىسسىق قان جۇش ئۇرۇپ ، كۈچلۈك ئىسيات قىلاتتى . گاھىدا ئۇنىڭ خىيال قۇشى مۇھەببەت ۋادىلىرىدا ئۇچقاندەك ، ئىرپان بىلەن راھەتلىنىپ سەيلىدە يۈرگەندەك شېرىن ھېسلار قۇچىقىدا ئۈزەتتى . گاھىدا ئىشىق ھارارىتىدىن ۋۇجۇدى قىزىپ كېتەتتى ¨ دە ، بىردە ئوڭغا ، بىردە سولغا ئەۋرىشىمدەك تولغىناتتى . ئۇيقۇسى كەلمىگەنسېرى تال ¨ تال چاچلىرىنى بىر بۇزۇپ ، بىر ئۆرۈپ ئويناپ ياتاتتى .

ئاتۇش تاغلىرىدىن ئۆرغۈغان شوخ شاماللار بەشكېرەم باغلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ، گۈزەل قەشقەرنىڭ مىسكىن بىر بالىخانىسى دەرىزىسىدىن كىرىپ چولپاندىن ئىبارەت بۇ غەمگۈزار قىزنىڭ كەڭ پىشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ماڭلاي چېچىنى خۇددى مايسىنى تەۋرەتكەندەك يەلپۈپ تاراپتتى .

روجەكتىن قىيپاش چۈشكەن تولۇن ئاينىڭ ئالتۇن شولىسى ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىق سىياقىغا تېخىمۇ گۈزەللىك ھەسسىنى قوشۇپ ، ئۇنى بەئەينى بۇيۇك راۋاق ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان ھۆر ¨ پەرى سىماسىغا ساھىپ قىلاتتى .

چولپان ھەر ئەتىگىنى ھەممىدىن بالدۇر ئويغىناتتى ¨ دە ، تەشتەكتىكى گۈللىرى بىلەن مەلىكە بولاتتى .

<< خىيال كېچىدە ئېچىلار ، گۈل سەھەردە >> دەيتتى ئۇ . دىمىسىمۇ ھازىر ئۇنىڭغا خىيال بىلەن گۈل ئەمەك ئىدى .

قىش كېتىپ ، ئىللىق باھار كېلىشى بىلەن شەمشىدىن ئاغرىقچانلىقىغا قارىماي ، ساماۋەرنى قايتىدىن ئىشقا سېلىش كويىغا چۈشتى .

<< قانچىلىك ئۇخلىساڭ ، شۇنچىلىك ئاچ قالىسەن >> دەپ ئۆز ئۆزىنى قامچىلايتتى ئۇ .

چولپان بولسا ئىرپانغا مەنزۇر كەلگەندەك دوپپا كويىدا گۈل نۇسخىلىرىنى تاللاش بىلەن بەنت ئىدى .

- ئاچاڭ دوپپىسىنى تىكىۋەرسۇن قىزىم ، - دېدى شەمشىدىن جەملەگە ، - ئىككىمىز بولساقمۇ مىدىرلىغاچ تۇرايلى .

باھار كىرگەندىن كېيىن راست دېگەندەك شەمشىدىن خېلىلا ئۇمىدلىك بولۇپ قالغان ئىدى . ئۇ ئارىلاپ :

<< ئۈمىد ياشىنىتىدۇ ، غەم قاخشىتىدۇ >> دەپ جەملەنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ، ساماۋەر ئىشىغا ئۇنى ھەمكارلاشتۇرماقچى بولاتتى .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى شەمشىدىن خىيال بىلەن ئولتۇرغان بىر پەيتىدە ، تالادىن قېرى كىشىنىڭ قاتتىق يۆتەللىرىگە قوشۇلۇپ ئاياغ ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئىشىكمۇ ئۇرۇلدى . بۇ چاغدا بالىخانىدىن چۈشكەن چولپان تۆۋەنكى ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان چوڭ ياشلىق بىر ئەر ، بىر ئايال كىشىگە ئۇچراشتى ، ئايالنىڭ قولتۇقىدا بىر يوغان داستىخان بار ئىدى .

شەمشىدىن كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى ¨ دە ، << مېھمانلار >> نى ئۆيىگە تەكلىپ ئەتتى . چولپان قورۇنۇپ ، بالىخانىغا چىقىپ كەتتى .

بۇ كەلگەن مېھمانلار خۇددى << ئاختامنىڭ چالمىسى ياماق ، ئادەمنىڭ لالمىسى >> دېگەندەك ، نەسىرىدىن كارۋان بېشىنىڭ چولپان ئۇچۇن ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ رەپتارىنى كۆرگەن ھامان ئاتا ¨ بالىنىڭ تەڭلا ئەرۋايى ئۇچتى . چولپاننىڭ پاك ۋە غۇبارسىز قەلبىنى بىر دەمدە يەنە ئېغىر غەشلىك باستى .

ئۇ ، بىر ئازدىن كېيىن ئەس ¨ ھوشىنى يىغىۋېلىپ :

توختا ، << دۈشمەننى كۆندۈزى ئويلا ، كېچىسى پايلا >> دېگەن ئاتا ¨ بوۋىلىرىمىزنىڭ سۆزى بىكار بولمىسا كېرەك ، دىدى ئىچىدە .

ئۇ يېنىك قەدەم ئېلىپ ، پەلەمپەيدىن ئاستا پەسكە چۈشتى ۋە بايىقى << مېھمانلار >> كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلىقىنى ياقتى :

- تەقسىر ، بۇگۈن ھوزۇرلىرىغا ، - دەيتتى سەللالىق ساقال سانىڭ قۇيرۇقىدەك كەك پومپايغان ساقلىنى قول بارماقلىرى بىلەن تاراپ ۋە قاپاقتىن سۇ قۇيۇلغاندەك ناساز كۇلۇپ ، - ئەلچىلىك ئۇچۇن كېلىۋاتىمىز ، مانا ، بۇ ، نەسىرىدىن كارۋان بېشىنىڭ داستىخنى . ئۆزلىرىگە مەلۇم بولغىنىدەك ، كارۋان بېشىنىڭ قەدىناس خوتۇنى قازا تاپقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ مال ¨ دۇنياسى قارىغۇچىسىمۇ بولمىغاچ چېچىلىپ يېتىپتۇ . شۇڭا بىزنىڭ خالىس مەھلىمەتىمىز بويىچە ، چولپان قىز ئاشۇ مال ¨ دۇنياغا ئىگە بولسا ، مادامكى ، << بوغداينىڭ باھانىسىدا قارمۇق سۇ ئىچكەن >> دەك ، جاناپلىرىمۇ غۇربەتتىن بىر يولى خالاس تېپىپ ، ئالتۇن قەرزلىرىمۇ بويۇنلىرىدىن ساقىت بولۇپ كېتىدۇ ، ئەمەسىمۇ ؟ ئەلچى دەللالنىڭ بۇ چايان سۆزلىرىنى ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ ، خۇپيانە ئاڭلاۋاتقان چولپاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەنلىشىپ ، ئۆزىنى باسالماي قالدى . شەمشەدىن تېخىمۇ كۆچلۈك غەزەپكە كەلدى ¨ دە ، ئاچچىق تەنە بىلەن :

- << بوزەكنى بوزەك قىلمىسا ، قىيامەتتە سورىقى بار >> دېگەن تەمسىل راست ئىكەن ¨ دە ، تەقسىر . لېكىن << ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشىدۇ >> غانلىقىنى ئوبدان بىلىۋالدىم . مەن ئەمدى كەچكىچىلا << سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم >> بولۇۋەرمەيمەن ، - دىدى .

ساقاللىق ئەلچى يەنە گەپ يورغىلىتىپ :

- تەقسىر ، ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالسىلا ، << پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلاش >> قا بولماس ، << ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ، ئويلاپ سۆزلە دىگەن گەپ بار ¨ دە ، دىدى .

- بولدى بەس ، بۇرۇن ئالدانغانلىرىمىزمۇ يېتەرلىك ، << ئىچىدىن ئۆرۈپ ، ئۆپكىسىنى قاقماقچى >> بولغان قاپقانغا ئەمدى دەسسىمەيمەن . بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بىزگىمۇ ھەققەتنىڭ چىرىقى يېنىپ قالار .

شەمشىدىن سۆھبەتنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولۇۋىدى ، لېكىن >> جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا >> بولغىنىدەك ، كارۋان بېشىنىڭ بۇ لالىملىرى خوجايىنىدىن كەلتۈرۈۋالىدىغان >> نەپ >> تىن مەھرۇم بولماسلىق ئۈچۈن ، رودۇپايلىق قىلىپ ، بىزىرىپ تۇرۇۋالدى :

- تەقسىر ، >> ھەققەتلىرىنىڭ دەستىسى ئالتۇنغا بېكىتكىلىك >> ، ئۆزلىرىنى تۇرۇۋاتقان ئۆي بىلەن ھەققەت ئوردىسىنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق ، مېنىڭچە ، تەتۈرلۈك قىلماي ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلسىلە ئوبدان بولاتتىمىكىن ؟

- ھەممىنى چۈشەندىم ، چۈشىنىۋاتىمەن . ئەلەم ئۈستىخاندىن ئۆتۈپ ، جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالغان ھازىرقى پەيتىمدە تېخىمۇ چۈشىنىۋاتىمەن . ماڭا ئەمدى >> ھاقارەتلىك كۆنۈمدىن ، سائادەتلىك ئۆلۈم ئەلا . >> مەن ھەرگىزمۇ مەسۇمە قىزىمنى ئوتقا ئىتتىرىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ ئۆۋاللىق دەردىنى تارتالمايمەن .

ئىشىنىڭ چىڭغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن سەللالىق ساقال پاسكارىغا چۈشۈپ ، كۆچۈكلەنگىلى تۇردى :

- بىز بىر ¨ بىرىمىز بىلەن ئېقى كېلىشمەيدىغانلاردىن ئەمەس ، تەقسىر ، بىز بۇ ئىشلارنى كېيىنچە يەنە سۆزلىشەيلى ، خەير ، ئامان بولسىلا ،تەقسىر .

ئەلچىلەر داستىخاننى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى ، شەمشىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ :

- داستىخان قايسى تەرزدە كەلگەن بولسا ، يەنە شۇ بويىچە قايتىپ كەتسۇن ، - دېدى . >> قايناق سۇ ئىچ ، كۆڭلۈك تىنچ ،>> كۆڭلۈم بۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەملىكنى خالايدۇ .

شەمشىدىننىڭ دەككىسىدىن ئەلچىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ¨ دە ، كېيىن يەنە قانچە قىلسىمۇ بولماي ، كەلتۈرمىشنى قولتۇقلاپ سالپايغانلىرىچە ماڭدى .

## يەتتىنچى باپ

1

ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرلىرى ئىدى .

ئۈزاق تارىختا ئىگە بۇ قەدىمى شەھەر ، مۇشۇ كۈنلەردە ياپ ¨ يېشىل باھار لىباسىغا پۈركۈنۈپ ، خۇددى سەلتەنەتلىك بويۇمدەك ، ئاجايىپ گۈزەل بىر تۇسكە كىرگەن ئىدى .

شەھەرنى غەربىي شىمال تەرەپتىن ئوراپ ، شەرقىي جەنۇپ تامان ئېقىپ ئۆتىدىغان مەشھۇر تومەن دەرياسى باھار مەۋسۇمىدىكى شاۋقۇنلىرى بىلەن ئەزىزانە قەشقەر شەھرىنىڭ قايناق ھايات مۇزىكىسىغا ھېسسىياتلىق كۈي قوشۇپ تۇراتتى . دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ھېساپسىز گۈزەل باغلار ، بوك " باراقسان ئورمانلار شەھەرنىڭ تەبئىي گۈزەل مۇھتىنى تېخمۇ كۆركەملەشتۇرۇپ ، كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى ، كۆڭۈلنى بىئىختىيار ئۆزگە مەھلىيا قىلاتتى .

بۈگۈن پەيشەنبە ، ھېيتكار جامائەسى ئەتراپىدا ، چوك " كىچىك رەستىلەردە قايناق ھايات جۇش ئۇرۇپ ئادەملەر توپى گويا دولقۇنسىمان ئاقاتتى . دەل چۈش بولغان مەزگىل . قوياش ئالتۇن نۇرلىرىنى تەكشى سەپمەكتە ئىدى .

بىر يىللىق تاغ سەپىرىنى كۆڭۈللۈك ئاياقلاشتۇرۇپ كەلگەن ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا مەغرۇر ۋە دەربەست قەدەم تاشلاپ ، ھېيتكارنىڭ قاق ئوتتۇرسىدىكى بىر بوشلۇققا بېرىپ توختىدى .

- يۇرۇڭ ، جان قورغانغا . . .

لۇتپۇللا ئەتەي ئىغىز ئېچىپ ، ئىرپاننى غىدىقلىدى .

ئىرپان كۈلۈمسىرەپلا قويدى ۋە گەپنى بۇراپ :

- تاماق يەۋالايمىزمۇ ؟ - دىدى .

- جان قورغانسىز ، گېلىڭىزدىن تاماق ئۆتمەيدۇ ؟ يا ئۆزىڭىز يالغۇز . . .

- چاقچاقلىرىڭىز قىزىق ھە ، يوشۇرىدىغان ئىش يوق ، باراساق بىللە بارىمىز . يۇرۇڭ ئەمسە . . .

سەپەردە ئىنچىكە ئۇچەيلىرىگىچە سىرداشقان بۇ ئىككى نەۋقىران يىگىتلەر قولتۇقلىشىپ ماڭدى . قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئۆز " ئارا ھال " موڭ بولۇپ يۇرۇش ئارقىلىق لۇتپۇللا شەمشىدىن ئائىلىسىنىڭ ئالتۇن تىرادىگىيىسى ئاڭلىغان ، شۇڭا ئېرپاننىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۇرۇشكە كۈچ چىقارغان ئىدى . ئىرپاننىڭ قولىدا ھازىر تويغىمۇ يەتكىدەك سەرمايە جۇغلانغان ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر ئاشخانىدا ئوبدان تاماقلانغاندىن كېيىن ، ئاندىن جان قورغانغا قاراپ يۇراي " دە ، ئەنجان كوچىسىدىكى بىر گەزمال دۇكىنىنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ سوغا " سالام ئۇچۇن نەرسە ئالماق بولۇشتى .

دۇكانلارنى ئارىلاپ ، ھەممىسگە لايىغىدا رەختلەر ئېلىنىپ بىر سومكىغا قاچىلاندى . ساماۋەرخانىنىڭ خاراپىزارلىقىنى كۆرگەندە ، ئۇلار ھاڭقاتقىنچە تورۇپلا قېلىشتى .

چەللە ¨ باراڭ ، ئۇچاق ۋە تونۇرلار ۋەيران بولۇپ ، ئۇڭ تەرەپتە چالما ¨ كىسەك پارچىلىرى ، سول تەرەپتە بولسا كۆل ، ئەخلەت ۋە چاۋا ¨ چاتقاللار دۆۋلىنىپ ياتاتتى . ئىككى يىگىت بۇ ئالامەتلەرگە ھەيرانۇ ¨ ھەلەسلىكتە قاراپ تۇراتتى . ئاردىن ئانچە ئۆتمەيلا بۇ يەرگە ياندىش خالتا كوچىدىن كىيىملىرى جۇل ¨ جۇل بىر قېرى دىۋانە چىقىپ كەلدى . يوغان بىر قارا ئىت ئۇنىڭغا قاۋاپ توختىماي كاۋشىپ كەلمەكتە ئىدى . ھەر ئىككى يىگىتنىڭ تەڭلا ھەركىتى بىلەن قارا ئىت بەدەر قاچتى . بىچارە سەرگەردان بىر ھازاغىچە ھاسىراپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى . ئۇلار سەدىقە بەردى ۋە شەمشىدىن ئائىلىسىدىكىلەرنى سورىدى . دىۋانە دەپ بېرەلمىدى . شۇ ئەسنادا كەكە ساقال كىشى سالامدىن سۆڭرە ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى :

- شەمشىدىن ھازىر سەۋدايى بولۇپ قالغان . بىر نەچچە كۈن بولدى كۆرۈنمەيدۇ ، بىر بولسا ھەزرەتتە ، بىر بولسا ھەزرىتى موللام مازىرىدىمىكىن ، - دېدى ئۇ كىشى .

- سىز قاچانراق كۆرگەن ئىدىڭىز ؟ - ئىرپان يەنە سورىدى .

- ئۈچ كۈن بولدى .

ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا بالىخانا ئۆيىگە كىرگەندە چولپاننىڭ سۆلغۇن چىرايى ئاجايىپ كۆرۈنەتتى ، ئۇ ئىپپەتلىك قىزلارغا خاس نومۇسچانلىق بىلەن ئىرپاننىڭ دىدارىغا تىكىلىپ قارىيالمىدى .

بىر مەھەل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى . لېكىن جاھاندىن بىخەۋەر كىچىك پەخرىدىن ئىرپاننىڭ قولىدىكى راۋاپنى ئېلىپ تارائىلىتىپ ، جىمجىتلىقنى بۇزماقتا ئىدى .

- ئىرپان ئاكا ، مەن ھازىر ساقىيىپ كەتتىم . ئەمدىغۇ راۋاپ چېلىشنى ئۆگىتىپ قويارسىز ؟ - دەيتتى ئۇ ، ئىرپاننىڭ پىشانىلىرىگە سۆيۈپ ئەركىلەپ .

لۇتپۇللانىڭ سۆزى ئۆيدە جانلىنىش پەيدا قىلدى ۋە تارتىنىش پەردىسىنى قىسمەن بولسىمۇ ئاچتى :

- مەن ئىرپاننى باشلاپ كەتكىنىمگە بىر يىل بولدى ، - دىدى ئۇ ، - ئەمدى سىلەر بىلەن تۇرىدۇ ، شەمشىدىن ئاكا بولغان بولسا ، ئەپۇ سورىغان بولاتتىم .

چولپان دادىسىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى .

ئىرپان سومكىسىدىن سوۋغىلىرىنى ئېلىشقا باشلىدى ھەمدە رەھمەت تازىمىدىن كېيىن ، چولپان چىرايلىق بىر جۈپ دوپپىنى لۇتپۇللاغا تەقدىم قىلدى . ئىككى يىگىت بىردىن كىيدى . لۇتپۇللا : مەن ئۈرۈمچىگە قايتقىچە شەمشىدىن ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ ، ئاندىن كېتىمەن .

- سىز كېتەمسىزا لۇتپۇللا ئاكا ! . . .

2

ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا شەمشىدىننى ئىزلەش قارارىغا كەلدى .

- ئۇ ئىككى چوڭ مازارنى مېنىڭمۇ كۆرۈش ئۈمىدىم بار ئىدى . ھەر ئىككى جايغا مەنمۇ بارايي ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەمشىدىن ئاكىلارنىڭ ئۆيىدىن سىزنى باشلاپ كېتىپ قالغىنىم ئۈچۈن ئۇلار نۇرغۇن دەرت تارتىپتۇ . ھازىر گېئولوگ ئەترىتىنىڭ ئىشى ئاخىرلاشتى . ئۇلار ئىشنى خۇلاسە قىلىپ بولغىچە مەنمۇ بىر ¨ ئىككى ھەپتىگىچە قەشقەرنى كۆرۈپ كېتىشىم كېرەك ، - دېدى لۇتپۇللا .

- بۇ پىكرىڭىزگە جان ¨ دىلىم بىلەن قوشۇلىمەن ، - دېدى ئىرپان ، - خالىغان يېرىڭىزنى كۆرستىشكە تەييارمەن . مېنىڭچە ، ئۇستازىم شەمشىدىننىڭ موللا دانىش ناملىق كىتابپۇرۇچ دوستى بار ئىدى ، ئاۋۋال شۇ كىشى ئارقىلىق ئىز ¨ دىرىگىنى ئېلىپ باقساقمىكىن .

لۇتپۇللا قوشۇلدى . ئۇلار كىتابپۇرۇچنىڭكىگە ماڭدى .

قۇم دەرۋازىغا كېتىدىغان يولنىڭ ئوڭ قاسنىقىدا ئەپچىل دۇكان مەرىپەت ئەھلىنىڭ دىققىتىنى داخىل قىلاتتى . دۇكاندىكى قەۋەت جاۋەنلەردە خۇرۇم مۇقاۋىلىق ۋە قاتتىق تاشلىق نۇرغۇن كىتابلار رەت ¨ رېتى بىلەن تىزىقلىق تۇراتتى.

دۇكاننىڭ ئالدى سۇپىسىدا بولسا ، ھەر خىل دورا ¨ دەرمەكلەر بىلەن تۈرلۈك مېۋە ¨ چېۋىلەر ۋە ئوتاش ئۇرۇقلىرى ئايرىم ¨ ئايرىم خالتىلارغا قاچىلىنىپ ، ئېغىزى ئېچىقلىق تۇراتتى .

دۇكان ئىگىسى ¨ زىلۋا ، ئېگىز بوي ، ساقال بۇرۇتلىرى شالاڭ كەلگەن ، يېشى تەخمىنەن 50 لەردىن سەل ئۆتكەن بىر كىشى بولۇپ ، ئۇ ھازىر كۆزەينىكىنى تاقاپ ، تىزىغا قويۇۋالغان قاراخۇرۇم مۇقاۋىلىق چوڭ بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى . ئۇ ، كىتابقا زېھنىنى شۇنچە بەرگەن ئىدىكى ، ھەتتا ئىرپانلار كېلىپ خېلى بىر كەم بولغىچىمۇ بىلمىدى .

ئىرپان ئاخىرى :

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، دانىش موللىكا ، - دېدى كىتابپۇرۇچىنىڭ دىققىتىنى تارتماق ئۈچۈن .

موللا دانىش ئىرپاننى غۇۋا ئېسىگە ئالغاندەك قىلدى ، لېكىن شۇمۇ ئەمەس دەپ دەرگۇمان بولۇپ ، ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىغاچ كىتۇۋىنىڭ قېتىغا خەتكۈچىنى قىستۇرۇپ ياپتى " دە ، سورىدى :

- خوش ، ئۇكام ، كىتاب كېرەكمۇ ، يا ئۆرۈقمۇ ؟

ئۇنىڭغىچە لۇتپۇللا سوئال بېرىپ ئۈلگۈردى :

- موللىكا ، مۇشۇ كىتابلار بىلەن تىرىكچىلىك قانداقراق ئۆتىدۇ ؟

دۇكاندار پىسىڭگىدە بىر كۈلۈپ قويىدى " دە :

- << ئاز يىغساڭمۇ هالال يىغ >> دەيدىغان سۆز بار ئەمەسمۇ ؟ دۇكان ، دىمەك " بىر كان . . . ، - دېدى . بۇ كىچىك دۇكاندىكى تۆت خىل نەرسە تۆت چوڭ هىدايەتنىڭ هۇلى دېسىلە ، مانا قارىسىلا ، جاۋەندىكى تەۋەرۇكلەر بولسا مۇقەددەس مەرىپەت مەشئىلى ؛ ماۋۇ خالتىدىكى ئۈرۈقلار بولسا سائادەتنىڭ شاهىدى ؛ ئاۋۇ خالتىدىكى دورا " دەرمەكلەر بولسا هاياتلىقنىڭ شىپاسى . . . شۇڭا مەن مۇشۇ هالال كەسپىنى تاللىۋالدىم ، تەقسىر .

دۇكاندارنىڭ بۇ مېغىزلىق پارىڭى ئىككى يىگىتنى تولىمۇ مەمنۇن قىلغان ئىدى . بىراق ، شەمشىدىن توغرىسىدا موللا دانىش ئۇنى يېقىندىن بويان ئۇچراتمىغانلىقىنى ئىزهار قىلدى ، ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا دۇكاندارغا رەهمەت ئېيتىپ خوشلاشتى .

ئەتىسى ئۇلار ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ، كۆن چىقىشقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى . كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەهەلدە ئاجايىپ گۈمبەزنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى . گۈمبەزنىڭ جەنۇپقا قارىغان هەشەمەتلىك ئىشىكىگە ئادەمنىڭ بېشىدەك يوغان قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاچقۇچىمۇ قېرى شەيخنىڭ ئالقىنىغا لىق كېلەتتى . بۇ مەشهۇر << هەزرىتى ئاپپاق >> نىڭ گۈمبىزى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاسمان " پەلەك چوققىسىدا ئادەملەر << ئالتۇن >> دەيدىغان سېرىق هەل هەيۋەتلىك يالتىراپ تۇراتتى .

ئۇلار گۈمبەزنى ئايلىنىپ يۈرۈپ شەمشىدىننى ئىزلەش بىلەن قوغاننىڭ مەنزىرىسىنىمۇ تازا تاماشا قىلماقتا ئىدى .

بۇ يەردىكى هېساپسىز ئۇجمىلەر مەي بولۇپ ، باغلاردىكى ئۆرۈكلەرمۇ ئالتۇندەك سارغىيىپ تۇراتتى . ئۇلار ئارىلاپ يۈرگەندە ، يېقىندىلا جىدىن ۋاراپ ئاۋازى ئاڭلاندى " دە ، ئىككەيلەن شۇيان ماڭدى .

ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدا شاخلىرى باراقسان ئۆسكەن چوڭ دەرەخنىڭ سايىسىدا بىر توپ بەگلەر سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشاتتى . كۈننىڭ شۇنچىۋالا ئىسسىپ كەتكىنىگە قارىماي ئۇلار ئۇچلىرىغا سالما ياقىلىق قىلىن جەندە چاپان ، باشلىرىغا كونراپ كەتكەن سالۋا تۇماقلارنى كىيىۋالغان بولۇپ ، ھەممىسىنىڭ چرايلىرى ساماندەك سارغايغان ، خىرە كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، يۈزلىرىنى يۇمغىلىمۇ بىر قانچە ئايلار بولغاندەك يۇندا چراي كۆرۈنەتتى . بۇ دەرۋىشلەر چەمبەر ياساپ ھالقىسمان ئولتۇرۇشقان مايداننىڭ تكرىدىكى گۈلخان ۋىل ۋىل يېنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ يېنىغا كالتە پۇتلۇق شىرە ئۈستىگە ئۈزۈن ساپلىق ساپ " سىرىق چىلىم قويۇلغان ئىدى . بومبا ساقاللىق << بوۋا >> ① ئالدى بىلەن چىلىمنى خولدۇرلىتىشقا باشلىدى . نەشىنىڭ پۇرىقى ئەتراپنى بىر ئالغان ، بەتبۇي بۇسلار پاك كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرۇپ بېشىنى قايدۇراتتى .

<< بوۋا >> بەڭنى قاتتىق شوراپ ، شۇنداق دەھشەتلىك يۆتىلەتتىكى ، ئۇنىڭ ھەر تەرەپلىرى تەڭلا پۇرۇلداپ چىققان ئاۋاز ۋە ئاچچىق تۈتۈننىڭ زەھىرى بىلەن كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كېتەتتى . ئۇ كىر چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن يېشىنى ئېيتاتتى " دە ، ئاندىن چىلىمنى ئۇلپىتىگە تۇتاتتى . شۇنىڭ بىلەن چىلىم دەرۋىشلەر ئارىسىدا دەۋر قىلىپ تۇراتتى .

دەرۋىشلەرنىڭ كۆزلىرى خۇمالاشتى . << بوۋا >> بىسارەت بېرىپ :

- قىنى ئەمىسە ، راسا بىر جەھرى بىجا قىلىمىز ، قىنى رۇسۇل راۋاپنى ئال ، سوپى ئاللا يار پىرىمنىڭ نەزمىسىگە چاك ! " دىدى .

رۇسۇل : جان تەسەددۇق دىدى " دە ، تەركى دۇنيالىق نەزمىلىرىنى باشلىدى . ئاندىن دەرۋىشلەر تۇشمۇ " تۇشتىن قوشۇلۇپ ، << ئاللاھۇ >> دەپ جاھالەت درامىسىنى باشلىۋەتتى .

ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا << مۇقەددەس گۇمبەز >> سەھنىسىدە ئوينالغان نادامەت درامىسىنى كۆرۈپ بىزار بولۇشتى " دە ، شەمشىدىننى بۇ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن ، ئەمدى ئۇيال ھەققىدە مۇڭدىشىپ ياندى .

3

سۇبھى سۈزۈلگەن ، تورغايلار ئويغانغان مەھەلىدە مەيلىك چىققان ئىككى يىگىت بالدۇرلا ئۇيالغا يېتىپ كەلدى . بۇ چاغلار بۇ يەردە << ھەزرىتى موللام سەيلىسى >> قىزىپ كېتىۋاتقان كۈنلەر ئىدى . ساپ ھاۋالىق بۇ گۈزەل يېزا پامىر ئىگىزلىكىنىڭ بوسۇغىسى ھېساپلىناتتى .

يېزىنىڭ شىمال تەرىپى ئاق تاغ ئارقىلىق ئۈستۈن ئاتۇشتىن ، غەرپتە مەشھۇر قىزىل دەريا ئارقىلىق ئاقتۇ يايلاقلىرىدىن ئايرىلىپ تۇراتتى . غەرپكە ئۆرلىگەنسېرى تاكى مۇز تاغ ئېتەكلىگىچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاتمۇ " قات يېشىل قارىغايزارلىقلار ، بۇ تەرەپلەردىكى ئۈجمىزار ۋە باغلار بىلەن تۇتىشىپ ، قەشقەرنىڭ جامالىغا سۆسەن قوشاتتى .

بۇ يەرگە << ھەزرىتى موللام سەيلىسى >> ئۈچۈن تەرەپ " تەرەپتىن ئادەملەر دولقۇنى سەمەپ كېلىشمەكتە ئىدى . قارامالاندەك دەۋرەپ كېلىۋاتقان سەيلىچىلەرنىڭ گايىلىرى ئاتلىق ، ئېشەكلىك ، گايىلىرى ھارۋىلىق بەزىلىرى پىيادە بولۇپ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى .

سەيلىچىلەر << نوزۇربۇلاق >> نىڭ مەرۋايىتتەك سۈيىدىن ئىچىشەتتى ۋە قاپاق ، ئۇۋرىقلىرىغا تولدۇرۇپ ئېلىشاتتى . ئۇلار نۆۋەتتە << ھەزرىتى موللام قەۋرىسى >> نى ۋە ئۇ بۈيۈك قەۋرە ئالدىدىكى << ھاي " ھاي تېرەك >> نى ئايلىنىپ دەۋرى " دۇئا قىلىشاتتى .

ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا شەمشىدىننى مانا مۇشۇ تېرەك تۈۋىدىكى بۇلاق بويىدىن تاپتى .

## سەككىزىنچى باپ

دەۋاگەر سۈس بولسا ،

قازى مۇتىھەم بوپتۇ .

- خەلق ماقالىسى

شۇنداق قىلىپ ، يېتىم " يېتىمە ۋە بوزەكلەرنىڭ ھامىسى بولغان بۇ ئىككى نەۋبەر يىگىت بىرلىشىپ ، شەمشىدىننىڭ نامىدا نەسرىدىن باينىڭ ئۈستىدىن ئەدلىيە مەھكىمىسىگە ئەرز سۇندى .

شەمشىدىننى چاقىرتقان كۈنى ئىرپان بىلەن لۇتپۇللا بىللە باردى .

شەھەرلىك ئەدلىيە مەھكىمىسى قۇمدەرۋازىسى يېنىدىكى " ئىگىسى شىڭ شىسەي تۈرمىسىدە ئۆلگەن بىر باينىڭ قورۇسىدا ئىدى .

ئۇلار كەلگەندە ، << رەئىس ئەپەندى >> كۆزەينەكنى تاقىۋېلىپ ، ئۈستىلى تۆپىسىدە دۆۋلىنىپ تۇرغان بىر پاتمان ماتېرىياللىرىنى كۆرۈۋاتقان ئىدى . ئۇ ، بېشىغا قارا مەخمەل تەقىيە ، ئۈچىسىغا قارا كاجىغا ئوخشايدىغان رەختتىن پەشمەت كىيىۋالغان ، ئېگىز بويى ، سوزۇق يۈز ، سوقا باش ، پال كۆز ، چا بۇرۇت بىر كىشى ئىدى . ئۇنىڭ مەيدە يانچۇقىغا سېلىۋالغان سائەتنىڭ كۈمۈش زەنجىرى بىر سويامچە ئۈزۈنلۇقتا ساڭگىلاپ تۇراتتى .

ئۇ ، ئاۋۋال ئۆزىنى دەستلىك تۆچ غاڭزىسىغا تاماكا چېكىداپ تۇتاشتۇردى ¨ دە ، ئۇنى خۇددى ئاچ كالا سۇ ئىچكەندەك سۈمۈرۈشكە باشلىدى . ئۇنىڭدىن ئېغىزنى ئۇزمەي تۇرۇپ ، يېنىدىكى كاتىپلىرىغا بىشارەتلىك قاراپ ، ئاندىن ئۇدۇل تەرەپتە ئولتۇرغان دەۋاگەرلەرگە نەزەر تاشلىدى ۋە شەمشىدىندىن :

- خوش ، ئەرز يېزىشتىكى مەقسەت ¨ مۇددىئايىڭىز نىمە ئۈچۈندۇر ؟ - دەپ سورىدى .

سۇئال بىلەن تەڭ لۇتپۇللا دەس تۇردى ¨ دە ، رەئىس مۇنبىرىگە يېقىن كېلىپ :

- دادىخانىڭ ئالدىدىكى دەۋاگەرنىڭ ئەقلى ¨ ھوشى ھازىر جايىدا ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ۋاكالەتچىلىك قىلىمەن . جاۋاپكارلارنىڭ ئۇۋال قىلىشى نەتىجىسىدە ، ئۇ روھىي كېسەلگە مۇپتىلا بولغان . بالىلىرى خانىۋەيران . . . ، - سۆزلىدى .

- بولدى . . . بولدى . . .

- ياق تېخى بولمىدى .

سوت كاتىپلىرى سۆزلەرنى سامان قەغەزگە يېزىپ تۇراتتى . رەئىسمۇ قۇمۇش ساپلىق قەلىمىنى ئېگىز پەس ماڭغۇزۇپ ، قىزىل كاتەكچىلىك ئۆزۈن دەپتىرگە يېزىپ ئولتۇراتتى ، ئۇ ئادەم خەنزۇچە خەتنىڭ ماھىرى بولۇپ ، ئۇ يازغان ھۆسنخەتلەرنى كۆرگەن خەنزۇلارمۇ ھەيران قالاتتى ، شۇڭا ئۇ ، شۆتاڭ مەكتىۋىنى تۈگەتكەندە << تۇۋۇن بەگ >> ( << گۈزەل خەتتات بەگ >> ) دېگەن ئاتاقا ئېرىشكەن ئىدى . بۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى تۇردى بەگ بولۇپ ، ھازىر ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى .

تۇردى بەگ لۇتپۇللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بىر ئاز سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى . بۇ ئەسنادا يەنە غاڭزىسىغا ئوت ئالدۇرۇپ ، بىر ¨ ئىككى قېتىم سورىۋالغاندىن كېيىن :

- بولدۇ ، سىلەر ۋاكالەتچىلىك قىلساڭلار رۇخسەت قىلىمىز . بىراق ، دەۋاگەرنىڭ يېقىن ۋارىسلىرى بولسا ، سوت قائىدىسىگە مۇۋاپىق بولاتتى ¨ دە ، خوش ، ئېيتايلۇق ، ئۆزلىرى دەۋاگەرنىڭ نىمىسى بولىلا ئەپەندىم ؟ - دىدى .

- ماۋۇ يېپىمىدىكى يىگىت ‹‹ ئىرپان دەل مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ . ئۇ ، شۇنداقلا دەۋاگەرنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلى . دېمەك ، بىز مۇشۇ ۋەجىدىن دەۋاگەرگە ۋارىس بولالايمىز ، - دەپ لۇتپۇللا دەرھال جاۋاپ بەردى .

بۇنى ئاڭلىغان نەسرىدىن بىلەن يېنىدىكى سەللىلىق ساقالنىڭ چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كېتىشتى . لېكىن لام ‹‹ جىم دېمەي ، بېزىرىپ ئولتۇرۇشتى .

- ماقۇل ، - دېدى تۆردى بەگ لۇتپۇللاغا بىشارەت قىلىپ ، - قېنى سۆزلىسىلە .

- رەئىس ئەپەندى ، - دېدى لۇتپۇللا ، - بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان جاي ئەدلىيە ئورنى . ئەدلىيە دېمەك ‹‹ ئادالەت دېمەكتۇر . ھەق ‹‹ ناھەقنى ئادىل ئاجرىتىدىغان ، تارازا ‹‹ مىزاننى دادىل تۇتىدىغان قاي دېمەكتۇر . تارىخنىڭ تەۋرۈكلىرىدىن قارىغىنىمىزدا ئەزىزانە قەشقەر ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئالىم ‹‹ ئۆلىمالىرى بىلەن سائادەت تاپقان تاپقان ‹‹ مۇقەددەس ماكان . ئەمما مەككار ، جاڭخور ، مۇتىھەملەرنىڭ زۇلۇم ‹‹ زىللەتلىرىنىمۇ ئاز تارتمىغان . ھازىر مۇشۇنداقلارنىڭ كۆلپىتىنى تارتىپ كەلمەكتە . مۇشۇ شەمشىدىن ئاتىدەك ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنى ئاجىز كۆرۈپ ، بوزەك قىلىپ ، سەۋدايى ‹‹ مەجنۇنلارغا ئايلاندۇرغان نائەھلىلەرنىڭ ھېچبىرسىمۇ ئاخىرقى ھېساپتا تارىخ سوتىنىڭ ھۆكمىدىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان . . .

جاراڭلىق سۆزلەر ئۆيىنىڭ مۇڭگۈزىگە ئۇرسا تۇۋۇقى سىرقىرىغاندەك ، رەئىس بەگكىمۇ تەككەن بولسا كېرەك . ئۇ يۇڭ قەلىمىنى دەرھال توختاتتى . كۆزلىرى چەكچىيىشكە باشلىدى . كاتىپلار بولسا زىر ‹‹ زىۋۇرىگىچە قالدۇرماي يېزىپ ، قەلەملىرىنى كىترلاتماقتا ئىدى .

لۇتپۇللا سۆزىنى داۋام ئەتمەككە تەمشىلىۋاتاتتى ، رەئىس بىردىنلا قەلىمىنىڭ سېپى بىلەن ئۇستەلنى توكۇلداتتى ‹‹ دە :

- ئەپەندىم ، بۇيەر دەرس سۆزلەيدىغان ياكى ۋائىزلار ۋەز ئېيتىدىغان مۇنبەر ئەمەس . دەۋانىڭ ئۆزىگىلا توختىساق ، يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىشمىساق ، يەنى ‹‹ كەمرەك دېمەكچىمەنكى ، << ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمىسەك << ، - دېدى .

- رەئىس ئەپەندىم ، - دېدى لۇتپۇللا ، تېخىمۇ جاراڭلىق قىلىپ ، - چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ يىلىكىنى شوراشتىن ئارتۇق يۈرەكنى زېدە قىلىش بولماس . . . بىر ئائىلىنى پۈتۈنلەي خانىۋەيران قىلىش ، سەۋدايى قىلىۋېتىش ، ئاخىر يەنە چاڭ سالماق بولۇش ! . . . بۇ خىل شەرمەندىلىكنى ئاللاتائالا ، خەلق ئالەم ، تارىخ كەچۈرەمدۇ ؟ ئەگەر كارۋان بېشى ئىنسابقا قايتىپ ، ئىنسانلىق روھقا كېلىدىكەن ، ئۇ چاغدا يالغاندىن ياسالغان << ئالتۇن قەرز << پەتىۋاسىنى چوقۇم بىكار قىلىۋېتىشى ، ھەقدانىڭ ئۆي ‹‹ ماكانىنى قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت . . .

مەھكىمە رەئىسى ئارقىدىن ئىشارە بىلەن كارۋان بېشىنى سۆزگە ئۈندىدى . نەسرىدىن ئىنچىقلاپ ¨ دۈدۈقلاپ سۆزلىدى:

- پېقىر ، بۇ ئىشنىڭ مۇشۇ ھالغا يېتىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن . بىز شەمشىدىن ئاخۇن بىلەن ئەزەلدىنلا دوست ئىدۇق . بىز ھىلمۇ يۇز ¨ تۇرانە مورەۋەت بىلەن پۈتۈشسەك ، مەن دوستۇمغا چاي قويۇپ ، ناماقۇل بولسام ، بۇنداق سورۇنلاردا سەن ¨ پەن دېيىشىپ ۋە دەۋا ¨ دەستىگەر قىلىشىپ يۈرۈشمىسەك ، سەتلەشمىسەك .

- << سەت بولۇش >> نى بىلگەن ئادەم ، - دېدى ئىرپان ئورنىدىن تۇرگۇن تۇرۇپ ، - شۇنچىۋالا ئۆكتەم بولامدىكىنە ؟ ھىم ، تېخى دوستۇم ئىمىشلا . << دوستىنىڭ پوستىغا سامان تىققان >> قىزىل كۆز بۇگۈن گەپ يورغىلىتىپ ، تېخى << چاي قويىماقچى >> بولغىدەك ، زەھەرلەنگەن يۈرەكنى چاي بىلەن . . .

ئارقىدىن لۈتپۇللا يەنە سۆز ئالماقچى بولۇۋىدى ، رەئىس غاڭزىسى بىلەن شىرەنى توكۇلداتتى ۋە بىر ئاز تەنەپپۇس قىلىشنى ئېلان قىلدى . تەنەپپۇس ئارلىقىدا ، ئۇ نەسرىدىن بىلەن خېلى ئۇزۇن خالىي كۆرۈشتى . كېيىن كۆتۈلاشتى ¨ خۇلاسە قىلىپ دېدى :

- لاداخ يولىدا قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن ماللارنىڭ بەدىلىنى نەسرىدىن باي تەلەپ قىلماسلىقتا رازى بولدى . بۇ توغرىدا قولۇڭلارغا ئىككى خىل تىلدا ھۆججەت قىلىپ بېرىلىدۇ . بۆلەك مەسىلىلەر كېيىنكى قېتىمدا ئايرىم قاراپ چىقىلىدۇ .

سوت تامام بولدى . بۈگۈنكى ئىش مۇشۇنداق پۈتۈپ ، شەمشىدىن باشلىق دەۋاگەرلەر خۇشال قايتتى .

## توققۇزىنچى باپ

گۈش بىلەن ياغ بىر تۇققان ،

پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن .

- خەلق ماقالىسى

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن ئىدى . ئىرپاننىڭ جان ¨ جىگەر دوستى ۋە ئارقا تىرەگى لۈتپۇللا ئەترىتى بىلەن قەشقەردىن كېتىپ قالدى . مەھكىمە رەئىسى تۆردى بەگ لەۋز قىلغان ھېلىقى << ھۆججەت >> نەچچە بېرىشلەرنىمۇ بىھۇدە قىلىپ ، كېيىنكى ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرىمۇ تېخى پۈتۈپ كەلمىدى . سەۋەبى ، ئاشۇ كۈنى ئايرىم ئۆيدە سىرلىق پىچىرلىشىشنىڭ بەدىلى بەش تىللا بىلەنلا توغرىلانغان ئىدى . شۆتاڭ تەلىماتىنىڭ بىر بىلىمى بولغان ئەپيۇن خۇمارى ئۆچۈن تۆردى بىگىمگە ئالتۇن بىلەن تىللا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىدى . ئۇنىڭ تاش بازىرىدىكى ھەشەمەتلىك باغ ¨ ھويلىسىمۇ مۇشۇنداق يوللار بىلەن ئالدامىسىنىڭ يارقىن بوستانلىرى ئىدى .

<< نامەرت گەپتە تۇرماس ، ناكا ئىشەك چۆپتە ... >> دىگەندەك ، تۆردى بەگ تۆپەيلىدىن نەسرىدىننىڭ نوخۇلىسى يەنە ئۆسۈپ ، شەمشىدىنگە يېڭى ¨ يېڭى بېسىملارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى . ئۇ ، يەنىلا چولپاننى چاڭگىلىغا چۈشۈرۈشكە ئىنتىلمەكتە ئىدى .

نەسرىدىن باينىڭ هازىرقى بىردىن ¨ بىر كۆشەندىسى ئىرپان ئىدى . ئۇنى كۆزدىن يوقاتمىغىچە قىزنى قولغا چۈشۈرەلمەيدىغانلىقىنى نەسرىدىن ناهايىتى ئوبدان بىلەتتى .

مانا شۇنداق شارائىتتا << ئالتۇن كولاشقا ئادەم ئېلىش ئالۇىگى >> پۈتۈن قەشقەرگە ۋەھىمە سېلىپ تۇراتتى . بۇ دەھشەتلىك تىراگېدىينىڭ قانداق داۋام قىلىنغانلىقى يۇقۇرقى باپلىرىمىزدا بايان قىلىنغانلىقى ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىمىزغا ئايان .

ئەنە شۇنداق تەڭقىسلىقتا گاڭگىراپ ھېيتكار مەيدانىغا كەلگەن ئىرپانغا ئامرىقى چولپان سىڭلىسى جەملە ئارقىلىق بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن ئىدى . خەتنى ئوقۇغان ئىرپان ئەھۋالنى بىلىپ دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ يەنە شۇ بالىخانىنىڭ روجىگى ئاستىغا كېلىپ ، ئۆي ئىچىدىن ئوقتەك ئاڭلىنىۋاتقان نالە - پەرياتلارغا قۇلاق سالدى :

- ياق ، ياق ، دادا ، جېنىم دادا ، بايغا ... هۇ ... هۇ ... مەرهۇم ئاپامنىڭ ھەققىدە مەن ، ئۇ مەلئۇن چايانغا هەرگىز ، هەرگىز ! ¨ دېگەن زارى هەدە << ئۇھ ! ... >> دەپ گۈپپىدە قىلىپ يىقىلغان دەرتمەن ئاتىنىڭ گۈدرەتلىك ئاۋازى ئاڭلاندى .

ئىرپان بالىخانىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشقا تەمشەلگەندە يېتىپ كەلگەن بىر تۈركۈم ساقچىلار ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ ، چەمبەرچاس باغلىدى ¨ دە ، هەيدەپ ماڭدى . ئالتۇننىڭ قۇدرىتى ئەدلىيە رەئىسىنىڭ بۇرنىغا چۈلۈك بولۇپلا قالماستىن ، شۇنداقلا << ئالتۇن ئالۇىگى >> نىڭ ئەرباپلىرى ¨ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن بايىقى يىگچاڭ بىلەن شۇڭگەننىڭ نەپسىگىمۇ << قارماق >> سېلىپ بولغان ئىدى .

بۈگۈن كېچە سىبۇ سېپىلىنىڭ سىرتىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشىق مەيدانىغا توپلانغان هارۋىلارنىڭ سانى ھەددى ھىساپسىز ئىدى .

بۇ هارۋىلارغا قوشۇلىدىغان ئات ، ئىشەك ، خېچىر ۋە كالىلار هەمدە ئۇنى هەيدەيدىغان دىخان باللىرى يېزا ¨ يېزىلاردىن تۇتۇپ كەلتۈرۈلگەن ئىدى .

بۇلار ئۇچۇن قانچىلەپ ئاتا ¨ ئانا ، يارۇ ¨ بۇرادەرلەر قاڭقىر قاخشاپ قالغاندۇ ¨ هە ؟ !

تۈن مەزگىلى ئىدى . بۇيرۇق بويىچە ھارۋىلار مەيداندىن مېڭىشقا باشلىدى . ھەممىنىڭ ئالدىدا لەك ئاشلىق بېسىلغان ھارۋىلار ، ئاندىن تۇتقۇنلار توپى ماڭدى .

ئۇلارنىڭ تولىسىغا ھارۋا يېتىشمەيتتى ، شۇڭا چاقانلىرى چىقۋالغان بولسىمۇ ، مۇتلەق كۆپچىلىكى << خۇدا >> دەپ ياياق مېڭىشقا مەجبۇر بولدى .

ئۇلارنى قورالىق ساقچىلار مەھبۇسلاردەك نازارەت قىلىپ باراتتى .

بۇ سۈرلۈك كېچىدە تۈمەن دەرياسىنىڭ مۇڭلۇق شاۋقۇنلىرىنىڭ ئاڭلىنىپ تۇرغىنىنى دىمىگەندە ، قەشقەر شەھىرى ئەسىرلەر بويى ئۇخلاپ تۈگىتەلمىگەن جاھالەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولغان ئىدى .

لېكىن تۈمەن دەرياسى بويلىرىدا بۇ سۈرلۈك ۋە سىرلىق كېچىدە يەنە ئۆزگىچە تىراگېدىيىنىڭ مۇڭلۇق مىلودىيىسىمۇ ئوينالماقتا ئىدى . ئۆزىنىڭ جىگەر پارىلىرىنى تىلسىملىق سەپەرگە ئۇزىتىش ئۈچۈن يىراق ¨ يىقىنلاردىن كېلىپ ، نەچچە كۈنلەردىن پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئاتا ¨ ئانا ، ئاكا ¨ ئۇكا ، يارۇ ¨ بۇرادەرلەر سۈۋەت ¨ سۈۋەتلەپ كەلتۈرگەن مېۋە ¨ چىۋە ، نان ¨ توقاچلىرىنى تەڭلەپ ، قارۇ يامغۇر يىغلاپ ، ھەر يان چېپىشىپ يۈرەتتى .

<< ئاكا ! ئوغلۇم ! بالام ! . . . >> دېگەن سادالار ، ساقچىلارنىڭ سەت ۋارقىراش ، ئۇرۇش ، قوغلاشلىرى قەشقەرنىڭ دەھشەتلىك كېچىسىنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى .

شۇ ئەسنادا ئۇستۇمتۇتلا شىددەتلىك ۋاڭ ¨ چۇڭ كۆتىرىلىپ كەتتى :

- ئەمەت قاچتى ! ¨ ئەنە دەريا ياقىلاپ كەتتى .

- سەمەت قاچتى ¨ ئەنە تۆگە سارىيىغا كىرىۋالدى .

- تۇت ! باغلا ! دەسسە ! . . .

ساقچىلار ، گەيجاڭلار ، بەگلەر ۋە باشقا نۇرغۇن ياللاقچى ¨ گۈپپاڭچىلار قاچقۇنلارنى تەرەپ ¨ تەرەپكە قوغلاپ كېتىشەتتى . ئايرىم << تەتۈر پىشانە >> لەرنى تۇتۇشۇۋالاتتى ¨ دە ، باغلاپ ئېلىپ كېلىپ خۇشامەت بىلەن بايىقى ھەربىي يىڭجاڭ ، ساقچى شۇڭگەنلەرگە بىرەتتى .

بۇ بەختسىزلەر قاتتىق باغلىنىپ ، سازايى قىلىنىپ << باسماق >> ئاستىغا ئېلىناتتى ، تاياق ¨ توقماقنىڭ زەربىدىن ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى تىتما ¨ تىتما ، قان قىلىپ تاشلىناتتى .

- مانا جاجاڭ ! قاچقاننىڭ جاجىسى شۇ !

- ھەممەڭگە ساۋاق مانا مۇشۇ ! . . .

ساقچى شۇڭگەن گويا پۇخادىن چىققاندەك ھۆكرەپ قاتتىق سۈرەن سالاتتى . كېيىن يەنە ھېلىقى چالا ئۆلـۈك ياتقان يىگىتلەرنى ھارۋىلارغا تاشلاپ ئېلىپ ماڭاتتى .

مۇشۇ خىل قانلار ۋە قانلىق ياشلار قوشۇلۇپ تۇمەن دەرياسىنىڭ مۇڭلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتكەندەك تۇيۇلاتتى

## ئونىنچى باپ

شۇنداق قىلىپ ، ئۇزۇندىن ¨ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھارۋىلار ۋە پىيادىلەر تاكى تاڭ سۈزۈلگەن مەھەلدە تۇمەن دەرياسىنىڭ كۆۋرىكىدىن ئاران ئۆتۈپ بولالىدى .

ئۇلارنىڭ ئالدى زوڭقۇرۇلدىن ئۆتۈپ ئۈچ مىرۋانغىچە ئاندىن قۇمالتاغ ئايلانمىسىغىچە ئۇلاشقان ئىدى .

بۇ ئارىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئاق تاغ ئاتۇش بىلەن بەشكېرەمنىڭ ۋە پۈتۈن قەشقەرنىڭ ئۇمۇرتقىسىغا ئوخشايتتى .

شەرقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئالتۇن زەررىلىرىنى ئالدى بىلەن مۇشۇ ئۇمۇرتقا ئۈستىگە سېپىشكە باشلىدى . كۆيۈك تاققا ئۇرۇلۇۋاتقان شامال بۇ يەرلەردە ئۆسكەن ئاندا ساندا چۆل گىيالىرىنى لەرزان تەۋرىتەتتى .

<< ئالتۇنچىلار >> نازارەت قىلىپ كېتىۋاتقان قۇراللىق ژاندارمىلارنى كۆزلىرىنى ئالايتىپ ، قامچىلىرىنى ئوينىتىپ ، پات ¨ پاتلا ئات چاپتۇرۇپ ھەيۋە كۆرستىش بىلەن ھەريان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى .

ھەر قايسىسى ھەر ياقتىن تۇتۇلغان بۇ دېھقان ياشلىرى بىر ¨ بىرى بىلەن ناتونۇش بولغانلىقتىنمۇ ، يول بويى لام ¨ جىم دىيىشمەي ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن مۇڭلۇق خىيالغا چۆمۈپ باراتتى .

بۇ جىمجىتلىقنى ئارىلاپ ئايلانغان ھارۋىكەشلەرنىڭ << چۇھ ! . . . ئو ! . . . ئو ! . . . >> ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى .

<< ئالتۇنچىلار >> نىڭ تولىسى يالىڭياق ئىدى . ھەممىسى دىگۈدەك ئۇچىلىرىغا ماتا كۆينەك ¨ ئىشتان ، باشلىرىغا بولسا تېرە تۇماق ۋە دوپپىلار كىيىشكەن ئىدى . ئۇلارنىڭ تولىسى ناشتىسىز ئېچىقاپ كەتكىنىدىن زاغرىلىرىنى چاينىشىپ كېتىۋاتاتتى .

كۆن چۈشتىن سەل قىسايغان مەزگىلدە ئۆلارنىڭ قۇمالتاغ داۋىنىدىن ئېشىپ ، ئاتۇشنىڭ جەنۇبىدىكى جىرغىلاڭ سايغا جەم بولدى . بۇ چاغدا ژاندارمىلار ئەتراپنى ئامبۇر چىشى شەكلىدە مۇھاسىرىلەپ تۇراتتى .

يېرىم سائەتلەر ئۆتكەن ئىدى . ئىككى ئەرباب يان قوراللىرىنى ئاسقىنىچە << سۆرلۈك >> سالاپەت بىلەن توپلاشقان توپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئېگىزلىككە چىقتى ¨ دە ، ئەتراپقا تەكەببۇرانە نەزەر تاشلىدى .

ئۆلارنىڭ بىرى بايىقى ھەربى يىگجاڭ ، يەنە بىرى ساقچى شۈگەن ئىدى .

يىگجاڭ ئالدى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ :

- بىز ھازىر ئالتايغا ئالتۇن كولاش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز ، ئۇ يەر يىراق ، ئىككى ¨ ئۈچ ئايلىق يول . بارغىچە گۆەندىيەن ① لەردە ياتىسىلەر . يول ئازابى ¨ گۆر ئازابى دېگەن گەپ بار . كېيىن ئالتۇن كانغا بارغىنىڭلاردا ھالاۋىتىنى كۆرىسىلەر.

ئالتۇن ئالۋىڭنىڭ مەھبۇسلىرى بولسا ، غەم دەرياسىغا غەرق بولغان ھالدا باشلىرىنى ساڭگىتىلىپ ئولتۇرۇشاتتى .

- ئالدىنئالا شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى ، كىمدە كىم قاچسا ياكى قېچىشقا تىل بىرىكتۈرسە ، ئۈنداقلارنىڭ جاجىسى مانا ،
- دەپ يىگجاڭ يەنىمۇ ھەيۋەتلىنىپ تاپانچىسىنى تىك تۇتتى .

شۇندىن كېيىن << ئالتۇنچىلار >> مۇنتىزىم ھەربى تۈزۈمدەك << بەن ، پەي >> بۆلۈملەرگە بۆلۈندى . ھەر بىر پەيگە قۇراللىق ساقچىلار << پەيجاڭ >> قىلىپ تەيىنلەندى . ئاندىن مۇشۇ يەرگە ئالدىنئالا تەييارلانغان كۆك ماتا ئىشتان ¨ چاپان تارقىتىلدى .

كەچ پېشىنگە سوزۇلغان بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا ، زاغرا نانلىرى بىلەن ئېچىقاپ كەتكەن قارنىنى ئانچە ¨ مۇنچە گۆللۈۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرگەن << ئالتۇنچىلار >> بۇيرۇق بويىچە يەنە ماڭدى .

ئەمدى ئۆلار ئۆز ئارا ئەسرالىشىپ ، تونۇشۇپ كېتىپ باراتتى .

لېكىن ، << ھەر كاللىدا بىر خىيال . . . >> دىگەندەك ، ئۆلارنىڭ خىياللىرى خىلمۇ خىل ئىدى .

بەزىلىرى دۈمچەك دادىسىنى ، بەزىلىرى قېرى ئانىسىنى ، يەنە بەزىلىرى يىغلاپ ¨ تەلمۈرۈپ قالغان خوتۇن ¨ بالىسىنى ۋە بەزىلىرى ئۆز ئامرىقى ، ئۇماق مەھبۇبلىرىنى ئەسلەپ كۆزلىرىگە ياش ئالاتتى ۋە بەزى بىشەم ، بەغەرەزلەر بولسا ،

ئەسرلەر بويى قەشقەرنى قاپلىغان غەپلەت ئۇيقۇسىنىڭ داۋامنى ئادا قىلىپ تازا خورەك تارتىپ ، بەزەنلىرى ئالتۇن بىلەن ئاغزىنى تاتلىق ئېتىپ ، چۈشلىرىدە چۆچەكتىكى چۆپنى يەپ باراتتى .

بىراق ، ئىرپاننىڭ ئىچ كۆيۈگى ھەممنى بېسىپ چۈشەتتى . ئۇنىڭ چولپانغا بولغان دىل رىشتىسى يۈرىكىنى ئۆرتەپ باراتتى . بەزىدە ئۇ چولپان كەيىندىن ئەگىشىپ كىلىۋاتقاندەك پات ¨ پاتلا ئارقىسىغا قاراپ قويياتتى ، لېكىن ئۇ ، ئاخشام بالىخانا ئۆيدە شەمشىدىننىڭ << گۈپ >> قىلىپ يىقىلىش بىلەنلا جان ئۈزگەنلىكى ، ھازىر چولپاننىڭ باغرى خۇن ، كۆزى ياش ئىكەنلىكىگەدىن بىخەۋەر ئىدى .

ئىرپان ئۈچۈن ھازىر بىردىن بىر روھىي ئىلھام ناخشا بىلەن راۋاپ ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ھغنىرى بارلىق << ئالتۇنچى >> مۇساپىرلار ئۈچۈنمۇ روھىي دەرمان بولاتتى .

ئىرپان خۇددى ناچۋال كۆيتىل ① دەك ، چىن ئىشتىياق بىلەن راۋاپقا ناخشنى تەڭكەش قىلىپ ، چۆل ¨ جەزىرىلەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ باراتتى :

قەشقەردىكى جان قورغان ،

ھالىمنى ئۈزۈك ، سورىغان .

ھەر ئاخشام يىتىپ كەلسەم ،

قارا كۆزى قاراپ تۇرغان .

جان قورغاندا جانانىم ،

باغرىنى داغلىنىپ قالدى .

خوشلىشىپ كۆرۈشكىچە ،

قولۇم باغلىنىپ قالدى .

قىزىلگۈل ئۈزۈپ بەردىڭ ،

قىستۇرۇلغان خەت بىلەن .

مەن ئەمدى كېتىپ قالدىم ،

ئىچىم تولغان دەرت بىلەن .

ناخشا ئېيتمەن كۆڭدە ،

دەردىم ئىچىمگە پاتماي ،

بۇ دەرتلەرنى كىم تارتسۇن ،

سېنىڭ بىلەن مەن تارتماي .

تومۇزنىڭ تىنچىق كۈنلىرى باشلاندى . قانچە ماڭغانسېرى جەھەننەمنىڭ يولىدەك مۇشكۈللۈك مۇساپىلەر زادى تۈگىمەيتتى . گاھىدا شىغىل ¨ تاشلىق سايلار ، گاھىدا شورتاڭ ، بورباس چۆللەر ئۇچراپ تۇراتتى . تومۇز تەپتىدىن چوغدەك قىزىغان چۆل ¨ قۇم قىزىپ كەتكەن شېغىل ياكى چۆيۈندەك تاشلار يالىڭاياق كېتىۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرىنى كۆيدۈرۈپ ھەر خىل يورغىلاتسا ، ئاسمان ¨ پەلەك ئۆرلىگەن چاڭ ¨ توزانلار دىماقنى ئۆرتەپ باراتتى .

ھارۋىلار قوشۇلغان ئۇلاغلار ئىسسىق ئازابىدىن ئورۇقلاپ ۋە كۆپلەپ ئۆلمەكتە ئىدى . سەيسىگە تۇتۇلغان ھارۋا ئىگىلىرى ئىچىگە سىغمايۋاتقان دەرت ¨ ئەلەملىرىنى ناخشا ئارقىلىق ئىزھار قىلىشاتتى :

دادا دۇئا قىلغاي دەپ ،

كىرگەن ئىدىم مەيسىگە ؛

ئىككى چىرىك بىر بولۇپ ،

تۇتۇۋالدى سەيسىگە .

سېرىق تال ، يامان چاغدا ،

بۇ ئالۋاڭ ئېغىر بولدى .

يۇك تولا ، يوللار يامان ،

ئات ¨ ئۇلاق يىغىر بولدى .

ئۆي ¨ ماكاندىن ئايرىلدۇق ،

يىغلاپ قالدى تۇققانلار .

ئىچ ئاغرىتتى بىزلەرگە ،

ھالىمىزنى ئۇققانلار .

تاغ دەشتلەردە ئات ئۆلسە ،

ئورنىغا بىزنى چاتىدۇ .

تارتالمساق ، ئاغرىساق ،

ئايماستىن ئاتىدۇ .

هارۋىلارنى سۆرەيمىز ،

چۆل ¨ باياۋان شورلۇقتا .

كۆنلەر شۇنداق ئۆتەرمۇ ،

كېچە ¨ كۈندۈز خورلۇقتا .

## ئون بىرىنچى باپ

<< ئالتۇنچى ياشلار >> تونۇردەك تومۇزدا جاپا ¨ دەشتلىرىنى بېسىپ ، ئاقسۇ جامغا يەتكىچە تۆرلۈك ¨ تۈمەن قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈردى . ئاچلىقتىن ۋە ئۇقتىن كۆندە كۆپلەپ يىگىتلەر ئۆلۈپ كېتەتتى . ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنى يول بويىدىكى يېزا ، شەھەرلەر ¨ كەلپىن ، ئۇچتۇرپان ، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەرنىڭ ياشلىرى بىلەن تولدۇرۇپ باراتتى .

ئىرپان قاتارلىق بىر قىسىم زېرەك يىگىتلەر ئىشنىڭ ئالتۇن ئۇچۇنلا ئەمەسلىكىنى ، بەلكى ياش كۈچلەرنى شۇ يول بىلەن ئالداپ ۋە زورلاپ ئەپچىقىپ ، قىرىپ تۈگىتىش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىلماقتا ئىدى . شۇڭا ئۇلار قېچىپ قۇتۇلۇش كويىغا چۈشتى .

- بىكاردىن ¨ بىكار ئۆلۈپ كېتىمىزمۇ ؟ - دېدى ئىرپان جام يولىدا دوستى ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ . بۇ ياندىكى سايىممۇ ئاڭلىدى .

- << ئالتۇن كولاش >> دېگەنلىرى پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق . ئەكبەر بىلەن سايىم بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق ئىرپاننىڭ پىكرىنى ماقۇللايتتى .

ئىرپان پىكرىنى تېخىمۇ ئوچۇقراق ئىزاھلىدى :

- ماقۇل ، << ئالتۇن كولاش >> مۇ بولسۇن ، مۇبادا ئالتايدىكى ئالتۇن كانىمۇ بىز كۆرگەن خوتەن تېغىدىكى ئالتۇن كېنىدەك بولسا بەربىر ۋەيلۇن دوزاققۇ ! شۇڭا بىز جاننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلساق دەيمەن .

بۇ ئۈچ يىگىت گېئولوگ ئەترىتىگە بارغىنىدا قاراقۇرۇم تاغلىرىنى كۆرگەن ، ئۇنىڭدا بىر يىل ئىشلەپ ئۆيلىرىگە ئەمدىلا كېلىشكىلى << ئالتۇن ئالۋىڭى >> غا تۇتۇلغان ئىدى . ئۇلار ئاشۇ دەھشەتلىك ئەھۋاللارنى ئەسلىگەندە قاراقۇرۇم كانلىرىدا كۆرگەنلىرى كۆڭۈل كۆزلىرىدىن بىر ¨ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى :

تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدا قەد كۆتەرگەن كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ مەڭگۈ ئېرىمەس مۇز مۇنارلىرى بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇرۇپ ئاسمان ¨ پەلەك تاقىشاتتى . بۇ سۈلەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك قاتمۇ ¨ قات تاغلار بىر ¨ بىرىگە گىرەلەشكەن بولۇپ ، شەرقتىن غەرپكە سوزۇلۇپ ياتاتتى . باغرىدا تاڭ ئاتماس غارلارمۇ تولا ئىدى . بۇ يەرلەرگە بارغان ئادەمزات گويا بىر تىلسىماتقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى ¨ دە ، يۈرەكلىرى جىغىلدايتتى .

يىل بويى كۈن كۆرمەيدىغان بۇ تاغلار ئىسمى ¨ جىسمىغا مۇناسىپ ھالدا << قاراڭغۇ تاغ >> دەپ ئاتالغان ئىدى .

ئېرىيان ، ئەكبەر ، سايىملار توپۇگراپ قوشۇنى بىلەن مۇشۇ تىلسىمات ئىچىگىمۇ كىرىپ ، زەرەپشان ، تىزناپ - قارىقاش ۋە يۇرۇڭقاش دەريالىرىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغىچە بارغان ، شاۋقۇنلۇق دەريالارنى كېچىپ ، ئاڭلارمۇ چىقالمايدىغان ئىگىز چوققىلارغىمۇ ياماشقان ئىدى .

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ يىگىت بىر دەم خوتەن << پۇجيا >> ئالتۇن كېنى ھەققىدە سۆزلەشتى .

ئۇكانلار شەرقتە مالىك ئاۋات تاغلىرىغا ، غەرپتە قارىقاش دەرياسىغا ياندىش ئەگرى سايلىقتا تۇتىشاتتى .

بۇ يەردىكى ئالتۇن تاسقاش ئۇسۇلى ئاجايىپ ئىدى :

تاغ ئۈستىدىن پەسكە 100 مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قېزىپ چۈشۈپ ، ئاندىن تۈز تەرەپكە تونىل قېزىلاتتى . ئۇ يەردىن شېغىللار غالتىلەك ئارقىلىق تارتىپ چىقىرىلاتتى . ئاندىن شامالچى ئارقىلىق سورۇلۇپ ، كېپەك ئالتۇنلار ئايرىۋېلىناتتى .

ئېغىر ئەمگەك ، ناچار تاماق ، دەھشەتلىك نازارەت دەستىدىن ئالتۇن ئىشچىلىرى خۇددى بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان كۆرۈنەتتى . ئۇلار << ئۆلسەك ئۆزىمىزگە >> دەيدىغان تىلخەت بۇيىچە باغلىنىپ چىققان . ئۇلار ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە قىپ ¨ يالىڭاچ يېشىندۈرۈلىدىكەن ، يەنە تېخى بىر جايغا تەرەت قىلدۇرۇپ تەرىتىنى ياغاچ بىلەن ئاختۇرۇپ چىقىدىكەن . ئالتۇننى ئىچىگە يۇتۇپ ئوغرىلاپ كەتمىسۇن دەپ ، ئىشچىلارغا پات ¨ پاتلا سۈرگە دورىسى ئىچكۈزۈپ قاراپ چىقىدىكەن . شۇنداق دەھشەتلەر تۈپەيلىدىن ئىشچىلار ماغدۇرسىزلىنىپ ، تۈرلۈك كېسەل بىلەن ئۆلۈپ تۇرىدىكەن . ئىشچىلار كۆز يېشى قىلىپ ، پانا تىلەپ ، يىراقتىكى << شەيدۇللا >> ناملىق تاغقا قاراپ دۇئا قىلىشىدىكەن . . .

ئالتۇن دېگەن ئېزىتقۇ ،

سارغايتار ئىكەن جاننى ؛

ئۇنى ئىزلەپ تاپقىچە ،

شوراپ تۆكتەر قاننى .

ئالتۇن كاندا ئىشلەپ ،

ئىچكەنلىرىمىز داغ سۇ ؛

ئاي ، يىللاردا كۆرمەيمىز ،

ئاق توقاچ بىلەن سامسۇ .

شەيدۇللا دېگەن تاغدا ،

دەرتمەننىڭ مازارى بار ؛

بىر جېنىڭنى مىڭ ئالغان ،

ئەجەلنىڭ بازارى بار .

دەرتلەرگە داۋا تاپماي ،

تاغلاردا ياتارمىزمۇ .

خۇدا ئالمىغان جاننى ،

ئالتۇنغا ساتارمىزمۇ . . .

<< ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك >> دېگەندەك ، ئىرپاننىڭ ئىبرەتلىك سۆزلىرى << ئالتۇنچى ياشلار >> غا ئوت بولۇپ تۇتىششقا باشلىدى . ③

## ئون ئىككىنچى باپ

ئالتۇندا كېسىلدى ئادەملەر بېشى ،

قان بولۇپ قۇيۇلدى يېتىملەر يېشى .

1

سەپەر داۋامىدا ئۇلار مۇڭلۇق ناخشا ، ئىبرەتلىك ھېكايىلەردىن روھىي ئوزۇق ئېلىپ باراتتى . ئارقىدا كېلىۋاتقانلىرى ئالدىدا كەتكەن قېرىنداشلىرىنىڭ قاغا ¨ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇۋاتقان جەسەتلىرىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ، مۇڭلىنىپ ماڭاتتى .

جان تالىشىپ كېلىۋاتقان << ئالتۇنچىلار >> ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قىزىل ¨ سايرامنىڭ شەرقى ، كۇچار داۋىنىنىڭ غەربىي ئارلىغىدىكى كەڭ ۋە مەشھۇر << ئويچاكان >> ئويمانلىقىغا كېلىپ توپلاندى . مادارى يوق مېڭىلغان جانلار بۇ كەڭ سايدىكى چاكاندىلار ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ، سونايلىنىپ يېتىشاتتى . ئۇلار ئاچلىقتىن ئىنچىقلايتتى ، دەرتتىن تولغىناتتى .

كەچ پېشىن مەزگىلى ئىدى . ئىگىزدىن چۇشۇپ كەلگەن يىڭجاڭ بىلەن شۇڭگەن قوللىرىنى كەيىنگە قىلىپ گېدەيگەن ھالدا كۆپچىلىككە مۇشۇ جايدا ئىككى كۈن ئارام ئېلىۋېلىشنى ئۇقتۇردى . بۇ چاغدا تۆت تەرەپكە ¨ كۇچار داۋىنى ، مىڭئۆي ، مۇزداۋان ۋە قىزىل ¨ سايرام بازىرى ياقىلارغا قاتمۇ ¨ قات قاراۋۇللار قويۇلغان ئىدى . ئادەدىلا ئېيتقاندا بۇ << ئارامگاھ >> ئالتۇنچىلار ئۇچۇن مۇددەتلىك بىر مەھبۇسلار لاگىرىغا ئايلانغان ئىدى .

كەچ كىرىپ ، كەڭ كەتكەن غىڭ ساينى تۇن پەردىسى ئوراپ باراتتى . << ئالتۇنچىلار >> ئاسماننى يېپىنچى ، يەرنى سېلىنچى << قىلىپ ، شېغىل تاشلار ئۇستىدە يېتىشاتتى .

زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار گويا ئاسمان لامپۇچكىلىرىدەك چاقنايتتى .

<< كۈندۈزدە ئاچ قالساڭ ، كېچىدە يۇلتۇز سانا >> دېگەندەك . ئاچ ¨ زارلىقتىن ئۇيقۇسى كەلمەيۋاتقان بەزىسى ئوڭدىسىغا يېتىپ يۇلتۇز سانىسا ، بەزىلىرى خورەك تارتماقتا ئىدى . ئىرپان قاتارلىق بىر قانچە يىگىتلەر بولسا يەر شارائىتىنى بىلىش ئۇچۇن ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى :

شىمالدا مۇزات تاغلىرى ، جەنۇبتا مىڭئۆي تاغلىرى ، شەرقىي شىمال تەرەپتە بولسا كۇچارنىڭ ئاقيار ۋە تەلەمەت داۋانلىرى بۇ يەرگە ئانچىۋالا يىراق ئەمەس ئىدى .

ئىرپان بۇ كېچە ۋە بۇ جاينى ئىسيان ئۇچۇن << ئەڭ مۇۋاپىق >> بىلدى ¨ دە ، سىرىنى يېنىدا ياتقان سايىمنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى :

- ۋىجدانلىق ئوغۇل يولىدىن ئازسىمۇ يۇرتىدىن ئازمايدۇ . جان ھەلقۇمغا يېتىپ قالدى . بىز ئالدامچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتىمىز ، بەربىر ئۆلۈپ تۈگىشىمىز ، بىز بۈگۈن كېچە قاچايلى ، قانداق دەيسەن ؟

سايىم دۇدۇقلاپ تىلىنى چايىندى ۋە :

- تۇتۇلۇپلا قالساق ، بېشىمىزغا بالا كېلەرمىكىن ، چىدام بېرىپ چىشىمىزنى چىشلەپ ، ئۆرۈمچىگە بېرىپ باقساق ، - دېدى .

ئىرپاننىڭ كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ ، << ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىسامىمۇ بوپتىكەن ، - > ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ > دېگەن مۇشۇ ئىكەن دە ¨ دە >> دەپ سايىمغا نارازى بولدى .

شۇنداق قىلىپ ، سايىم ئەيۋشكە كەلمىدى . ئاخىرىدا ئىرپان :

- ئۆزىڭ يىمىسەڭ غىمىڭنى ، قاغا چوقۇر تېنىڭنى >> ؛ << بەرسەڭ يەيمەن ، ئۇرساڭ ئۆلىمەن >> بولۇپ يۈرۈۋېرىش ئەرلىككە خاس ئەمەس . . . ، - دېدى .

2

قاراڭغۇ ، تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ ، ئەتراپ گۆردەك جىمجىت ئىدى ، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدا سامان يولىنى بويلىغان ئۈكەرمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى .

پايانسىز سايدا يېيىلغان مالدەك ياتقانلار ئىچىدىن ئاستا ئۆملەپ سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ مېڭىۋاتقان ئىرپانغا ئوخشاش ئەزىمەتلەر ئىسيان مەنزىلىگە قەدەم قويغان ئىدى .

<< بىلمىگەن يارنىڭ ئوي ¨ چوڭقۇرى كۆپ >> دېگەندەك ، << مىڭئۆي >> تاغلىرى تەرەپكە ماڭغان يىگىتلەر ئادىشىپ ، كۇچار داۋىنى تەرەپتىكى قۇراللىق ساقچىلارغا دۇقۇرۇشۇپ قالدى ¨ دە ، نەس باستى . ساقچىلار ئۇلارنى دەرھال باغلاپ ئۇرۇپ يەنە نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭمۇ << مىڭئۆي >> بىلەن مۇزات تەرەپكە قاچقانلىقىنى ئىقرار قىلدۇردى .

بۇ ئەھۋالنى ئۇققان يىڭجاڭ غەزەپ بىلەن بۇيرۇق بېرىپ :

- تېز قوغلاپ تۇتۇپ كېلىڭلار ، خەپ بىر قانچىسىنى بوغۇزلاپ ، ئەدىۋىنى بېرىپ ، ئىبرەت قىلمىغىچە . . . ¨ دېدى .

ساقچىلارنىڭ بىر بۆلىكى ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ، شىمال ۋە جەنۇب تەرەپكە غەزەپ بىلەن ئات سالدى .

<< مىڭئۆي غارلىرى >> - مۇزات دەرياسى كېسىپ ئۆتىدىغان << كۆز يېشى بۇلاق >> تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىيالىق ئۈستىگە جايلاشقان .

مۇشۇ قىيالىقنىڭ جەنۇبىدىن شاۋقۇنلۇق مۇزات دەرياسى ئۆتىدۇ . قىيالىق يان باغىرىدىكى قەۋەتمۇ ¨ قەۋەت غارلار خۇددى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ .

قىيالىق يامزاللىرىدا ئوتتاقاشتەك قىزىرىپ ئۆسكەن يۇلغۇن ئارچا ، قىزىل ئۆرۈك ، سۆگەت ، سەگە تېرەك ۋە كۈمۈش يوپۇرماقلىق جىگدە گوياكى ئاجايىپ بىر ئورمان دېڭىزىنى ھاسىل قىلىپ ، تەبىئەتنىڭ چىرايلىق مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى . مۇزات دەرياسى بولسا ، بۇ تەبىئىي گۈزەللىككە كۈمۈشتىن ھەل بەرگەندەك تېخىمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشاتتى . مۇزات دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا غەرپتىن شەرققە سوزۇلغان ئاسمان پەلەك چول تاغ تىزمىلىرى ، << مىڭئۆي >> قىيالىقلىرى بىلەن ئۇدۇلمۇ ¨ ئۇدۇل تۇراتتى .

شۆڭگەن بىلەن بىر تۈركۈم ساقچىلار بۇ يەرگە يېقىنلاشقاندا قۇياش << كۆز يېشى بۇلاق >> تاغلىرىنىڭ كەينىدىن ئەمدىلا كۆتىرىلمەكتە ئىدى .

<< قاچقۇن >> لارنىڭ خېلى كۆپى بوستانلىق ئارىلىرىغا كىرىپ ئۆلگۈرگەن ، بەزىلىرى بولسا قىيالاردىن ئېگىزگە ئۆرلىمەكتە ئىدى . شۆڭگەن بوستانلىققا قاراپ غەزەپ بىلەن ئوق چىقاردى ۋە تۇتۇشقا بۇيرۇق قىلدى . بوستانلىققا كىرگەن ساقچىلار ۋارقىرايتتى:

- چىرايلىقچە تەسلىم بولۇش ، بولمىسا جاجاڭ ئوق !

قوللىرىدا قورالى بولمىغان ۋە ئالدى تەرەپتىن مۇزات دەرياسى ئارقىلىق توسۇلۇپ قالغان بەختسىز يىگىتلەر ئامالسىزلىقتىن ئاخىر ئەسىرگە ئېلىندى . ئۇلار 40 قا يېقىن كىشى بولۇپ ئارىسىدا ئىرپانمۇ بار ئىدى . ئۇلارنى ژاندارمىلار چەمبەرچاس باغلاپ ۋە چېتىپ << ئۆيچاكان >> غا ھەيدەپ كېتىشتى .

3

چۈش مەزگىلى . << مەيدان >> سۈرلۈك تۈس ئالغان ئىدى . يىغجاڭنىڭ << ئىبرەت >> جازاسى رەسمىي جاكالاندى.

<< ئالتۇنچىلار >> چەمبەر شەكلىدە ئولتۇرغۇزۇلغان ئىدى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا << تۇتقۇن >> لار يالىڭاچلىنىپ تۇرغۇزۇلدى . چەتتىرەك گۈلخان يېقىلىپ ، ئۇنىڭدا سىم چۇۋۇق قىزدۇرۇلماقتا ئىدى . ساقچىلارنىڭ بەزىلىرى قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ، بەزىلىرى بولسا كالتەك ۋە قىرلىق تاسمىلىرىنى تۇتۇپ ، ئەسىرلەرگە غەزەپ بىلەن ھۆرپىيىپ تۇرۇشاتتى .

يېڭىجاڭ بىلەن شۇڭگەن ئەسىرلەرگە بىر ، بىرلەپ قاراپ چىقتى ¨ دە ، << ئىبرەت بۇيرۇقى >> ئالدى بىلەن ئىرپانغا قادالدى :

- سەن تېخى ، - دېدى شۇڭگەن چەكچىيىپ كېلىپ ، - قەشقەرگە قېچىپ كېتەلەيمەن ، دەپ چۆشەكەۋاتامسىنا قاپاقباش ! چوتنى خام سوقۇپسەن ! ئۆلۈكىڭمۇ ، تىرىكىڭمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا . بۇ بەدبەخ قاچقۇنلارنىڭ باشلامچىسى سەن ، چوقۇم سەن ! دەپ سەت ۋارقىرىدى شۇڭگەن ، - بىز شاڭا كېلىشتۇرۇپ ئەن سېلىپ قويايلى . زۇۋاندارنىڭ دارغا تارتىلغاندىن كېيىن ، ئاندىن سېنىڭ نوچىلىقىڭنى . . .

ساقچىلار شۇئان كېلىپ ، قىپ ¨ يالىڭاچ ئىرپاننى باستى ¨ دە ، تىكەنلىك توقماق بىلەن قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى . ئاندىن ھېلىقى ئوتتا چوغلانغان سىم بىلەن ئىرپاننىڭ دۈمبىسىگە << ق . ق >> دېگەن ئىككى ھەرپنى يازدى . بۇ << قەشقەرلىق قاچقۇن >> دېگەن قانلىق ۋە داغلىق تامغا ئىدى .

ئىرپان بولسا بىلىگىنى چىڭ چىشلەپ ، قانلىق مىنۇتلارنى ئۈنسىز ئۆتكۈزدى . قالغان ئەسىرلەرگىمۇ رەت بويىچە مۇشۇنداق << تامغىلاش >> چارىسى قوللىنىلدى .

بۇ خىل قانلىق ئىبرەتلەرنى كۆرگەن مىڭلاپ كۆزلەردىن قانلىق ياشلار سەل بولۇپ ئاقماقتا ئىدى .

نۆۋەتتە ئايۇپ ئىسمىلىك نەۋقىران بىر يىگىت كالتەك كالىسىغا تېگىش بىلەن تىپچەكلەپ ، كېيىن تىنچىپ قالغان ئىدى .

بۇ چاغدا قېيىر تەرەپتىن پەرىشان ھالدا يېتىپ كەلگەن بىر موماي بىلەن قىز توساتتىنلا توپنى يېرىپ جازا مەيدانىدا پەيدا بولدى ¨ دە ، قىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان ئوغلىغا قاراپ :

<< ئاھ بالام ، ساڭا نېمە بولدى ، جېنىم بالام ، ئايۇپجان ! >> دەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى .

ئايۇپ ئاللىقاچان جان ئۈزگەن ئىدى .

## ئون ئۈچىنچى باپ

ئايۆپنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدەك پاجىئە يۈز بەرگەن چاغدا قۇياشنىڭ غەربى جەنۇپ تەرەپتىكى چۆل ئۈستىگە قىيسىيىپ ، << ئۆيچاكان >> سايىلىغىدىكى پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ تەپتىمۇ خېلى يانغان ئىدى .

يېڭىچاك << ئالتۇنچى ياشلار >> نى بۇ يەردىن كۆچار داۋىنى ئۈستىگە كۆچۈشكە بۇيرۇق قىلدى . بۇ چاغدا قىزىل تەرەپتىن ئىككى هارۋا چىقىپ كەلدى ¨ دە ، ئۇدۇل بىرىپ بايىقى ئايۆپ ياتقان يەرگە يېقىن جىرا ئېغىزىدا توختىدى . هارۋىلارنىڭ بىرىدە ئۆرۈمچى هەربى مەكتەپكە ئوقۇغۇچى ئېلىش ئۈچۈن بايغا كېلىپ ، ئىشنى تۈگىتىپ ماڭغان ئىككى ياش ئوفىتسىر ، يەنە بىرسىدە بولسا ئۆرۈمچى دارىلفۇنۇنغا ئوقۇغۇچى ئېلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا بىرىپ قايتقان بىر ئوقۇتقۇچى ۋە يەنە باشقا ئىككى يىگىت بار ئىدى .

ئاقسۇدىن ماڭغان ئىككىنچى هارۋا هېلىقى پاجىئەدىن قىسمەن خەۋەر تېپىپلا يۈرۈپ كەتتى . بىرىنچى هارۋىدىكى ئوفىتسىرنىڭ بىرسى باي قىزىللىق بولۇپ ، ئايۆپنى تونۇغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىدە قالدى.

ئانا ¨ بۇ ، نېمە ۋەقە ¨ دېدى ئوفىتسىركەنجى .

موماي بولسا قىمىرمۇ قىلماي ياتاتتى . يەنە بىر ئوفىتسىر ئابدۇراخمان ئىدى . ئۇ مومايىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ :

- ئانا ، ئانا ! ¨ دەپ ئاستا قىچقاردى .

موماي ئايۆپقا چاپلاشقان پېتى ياتاتتى . ئۇنىڭ پېشانىسى ئوفىتسىرغا مۇزدەك تۇيۇلغىنى ئۈچۈن هەيران بولۇپ :

- ۋۇي ، بۇ نېمە بولغىنى ! ¨ دەپ چۆچۈپ كەتتى .

ئىككىلا ئوفىتسىر جىددىيلاشقان ئىدى . ئۇلار كەينى ¨ كەينىدىن مومايىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، تىنىغىنى تىڭشايتتى .

بىراق موماي ئاللىقاچان تىنىقتىن توختىغان بولۇپ ، ئېغىزىدىن قان ئارىلاش سېرىق سۇ ئېقىپ تۇراتتى . بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىققان قان ¨ زەرداپ ئىدى .

ئايۆپنىڭ سول يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلاپ ، قارۇ يامغۇر يىغلاۋاتقان قىز بەكمۇ پەرىشان بولاتتى .

- سىڭلىم ¨ دېدى كەنجى قىزغا قاراپ ¨ يىغىڭىزنى توختىتىپ ، بىزگە ۋەقەنى سۆزلەپ بىرىڭە ، بۇ نېمە ئالامەت ؟

ئايۇپ مۇشۇ ناھىينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قىپىر كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق بىر كەمبەغەلنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى . تونۇگۈن تونىدە دادىسى تويۇقسىز توگەپ ، ئۇ ، شەھەردىكى تۇققانلىرىغا خەۋەر قىلىش ۋە ئۆلۈملۈك ئېلىش ئۈچۈن قىزىلنىڭ بازىرىغا كەلگەن . شۇندا << ئالتۇن ئالۋىڭى >> دا ئۆلگەنلەرنىڭ ئورنىغا ئادەم تۇتۇۋاتقانلارغا ئۇچراپ قالغان . قىزىل بېگى ھامۇت چاپاق ئەمدىلا ماتارىنى ئېلىپ قايتىۋاتقان ئايۇپنى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنى چېرىكلەرگە تۇتۇپ بەرگەن . ئۇ ئۆلگۈرۈپ كەلمىگەچ ، دادىسى يەرلەپ بولغاندىن كېيىن ، ئايۇپنىڭ ئاپىسى ئەنسىرەپ ئوغلىنى ئىزلەپ چىققان . قىز بولسا ئايۇپنىڭ لايىقى ، مومايىنىڭ تۇققىنىنىڭ قىزى ئىدى . ئۇنىڭدىن ئوفتىسېرلار پاجىئە ئەھۋالىنى ئۇققىنىدىن كېيىن ، ئۇرۇمچىگە كېتىۋاتقان سەپىرنى ۋاقتىنچە توختاتتى . . .

تومۇزدا جەسەتتىن تەشۋىشلىنىپ دەرھال ھارۋىسىغا يۆتكىدى . ئۇنى ئىككى ئوفتىسېر قېيىرگە بىللە ئېلىپ ماڭدى . كەنجى بايىقى قىزغا :

- سىز ئىشكىڭىزگە مىنىپ ، كەينىمىزدىن يېتىپ بېرىڭ ، - دېدى " دە ، ھارۋا يۈرۈپ كەتتى .

بىراق ، ھازىر ھەممىدىن جۇدا بولۇپ ، باشپاناھسىز قالغان بۇ قىز زاۋال چۈشكەن مەھەلدە يولدىن چەتلەپ چىقىپ ئارقىغا بۇرۇلدى " دە ، جەنۇب تەرەپتىكى << مىڭئۆي >> تامان يول سالدى .

- ماڭا ئەمدى بۇ دۇنيا ھارام ، - دەيتتى ئۇ ، - خورلۇقتا تىرىك يۈرگىنىمدىن ، ئۆلگىنىم مىڭ ئەلا .

ئەمدىلا 17 گە قەدەم قويغان بۇ قىزنىڭ ئاتىسى ئەينى زاماندا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى قىزىلدا قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەندە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن . بۇ قانلىق داغلارنىڭ ئىزى ھەسرەتتە ئۆسكەن بۇ قىزنىڭ قەلبىدىن تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەن ئىدى . كېيىن ئانىسمۇ قازا تاپقان . بۇ چاغدا ئۇ ، ئۆگەي دادىسىنىڭ قولىدىن مۇشۇ مومايىنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتۈپ ، ئېغىرچىلىقلار ئىچىدە ئۆسكەن ئىدى . موماي ئۇنى ئوغلى ئايۇپقا چېتىش تەييارلىقىنى قىلىپ تويغا تۇتۇش قىلغاندا ، تويۇقسىز تونىدە ئاتىسى ئەمدى ئاپىسى ھەم ئايۇپنىڭ ئۆلۈشى قىزغا قاتتىق زەربە بولۇپ ، بۇ چوڭ بالا " قازالارنىڭ زەربىسىدىن نېرۋىسى بىردىنلا كاردىن چىققان ئىدى .

ئۇ ، يوللاردا ئېزىقىپ يۈرۈپ ، سۇبھى سۈزۈلگەندە << مىڭئۆي >> ئەتراپىغا يېتىپ باردى . ئىشكىنى << بوستانلىق >> باغرىغا قويۇۋېتىپ ، ئۆزى دۆڭدىكى يوغان بىر جىگدىنى چۆگىلەپ يۈردى . توساتتىن ئاڭلانغان دەھشەتلىك شاۋقۇن ئاۋازى قىزنى قوينىغا تارتتى " دە ، ئۇ شۇيان ماڭدى .

باي ناھىيىسىنىڭ شىمالىدا يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان مۇز ئاتا تاغلىرىنىڭ تۆت چوڭ دەريا " قىزىل دەرياسى ، تەلۋىچۈك دەرياسى ، قاپسالاڭ دەرياسى ۋە مۇزات دەرياسى ئېقىپ چۈشۈپ ، باي ۋادىسىنى ئارىلاپ

ئۆتكەندىن كېيىن جەنۇپ تەرەپتىكى چۆل تاقىقا ئۇسۇپ توسلاتتى . بۇ تۆت دەريا مۇشۇ چۆلتـاغ يامزىلىـدا بىرلىـشىپ ، >> مۇزات دەرياسى >> دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن تاغنى بويلاپ شەرققە قاراپ ئاقاتتى ¨ دى ، >> مىڭئۆي بوستانلىقى >> يىنندىكى >> كەپلەشمە >> دەپ ئاتالغان ئىگىز تاقىقا بىرىپ توسلاتتى .

بۇ يەردە ھاسىل بولغان چوڭ قاينام شۇ قەدەر سۈرلۈك ۋە دەھشەتلىك سۈرەن سالاتتىكى ، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئىختىيارسىز تەنلىرى غۈژۈلداپ م قۇلاق ¨ مېڭە قايناپتتى . بۇ قاينام ئوتتۇرسىدىن ئاپئاق بۈژغۈنلۇق ئىس كۆتىرىلىپ تۇراتتى . بىر مەھەل ئەنە شۇنداق دەۋر قىلىپ قىرغاقلارنى سۆيگەن سۇ دەھشەت بىلەن غاقىراپ شاۋقۇن كۆتىرىپ تاغنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتەتتى .

بىچارە قىز ھازىر مانا مۇشۇ قاينام بويىغا كېلىپ توختىدى . ئۇ سۈرلۈك قايناپغا چىرايىنى سۈزۈپ تەبەسسۇم بىلـەن بىر قارىدى ¨ دە ، ئاندىن بېشىغا ئارتقان ياغلىقىنى ئېلىپ سۇغا ئـاتتى . قاينـام قىيامـدىن ئۆرغـۈپ چىقىۋاتقان تـاڭ شاملى قىزنىڭ قۇندۇز چاچلىرىنى تاراپ ئۆتمەكتە ئىدى ، ئۇنىڭ يېڭى ئاي شەكىلدە ئۆسكەن قوشۇما قېـشى گويـا >> مىڭئۆي >> غارلىرىدىكى ئۇيغۇر گۈزەللىرىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدەك جۇلا قىلاتتى .

ئۇ ھازىر تارىخى قەھرىمانلىرى پەرھات بىلەن شىرىن ۋاپادارلىق يولىدا قۇربان بولغان مـۇقەددەس تاغنىـڭ يامزىلىـدا تۇراتتى . مۇھەببەت ، ۋاپانىڭ قۇدرىتى ھازىر بۇ مەسۇم قىزنىڭ پاك قەلبىگە مىسلىسىز كۈچ بەخش ئەتمەكتە ئىدى .

ئۇ ئىستىقباللىدىكى سەلتەنەتلىك قايناپغا ئاخىرقى قېتىم زوق ¨ شوخ بىلەن بىر قارىدى ¨ دە ، غۇلاچ يايغان پېتى دەھشەتلىك دولقۇنغا ئۆزىنى ئاتتى .

## ئون تۆتىنچى باپ

تۆنۈگۈن ئويچاكاندىن ھەيدەلگەن >> ئالتۇنچىلار >> نى كۈچار داۋىنى ئۇستىدىكى تۈزلەڭدە توختىتىپ ، قايتىدىن تەشكىللەپ چىقتى . ھەر بىر گۇرۇپپا ، بەن ۋە پەيـلەرگە ئەڭ ئـىشەنچلىك چوماقچى ، يـالاقچىلارنى مەسئۇل قىلىـپ بېكىتتى . پەيدىن يۇقىرىغا قۇراللىق ساقچىلار باش بولاتتى .

>> ئالتۇنچىلار >> نى ئۆز - ئارا تىل بىرىكتۈرۈۋالىدۇ ، دەپ ئۇلارنى ئـۆز ئـىسملىرىدا چاقىرىـشنى چەكلىـدى ۋە پەقەت ناھىيلىرىنىڭ لەقىمىنى ئىسىم ئورنىدا ئىشلىتىشنى بۇيرۇدى . بەزى لەقەملەر ھاقـارەت ، كەمـسىتىش خارەكتىرىـدا بـولغىنى ئۈچـۈن يىگـىتلەر ئارىـسىدا ئـارازلىق ، ئـاغرىنىش ئـالامەتلىرى داۋام قىلاتتـى . يىگىجـاڭ ۋە شـۇڭگەنلەر بـۇ كەشپىياتلىرىدىن ئىنتايىن خۇشال بولاتتى ، بۇ >> كەشپىيات >> - ئويچاكان ۋەقەسىدەك ئەھۋالنىـڭ ئالـدىنى ئـېلىش ئۈچۈن بىر ئەڭگۈشتەر ھېساپلىناتتى .

مۇشۇ خورلۇقلاردىن ئازابلىنىپ بىرىۋاتقان ئىرپان قاتارلىق يىگىتلەر ئەپ تاپسىلا دەردىنى تۆكۈشۈپ ، نارازىلىق بىلدۈرەتتى ۋە ئىرپاننىڭ ناخشا ¨ مۇزىكىسى بىلەنمۇ ئىچىنى بوشتاتتى .

- قىنى راۋاپنى ئال ، ناخشاڭنى باشلا ، - دېدى ئەكبەر ، ئەتىسى كۇچارغا قاراپ كېتىۋاتقاندا .

ئىرپان هاياجان ئىچىدە << ئاللا ، ئاللاۋاي باللا ، نادانلىقنى تاشلاڭلا >> دېگەن يېڭى ناخشىسىنى باشلاپ ، تاغ جىرالىرىنى ياڭرىتىۋەتتى :

بۇ يوللا ئۇزۇن يوللا ،

غېرىپ يولنى باغلا .

غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلا ،

غېرىپقا غېرىپ يىغلا .

ئاللا ¨ ئاللا ۋاي باللا ،

نادانلىقنى تاشلاڭلا .

ئالتۇن قازىسەن دىسە ،

راست دەپتۇق ، خۇدا دەپتۇق ؛

<< ئالتۇنلۇق >> بولۇپ غەمدىن ¨

بولارمىز جۇدا دەپتۇق .

يول يىراق ، يالىڭاياق ،

ماڭدۇق ¨ ئۇپرىدى جانلا ؛

غلىڭ قىلساق تىگىپ توقماق ،

ئاقتى بىگۇناھ قانلا .

كەپتەر ئوينىدۇق دەپتۇق ،

ئۆگزىگە چىقۇېلىپ ؛

ئوشۇق ئوينىدۇق دەپتۇق ،

ئويمانغا قېچىۋېلىپ .

ئاھ ئۇرۇپ ئانام قالدى ،

يىغلاپ ، زارۇ زار قاخشاپ ؛
سۆيگەن مەشۇغۇم قالدى ،
ئاھۇ كۆزىنى ياشلاپ .

دامغا ئېلىنىپ بىزلەر ،
ئاچتىن يۈرىمىز چۆلدە ؛
چاڭقاپ ئىزلىسەك سۇنى ،
قاقتەك تامچە يوق كۆلدە .

تەننى كۆيدۈرۈپ زىقتا ،
<< خەتلىك >> ئەن سېلىپ قويدى ؛
زۇلۇمنىڭ تەكتىنى ئەمدى ،
ئىرپانمۇ بىلىپ قويدى .

چۆلدە كۆپلىگەن جەسەت ،
قالدى قاغا ¨ قۇزغۇنغا ؛
يولنىڭ چېكى كۆرۈنمەس ،
ماڭساق تېخى ئۇزۇنغا .

بۇيرۇق بېرىدۇ يىڭجاڭ ،
غەزەپ قىلىدۇ شۇڭگەن ؛
توقماق ئۇرىدۇ ساقچى ،
شۇم پىشانىگە ئۈنگەن .
ئاللا ¨ ئاللا ۋاي باللا ،
نادانلىقنى تاشلاڭلا .

<< ئالتۇنچىلار >> كۇچار داۋىنىدىن پەسلەپ << قارا چوققا >> جىلغىسىدىن شەرققە قاراپ كېتىۋاتاتتى . ئىرپاننىڭ ئۇتلۇق ناخشىسى جىلغىنى جاراڭلىتىپ ، پۈتۈن تاغۇ ¨ تاشلارنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ باراتتى . باللارنىڭ تولىسى كۆزىگە ياش ، شۇنداقلا يۈرەكلىرىگە دەرمان ئالماقتا ئىدى .

يىڭجاڭ بىلەن شۆگەن << ئالتۇنچىلار >> نى ساقچىلارنىڭ نازارىتىگە تاپىلاپ ، ئۆزلىرى كۆچار شەھىرگە يۆرۈپ كېتىشتى . بۇ چاغدا ، بۇ جىلغىدا ئۇرۇمچى دارىلفۇنۇنىغا كېتىۋاتقان ھېلىقى ئىككىنچى ھارۋىدىكى ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىرپاننىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىسىغا مەھلىيا بولغان ھالدا مۈگدىنىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇلار بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلدى " دە ، ناخشا ، ساز ئاڭلاشنى باھانە قىلىپ ، ئىرپاننىڭ قېشىغا كەلدى . ناخشا ئارىلىرىدا ئۇلار ئاجايىپ يېڭى ۋە سىرلىق سۆھبەتنى باشلىۋەتتى .

ھارۋىدىكى ئوقۇتقۇچى ھاشىمجان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈگىتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ، ئۈرۈمچىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى . ئۇ مۇزىكا ۋە دىرامىنىڭ ھەۋەسكارى ئىدى . يېنىدىكى كېلىشكەن ئوقۇغۇچىسى يۈسۈپجان جەۋلانى بولۇپ ، ئەمدىلا 20 ياشقا قەدەم قويغان ، ئاق يۈزلۈك ، چوجىمال ، سەزگۈر يىگىت ئىدى . ئۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك گىمنازىيىنىڭ داڭلىق ئەلاچىسى ، ئىنتايىن ئىدرەكلىك ھەم ناتىق ئىدى . ئۇنىڭ ئىقتىدارى جۇش ئۇرۇپ تۇرغىنىغا زوقلانغان پېشقەدەم پىر ئۇستازى << جەۋلانى >> دىمگى بىلەن مۇناسىپ بۇ نام ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپ قالغان ئىدى .

جەۋلانى ھەممىلا پەنگە قىزغىن ھەۋەس قىلاتتى ، بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىق ۋە نەسەبشۇناسلىققا بەكمۇ ئىشتىياق باغلايتتى . ئۇ ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالىنى ، سادىر بولغان ۋەقەلەرنىڭ رىيال تەزكىرىسىنى پىششىق ئىگەللەيتتى . شۇڭا ئۇنىڭ يەنە بىر تەخەللۇسى << نەسەبشۇناس جەۋلانى >> ئىدى .

جەۋلانى << ئويچاكان >> سېپىدا يۈز بەرگەن تىراگېدىينى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، تىت " تىت بولۇپ ، ئاخىرى ئەنە شۇنداق باھانە بىلەن باللارنىڭ قېشىغا كەلدى " دە ، ئۇلارغا پاجىئەنىڭ رېژىسسورلىرى " يىڭجاڭ بىلەن شۆگەننىڭ ھەقىقى تەرجىمھالىنى تونۇشتۇرۇپ قويماقچى بولدى . ئۇ ئالدى بىلەن شۆگەننى تونۇشتۇردى :

- شۆگەننىڭ ھازىرقى ئىسمى زامانقۇل ، بوۋاق چېغىدىكى ئىسمى ئاللىقۇل ، خەنزۇچە تەخەللۇسى " ئاخۇشۇ . ئۇ ، 1929 " يىللىرى تاۋ دارىن دىگەن ئامبالنىڭ قولىدا شۆتاڭدا ئوقۇغان . شۇ چاغدا بۇ تەخەللۇس بېرىلگەن . كېيىن ئۇ ، يامۇلدا ئىشلەپ يۈرۈپ ئامبالغا ياراپ قالدۇ . ھالال " ھارامنى ئىلغىمايدىغان بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى كىشىلەر << ئا توڭگۇز >> ياكى << ئاق توڭگۇز >> دەپمۇ ئاتىشاتتى .

ئۇ ، يۇرتىدىكى چوڭ بىر بەگنىڭ دوغىسى ئىدى . كىچە " كۈندۈز كەينىدىن سوكۇلدايتتى . بەگ ئاتتىن چۈشسە ، قولتۇقىدىن يۆلەپ ، چاپىنىنىڭ توپىسىنى قېقىپ ، ئاتنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ ، يايلى " قۇيرۇقنى تاراپ قوياتتى . بەگ كىچىككىنە كۈلۈمسىرەپ قويسا بەكمۇ خۇش بولۇپ كېتەتتى . ئۇ مۇشۇ يول بىلەن بارا " بارا ئۆزگىچە خاس خاراكتېر ياراتقان ئىدى .

زامانقۇل ، 1934 ¨ يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىهان بېرىپ ئۆتەلمەي قالىدۇ ¨ دە ، بايىقىدەك قىلىغى بىلەن جان بېقىشقا كىرىشىدۇ . دەسلەپىدە قىمار بىلەن ھەپىلىشىپ ، نۇرغۇن داڭدار قىمارۋاز ۋە جەزخورلار بىلەن تونۇشىدۇ .

ئۇ ، بىر ئاخشىمى سومكىغا بىر پار كاستىيوم ، بىر شىلەپە قاچىلاپ ، كونىشەھەرنىڭ ئۈچتۈرپان دەرۋازىسى يېنىدىكى بىر قىمارخانىغا كىرىدۇ . سۆگەتئېرىقلىق قىمارۋاز روزى ئېغىر ئۇتتۇرۇپ ، يەنە بىر تالاي قەرزدار بولۇپ قالىدۇ . جەزخورنىڭ لۈكچەكلىرى پىچاق تەڭلەپ روزىنى بوغىدۇ . بۇ چاغدا زامانقۇل ئارىلىشىدۇ ¨ دە ، بىرھەپتىدە تۆلەشكە مادار قىلىپ ، روزىنى بىللە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ . زامانقۇلنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىككىسى تۆنىدە كونىشەھەردىكى بانكىغا تېگىدۇ . روزىنى تام تېشىشكە قويۇپ ، ئۆزى ئەتراپىنى كۆزىتىشكە مەسئۇل بولۇۋالىدۇ ¨ دە ، شاققىدە كىيىم كېچەكنى يەڭگۈشلەپ ، بانكىنىڭ دىجۇرنىخانىسىغا كىرىپ روزىنى چاقىدۇ . زامانقۇل بۇ << خىزمىتى >> ئۈچۈن بانكىدىن نۇرغۇن مۇكاپات ئېلىش بىلەن ساقچى ئۇنى قولىدىن ئىش كېلىدىغان << يارامىلىق ئىكەن >> دەپ شۆڭگەنلىك ئىشىغا قويىدۇ .

- شۆنىڭدىن كېيىن ، - دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى جەۋلانى يەنە ¨ زامانقۇلنىڭ ئىشلىرى كۈندىن ¨ كۈنگە روناق تېپىشقا باشلايدۇ . ئۇ 30 ¨ يىللاردىكى قۇمۇل ، تۇرپان ۋە ئاقسۇ قوزغىلىڭىنىڭ تەسرىنى تازىلاشتا چوڭ گۆمپا كۆرسىتىدۇ . ئاقسۇ ، ئاۋات ، كەلپىن قاتارلىق ناھىيەلەردە قانلىق رول ئوينايدۇ . مەرىپەتپەرۋەر نۇرغۇن كىشىلەر ھالاك قىلىنىدۇ . دۇنيا ¨ دەپنە ، كىتاب نەرسىلەر بۇلاڭ ¨ تالاڭ قىلىنىدۇ . << كۆرۈنمەيدىغان قىز يوق ، ئېچىلمايدىغان سىر >> دىگەندەك ، ئۇنىڭ ئىشلىرى ئاخىر ئېچىلىپ ، كىشىلەر ئۇنىڭغا << ئال ¨ قۇش >> دەپ نام بېرىدۇ . ئۇ كۆپ قېتىم مەخپى تەقدىرلىنىدۇ . 40 ¨ يىللىرىنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇرۇمچىگە ئۆستۈرۈلىدۇ . << ئويچاكان >> پاجىئەسى ¨ زامانقۇلنىڭ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ ئوينىغان كارامەتلىك كومېدىيلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى .

جەۋلانى سۆزلەپ مۇشۇ جايغا كەلگەندە ، بىر ئاز دەم ئالدى . بۇ دەرسلەردىن ساۋاق ئالغان ئىرپان قاتارلىق يىگىتلەر - << شۆڭگەن >> قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى مۇپەسسەل بىلەن غەزەپلەنمەكتە ، جەۋلانىغا بولسا ، چەكسىز زوقلانماقتا ئىدى . . .

جەۋلانى ئاخىرىدا يىغجاڭ ④ نىڭ تەزكىرىسىنىمۇ تولۇق بايان قىلدى .

## ئون بەشىنچى باپ

پالتا چۈشكىچە ،

كۆتەك دەم ئېلىپتۇ .

- خەلق ماقالىسى

جەۋلاننىڭ نەسەب تۈنۈشتۇرۇشى ئارقىلىق ئەھۋالنى ئۇققان ئىرپان بىلەن باللار ئەمدى بايىقلارنى فامىلىلىرى بويىچە << ياك يىگجاك >> ۋە << زامانقۇل شۈگگەن >> ياكى << زاشۈگگەن >> دەپ ئاتايدىغان بولدى .

كېيىنكى سەھىپىلىرىمىزدىمۇ ئاشۇ << ناملار >> نامايەن بولىدۇ .

شۇنداق قىلىپ سەپەر يەنە داۋام قىلماقتا ئىدى . << ئالتۇنچىلار >> قەدىمقى كۆسەن جىلغىلىرىدىكى << مارالقولتۇغى >> دا بىر كېچە قوندى .

ئەتىسى ئەھلى سەلىپ ⑤ لەشكەرلىرىدەك ئاچۇ زار ماڭغان ئۇلار پەرىشان هالدا كۇچار شامالۋاغىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى چوڭ سايغا ئورۇنلاشتى . بۇ سايىنىڭ شىمال تەرىپى ئوچۇق بولۇپ ئۇ ئارقىلىق تەلەمەت داۋىنى تەرەپتىن تەگرى تېغىنىڭ ئىللىق شامالىرى ئۇرۇپ تۇراتتى . بۇ شامال بىلەن ئۇرغۇتۇپ چۈشكەن سۇزۇك سۇلار هارغىن تەنلەرگە ئاز بولسىمۇ ئارام بىرەتتى .

چۆللەردە چاڭقاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بۇ بىچارىلەرگە مۇشۇ مۇقەددەس ئانا تاغنىڭ زەمزەم سۇلىرى گوياكى ئانا ئوغزىدەك قۇۋۋەت ۋە ئابى هاياتتەك دەرمان بېغىشلايتتى .

بۇ چاغ ، بۇ پەسىللەردە گۈزەل كۇچار ئىنتايىن مەمۇرچىلىق ئىدى . بوستانلاردا قىرمىز گۈللەر خۇش بۇي ئەتىرلىرىنى چاچسا ، باراقسان باغلاردا مەي بولۇپ پىشقان ئۈرۈكلەر كۆڭۈللەرنى كۆيدۈرەتتى .

شامالۋاغ سەيلىگاھىدىكى ئەر ¨ ئايال جامائەت سۆكەن ، سۇۋەتلەپ كەلتۈرگەن ئۈرۈكلىرىنى يېيىشكەچ خۇش چاقچاق پاراڭلارغا بەنت ئىدى . ئۇلار ئۇدۇلىدىكى سايلىقتا سوزۇلۇپ ياتقان مۇساپىرلارغا ئىچى ئاغرىپ نان ، قېتىق ، يەل ¨ يىمىشلىرىنى ئەپكىلىپ بىرەتتى . بىچارە مۇساپىرلار كۇچارلىق قان ¨ قېرىنداشلىرىنىڭ شەپقەت ¨ شاپائىتىگە رەھمەت ¨ ھەشقالللارنى تەكرار ¨ تەكرار ئىزھارلايتتى . ئىرپان << ئالتۇنچىلار >> نىڭ دىل رىشتىسىنى ئىزھار قىلىپ ، قولىغا راۋاپىنى ئالاتتى ¨ دە ، شامالۋاغ بوستانلىرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ چالاتتى :

زامان بىزگە زور بولدى ،

زالىم بەگلەر كور بولدى ؛

خوۋلۇق كۆرمەي ياش تۇرۇپ ،

پىشانىمىز شور بولدى .

چۆللەرمۇ ¨ چۆل پىيادە ،

ئازاپ كۆردۇق زىيادە .

قاچان بىزگە پۈتۈلگەن ،

بۇنداق تەقدىر ¨ ئىرادە .

ئاتادىن ئايرىلىپ كەلدۇق ،

ئانادىن ئايرىلىپ كەلدۇق ؛

بىزدە ھېچ گۇناھ يوقتى ،

ئەجەپما خارلىنىپ كەلدۇق .

ئاتادەك مېھرىۋان بارمۇ ،

ئانادەك مېھرىۋان بارمۇ ؛

كوچار شەھىردە بىزلەرگە ،

قەدىردان باش پاناھ بارمۇ !

بۇ چاغدا ياڭ يېڭجاڭنىڭ كۆچاردىكى ئاكىسى ياڭ مىشۇ دارىيننىڭ << مەخپى >> تويى ⑥ بولۇۋاتقـان ئـىدى . زامانقۇلمۇ ياڭ يېڭجاڭ قاتارىدا بۇ تويغا ئالتۇن سوغاتلىرىنى ئاتاپ شاپاشلاپ يۈرەتتتى . << پالتا چۈشكىچە كۆتەك دەم ئېلىپتۇ >> دېگەندەك ، بۇ << مەخپى توي >> پۇرستىدە << ئالتۇنچىلار >> قۇراللىـق پىتلىقلارنىـڭ << پاناھـىدا >> خېلى ئوبدان ئارام ئېلىۋېلىشتى .

ئىككى كۈنلۈك << دەم ئېلىش >> تىن كېيىن ئۇلار يەنە شەرققە قاراپ ھەيدەلدى .

<< ئالتۇنچىلار >> قارا شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىنلاشماقتا ئىدى . تۇساتتىنلا نۇرغۇنى ئاغرىپ يىقىلىـشقا باشـلىدى . قارا كىزىك بىلەن ۋابا بەلگىلىرى بىلىنمەكتە ئىدى . ئاغرىق تېز يۇقۇپ باراتتى . يۇزلىگەن بىتاپلار زامانقۇل تەرىپىـدىن << لەخۋا ، ئىشەك ، دۆت ، كالۋا ، بەغەزەر . . . >> دېگەن ھاقارەت بىلەن ئاتالماقتا ئىدى . << ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك >> دېگەندەك تېخى ئۇلارنى ئۇرۇپ ، قوپال چىگرىن ئۆتۈگى بىلەن تېپەتتى . غېرىپقا غېرىپ يىغلاپ ، ئۇلارنىڭ ساقلىرى ئاغرىقلىرىنى يۆلەشتۈرۈپ ، كەچ پېشىن مەزگىلىگىچە ئاران دەريادىن ئۆتۈۋېلىشتى .

شەھەردە سارايلارغا ، بىر قىسمى ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇلۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . سىغمىغانلىرى كوچىلاردا دۈگدەرىـشىپ ، ژاندارمىلارنىڭ قورشاۋىدا يېتىشاتتى .

ئەتىسى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشتى . مىڭلىغان يىگىتلەر لاغىلداپ تىترەپ ، ياتقان پېتى ئۆلۈپ كەتتى .

ئۇيغۇر ئۇيۇشما << خەيرىيەت كومىتېتى >> تەشكىل قىلىپ ، ئاممىۋى ئىئانە توپلاش ئارقىلىق ياردەم قىلدى . نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ، بىچارە مۇساپىرلارنى يوقلاپ تۇراتتى . ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا خادىمى مەمتىمىن ، ئابدۇرېشىت قاتارلىقلار كېچە ـ كۈندۈز داۋالاش ئېلىپ باراتتى . دىئاگنوزلىرى مۇنداق يېزىلغان ئىدى : << ئوزۇق كەملىكتىن ئاجىزلاپ ، پىتلار شوراپ قانلىرى بۇزۇلۇپ قارا كېزىك بىلەن ۋابانى كەلتۈرۈپ چىقارغان . . . >>

ئاغرىق ۋە ئازاپ دەردىدىن بىر قانچە يىگىتنىڭ قاراشەھەر دەرياسىغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ ئۆلگەنلىكى مەلۇم بولدى .

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرلىرىدا كېزىك كېسىلى دەھشەتلىك پەللىگە يەتكەن ، ۋاھالەنكى ، ۋىراچ ئابدۇرەشىتمۇ قۇتقۇزۇش جەريانىدا كېسەل يۇقۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى .

ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدا ، قاراشەھەرنىڭ ھاۋاسى سالقىنلاشقا باشلاپ ، تىرىك قالغان يىگىتلەرنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە يۈزلەندى .

لېكىن << ئويچاكان >> ۋەقەسىنىڭ قايتا سادىر بولماسلىقى ئۈچۈن ژاندارمىلار نازارىتى كۈچەيتىلمەكتە ئىدى . گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن تەڭلا دەرۋازىلىرى تاقىلاتتى . كۈندە نەچچە نۆۋەت دىگۈدەك يوقلىما قىلىناتتى . كوچىلارغا گەيجاڭ ، پاشىپايلارمۇ كۆز ـ قۇلاق قىلىپ قويۇلغان ئىدى .

بىر ئاخشىمى سارايدا پات ـ پاراقچىلىق باشلىنىپ كەتتى :

- ئەكبەر قېچىپتۇ ! ـ دېگەن چوقان كۆتىرىلدى . ساقچىلار تەرەپ ـ تەرەپكە يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى . شۇ ئەسنادا مەھەللە گەيجاڭى كېلىپ زامانقۇلغا :

- كۆك چاپانلىق ئىككى ئادەمنىڭلار ئاتۇش مەھەللىسىدىكى بىر قوراغا كىرىپ كەتتى ـ دەپ خەۋەر قىلدى .

زامانقۇل يان قورالىنى ئېسىپ يۈگۈردى .

ئۇ ئاتۇش مەھەللىسىدىكى ھېلىقى قورا ئالدىغا كەلگەندە ئۇ يەردە بىر بالا تەپكۈچ ئويناۋاتاتتى . زامانقۇل بالىدىن كۆك چاپانلىق كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى تەقلەپ سورىدى .

- ياق كۆرمىدىم ، - دىدى بالا .

بالىنى تام تۈۋىگە تارتىپ ، بىر سوم بىلەن بىر كالىلەك ناۋات بېرىۋىدى ـ ئېغىلدىكى ئوقۇردا ـ دىدى گۆل بالا .

زامانقۇل ئەكبەرنى تەپكەن پېتى ھەيدەپ چىقىپ ، سارايغا ئېلىپ كەتتى .

## ئون ئالتىنچى باپ

1

زامانقۇل شۇ كۈنى يەنە ئىككى << قاچقۇن >> نى لاما بۇتخانىسىغا كىرىۋالغان يېرىدىن سۆرەپ كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدە بىرسى مارالبىشلىق يېزا ئۇقۇتقۇچىسى بولۇپ ، 24 ياشلار قارىسىنى ئالغان زىلۋا بوي يىگىت ئىدى . << بۇ ، دىنغا قارشى ئىغۋاگەر چاتاقچى >> نى بەگلەر << ئالتۇن ئالۋىكى >> غا تۇتۇپ بېرىپ قۇتۇلغان ئىدى .

زامانقۇل دەرغەزەپ بىلەن ھۆرپىيىپ ، ئۇقۇتقۇچى بىلەن ئەكبەرنىڭ كاچاتلىرىغا بىر نەچچە تەستەك سالدى ۋە گۆلىيىپ :

- قېنى سۆزلەش ، قېچىپ نەگە بارماقچى ؟ - دەپ سورىدى .

. . . . . . .

يىگىتلەر زۇۋان سۈرمەي جىم تۇرۇشاتتى . زامانقۇل قول چوماقچىلىرىغا ئىشارەت قىلدى " دە ، ھايت " ھۆيت دىگۈچە ئۇلار قانغا مىلىنىپ كەتتى .

- سەنلەرنى مانا مۇشۇنداق ھوشۇڭغا كەلتۇرۇپ قويىمەن .

<< يەرگە كىرسەڭ كۆكۈلاڭدىن ، ئاسمانغا چىقساڭ تاپىنىڭدىن تارتىمەن ... >>

ئۇ ، شۇندىن كېيىن ، ئارقىسىغا غەزەپ بىلەن بۇرۇلغان پېتى ئۇدۇل يامۇلغا كەتتى .

ئىرپان باشلىق يىگىتلەر كېلىپ ، بايىقى قانغا مىلىنىپ ياتقان يارەنلەرگە پاناھ بولماقتا ئىدى . ئېغىز " باشلىرىنى ئېرتىپ ، سۇلارنى ئىچكۈزەتتى .

ئاغرىقتىن ئەمدىلا ئۆزە بولۇپ ، ئەلەڭ " سەلەڭ يۇرۇۋاتقان ئىرپان غەيرەت قىلىپ ، << خەيرىيەت كومبىتتى >> گە بېرىپ ، ئۇلار ئارقىلىق دوختۇر مەمتىمىننى تاپتى . دەرھال مەمتىمىن جىددى چارە " تەدبىرلەرنى قىلدى .

ئەتىسى ئۇقۇتقۇچى كۆزىنى سەل ئېچىپ ، يېنىدا تۇرغان ئىرپانغا بىر قارىدى " دە ، ئىشتان لىپىزىدىن خەت ئېلىپ ئاستا ئۇزاتتى .

- ئاھ ، ئانا ، جان ئانا ، - دىدى ¨ دە ، لەسسىدە بولۇپ ۋە بىر سوزلۇپ جان ئۈزدى . ئىرپان ئۇ ئوقۇتقۇچىنى << خەيرىيەت كومىتېتى >> ئارقىلىق دەپنە قىلىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇدى . مەرھۇم تۆەندىكى مەسخىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى :

كېيىمىڭ مانجۇچىمۇ ، سولۇنچىمۇ ،

ئۆرۈمە چاچ قويغان ئىدىڭ خوتۇنچىمۇ ؛

ھال سورايتتىڭ ئۇچرىسا ئوتۇنچىمۇ ،

توختى مانجۇ ① قايدا كەتتىڭ ، نەدىسەن ؟

كىرگۈزەتتىڭ << چوڭ قارا >> دەرۋازىغا ،

زەڭ سالاتتىڭ تۆل ¨ يىتىم ئاۋازىغا .

بولمىدىڭ قۇل ئامبىلى ، بەگ ، قازىغا ،

توختى مانجۇ قايدا كەتتىڭ ، نەدىسەن ؟

مانا ئەمدى بۇ زامانقۇل ھەيۋىسى ،

راست زامانقۇل ئۇشبۇ دەۋران دەللىسى .

ئۇندا يوق ۋىجدان دىگەن ئەقەللىسى ،

توختى مانجۇ قايدىسەنۇ نەدىسەن ؟

2

1942 ¨ يىلى نويابىرنىڭ باشلىرى ئىدى . . .

<< ئالتۇنچىلار >> نىڭ ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغانلىرى ئارغىبۇلاقنىڭ ئەجەل ۋادىسىدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن ، قانات ¨ قۇيرۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، ئاخىرى كېلىپ ئۆلانبايىدىكى دەشت ¨ باياۋانغا توپلاندى .

ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدا قەد كۆتىرىپ تۇرغان تەڭرى تېغىنىڭ ھېساپسىز چوققىلىرى قار بىلەن قاپلىنىپ ياتاتتى . غەرپتىن شەرققە سوزۇلغان << ئىرەن قوۋۇرغا >> دەپ ئاتىلىدىغان بۇ بىپايان تاغ تىزمىلىرىنى مەشھۇر << تېكە داۋىنى >> ئىككىگە ئايرىپ تۇراتتى . << تېكە داۋىنى >> نىڭ غەربىدىكى داراجىلغىسىدىن مىسىق ھەم زىردى ئېقىنلىرى ، شەرق تەرەپتىكى جىلغىلاردىن بولسا << قۇرۇت ئېقىنى >> داشگۇ جىلغىسىدا قوشۇلۇپ ، ئاخىرىدا ئۇزۇنلۇقى نەچچە يۈز كىلومېتىر ياردائلىق پەيدا قىلغان ئىدى.

داشگۇ جىلغىسىنىڭ سۇلىرى بىپايان جەنۇبىي ئۆلانباي دەشتى ئارقىلىق << قەدىمقى خارابە شەھەر >> نى ئايلىنىپ ، ئۈرۈمچىدىكى تېقىر كۆل ھەم سېسىق كۆللەرگە قۇيۇلاتتى .

ئەنە شۇ داشگۇ ئېغىزىدىن تاكى تېقىركۆل قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغان بىپايان چۆللەر ¨ جەنۇبىي ئۆلانباي دەشتلىرى ، دەپ ئاتىلاتتى . بۇ چوڭ دەشتنىڭ شەرق تەرىپىدىكى داۋانچىلىك تاغ ئېغىزىدىن باشلىنىدىغان بوران يولى مۇشۇ جەنۇبىي ئۆلانبايدىن غەرپكە سوزۇلاتتى .

نويابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ كۈن ئارىلاپ دىگۈدەك چىقىپ تۇرىدىغان شۇۋرغانلىق بورانلار كۆز ئاچقۇسىز دەرىجىدە قويۇق ئاق ¨ توزاڭ پەيدا قىلىپ ، كىشىنى يىرگىنىدۇرەتتى ، گاھى كۈنلىرى ئۇ قورقۇنچلۇق ھۇۋۇلايتتى .

تاغ جىلغىسىدا ، بولۇپمۇ داشگۇ جىلغىسىدىن پات ¨ پات چىقىپ تۇرىدىغان بوران ¨ جۇدۇن ، ئىس ¨ تۇتەكلەر بىلەن نەپەسلەر قىسىلىپ ، كۆڭۈل بىئارام بولاتتى .

سانسىزلىغان سەپداشلىرىنى تاغۇ ¨ دەشتلەردە قاغا ¨ قۇزغۇنلارغا قالدۇرۇپ كەلگەن << ئالتۇنچىلار >> نىڭ ئاخىرقى جايى ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى مانا مۇشۇ ئۆلانباينىڭ << ئەجەل دەشتى >> بولغان ئىدى . ئەمدى بۇ باياۋاندىمۇ شىغىللىق قەۋرىلەر << قەد كۆتىرىش >> كە باشلىدى .

بۇ چاغلاردا ياڭ يىڭجاڭ بىلەن زامانقۇل << شەرەپلىك ئىشى >> نى تۈگىتىپ قاياقلارغىدۇر غايىپ بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىدا << ئالتۇنچى >> نى باشقۇرىدىغان يېڭى خوجايىنلار ¨ ھەربىيلەر ، ساقچىلار ۋە سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ بىر تۈركۈم ھەيۋەتلىك خادىملىرى پەيدا بولغان ئىدى .

بۇلار يوغان قۇلاقچا ، قېلىن جۇۋا ، ئۇزۇن قونچلۇق چىگرىن ئۆتۈكلەرنى كىيىشىۋېلىشقان بولۇپ ، گاھىلىرى ئاتلىق ، گاھىلىرى پىيادە يۈرۈپ داشگۇدىن تېقىركۆلگىچە سوزۇلغان زاۋال دەشتىدە چوڭ ئۆستەڭ لىنىيىسىگە تانا تارتىپ ، قوزۇق قېقىپ چام بەلگىلەيتتى .

<< ئالتۇنچىلار >> بولسا يىپلىك كىيىم ، ناچار تاماق بىلەن بارغانسېرى جۇدەپ ، جۇدۇنلۇق بۇ باياۋاندا ، قانلىق قامچىلار ئاستىدا ئۆستەڭ ئەمگىكى باشلانغان ئىدى .

بۇ كۈنلەر << مۆشۈككە ئويۇن ، چاشقانغا قىيىن >> بولۇپ ، ئۆلۈملەر ئەۋجى خوجايىنلارنىڭ قىرغىمۇ كېلىپ قويمايتتى .

<< سەنجۇ سەن >> باشلانغاندىن كېيىن ، نۇرغۇن ياشلار كېچىسى توڭلاپ ئۆلۈپ كەتتى .

<< ئاھ ، زۇلمەتلىك ¨ زاۋال دەشتى! >> دەپ ئىرپان ھەر كېچىسى جۆيلۈپ بىئارام بولاتتى . ئۇنى ئىنتىقام ئوتى ئۆرتەپ بارسىمۇ ، ھازىرچە ئىلاجسىز ئىدى . لېكىن ئۇ ، ئۆتكۈر ھەجۋى قوشاقلىرى بىلەن يۈرىكىدىكى قارشىلىق تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ باراتتى :

بېشىمىز قايدىمۇ ، باللا ،
پۇتىمىز تايدىمۇ ، باللا ؛
قاراپ ھوناق بىلەن كۆككە ،
كۆزىمىز ئايدىمۇ ، باللا .

تولۇق تاشتەك سىمىز ئىدۇق ،
سۆزى چۈچۈك مىغىز ئىدۇق ؛
چىرايلار سارغىيىپ شۇنچە ،
بوگۈن بىز لايدىمۇ ، باللا .

ئۆلۈپ يوللاردا ¨ چۆللەردە ،
ئېقىپ ياش تاشتى كۆللەردە ؛
تۇرار جاي بولغىنى ئەمدى ،
باياۋان ، سايدىمۇ ، باللا .

ئىسسىت ! توپ ¨ توپ قىرىلدۇق بىز ،

ئېچمىزدىن سىرىلدۇق بىز ؛

قىرىلسۇن ھەم تۈگەشسۇن دەپ ،

پەلەك تور يايدىمۇ ، باللا .

ھەقىقەت نەدە يۈرگەندۇ ،

نىچۈن رەڭگىنى تۈرگەندۇ ؛

ۋە ياكى ئۆلپىتى زالىم ¨

ھۆكۈمران ، بايدىمۇ ، باللا . . .

1943 ¨ يىلى فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرىدا داشگۇ جىلغىسى بىر ھەپتىگىچە قاپ ¨ قارا تۇمان قاپلىۋالغان بولۇپ ، يېقىن ئارىدىكى ئادەمنى پەرق ئېتىشمۇ مۇمكىن بولمايتتى .

مۇشۇنداق پۇرسەتنى پەملەپ كېلىۋاتقان ، جېنىدىن جاق تويغان << ئالتۇنچىلار >> ۋاقتنى غەنىمەت بىلدى .

<< بۇنداق ھاياتتىن ئۆلۈم مىڭ ئەلا >> - دەيتتى ، ئىرپان ، ئۆزگە ¨ ئۆزى پىچىرلاپ . ئۇ ئىشەنچلىك يىگىتلەر بىلەن خۇپىيانە سۆزلىششكە كىرىشتى .

ساقچىلارنىڭ جاڭزىبلارغا دەم ئېلىش ئۈچۈن كېتىشى ، يەنە بىر قىسمىنىڭ بولسا ھاراق بىلەن بەنت بولۇشىدىن پايدىلىنىپ ئىرپان بىر تۈركۈم يىگىتلەر بىلەن بىللە تۈيدۈرماي پەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى .

<< قاچقۇن >> لار شۇ كېچىدە داشگۇنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى تاغ باغرىنى بويلاپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدى . ئۇلار بىر ¨ بىرى بىلەن تېپىشالماي بېشى قايغان تەرەپلەرگە كېتىۋېرىشەتتى . ساقچىلارنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن خۇدۇكسىرەپ بىر ¨ بىرىنى قىچقىرىشتىن ساقلىناتتى .

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ساقچىلار سېزىۋالدى ¨ دە ، ئاتلىرىنى ئالمانلارچە تەرەپ ¨ تەرەپكە چاپتۇرۇپ قوغلاپ ماڭدى . كەچقۇرۇنلۇغى 20 گە يېقىن يىگىتلەرنى تۇتۇپ كەلدى . بۇ يىگىتلەر تاغنىڭ ئۆي ¨ چۆكقۇرىنى ئاڭقىرالماي ئېزىقىپ قالغان ئىدى . بەزىلىرى بولسا سارچوقا يېنىدىكى ئەخمەتخان ھاجىنىڭ جاڭزىسى ئەتراپىغا يەتكەندە تۇتۇلۇپ قالدى .

ئېرىپانىڭ تەلىيى بۇ قېتىم ئوڭدىن كەلدى . ئۇنىڭ قەھرى ¨ غەزىۋى چېكىگە يەتكىنى ئۈزۈن كۈن پېتىشكە خېلى ئۈزاپ كەتكەن ئىدى .

ناكەسلىك قامچىسى يەنە شۇ تۇتۇلۇپ قالغانلار بېشىدا ئوينىشقا باشلىدى . بۇيرۇق بويىچە ساقچىلار ئۇلارنى بىر ¨ بىرىگە چېتىپ باغلىۋەتتى . شلۇبۇر كالتىكى تەككەن بەدەنلەر ، كىرىش قامچىدا ساۋالغان باشلار تىلما ¨ تىلما بولۇپ قانلار يامغۇردەك ئېقىشقا باشلىدى . باللار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى :

- ئاھ ! ئانا ، مەن نېمە كۆرۈۋاتىمەن ! ئاھ ! ئانا ! مەن قاچان سىنىڭ كۆكسىڭنى قاتتىق چىشلىۋەتكەن بولغىيتىم ؟!

ئاھ ، ئانا ! مەندىن رازى بولغىن ، - دەپ ھۇشىدىن كېتىشەتتى .

شۇنداق دەھشەتلىك << ئىبرەت >> تىن كېيىن ئۇلارنى باغلانغان پېتى يەنە شۇ ياردائىلىق تۈۋىگە قاماشتى .

ئەتىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇزلاپ چۆيۈندەك قېتىپ كەتكەن ئىدى . . .

## ئون يەتتىنچى باپ

1

ئالتۇنچىلارنىڭ ئامان قالغانلىرى << ملك ئۆلۈپ ، بىر تىرىلىپ >> يازغا ئاران ئۇلىشىۋالدى . مانا ، ئىيۇن ئايلىرىمۇ باشلاندى . تاغ يامزاللىرىدا خۇش پۇراق گۈللەر رەڭگارەڭ چېچەكلەپ كەتكەن ئىدى . بەزى غوللاردا قىزىرىپ پىشقان ئۆرۈكسىمان جىنەستىلەر ساڭگىلاپ تۇراتتى . تۆۋەن تەرەپتىكى چۆللەردە شۋاق ، يانتاق ، بۇيا ، چىغىرتماق ،ئازغان ، يۇلغۇن قاتارلىق دەشت گىياھلىرى كۆكىرىپ ۋە سولىشىپ ياتاتتى . نېرىقى تاغ قاپتاللىرىدىكى يېشىل قارىغايلار بولسا ، كۆكۈللەر زەۋقىنى مەھلىيا قىلاتتى .

جىلغا ياقىلىرىدىكى ئازغانلار ئارىسىدا غورۇلاي ، ئالا ۋە سېرىق قۇشقاچلار ۋىچىرلىشىپ ، شاختىن ¨ شاخقا ئۇچۇشۇپ دەۋر قىلاتتى . ئۇلارغا گاھىدا تورۇمتاي ، جاغالمانلار تەھدىتلەر سىلىپ ھەر يان قاچۇراتتى . پەس تەرەپتىكى پايانسىز ئۇلانباي ئويمانلىرىدا بولسا چارۋا پادىلىرى يامراپ يۇرۇشەتتى . پادىلارنىڭ ئۈستىدە جۇپ ¨ جۇپ سار ئەگىپ ئۇرۇق ئىزلىمەكتە ئىدى . نۇرغۇنلىغان توقۇناق قاغىلارمۇ پادىلارنى قوغلىشىپ ¨ گاھ قونۇپ ، گاھ ئۇچۇپ يۇرەتتى .

ئۆستەڭنىڭ نېرىسىدا ، شۇاقلار ئارىسىدا بىر يىگىت كالا تېزىكىگە ئۇلىشۋالغان قوڭغۇزلارنى ئېتىكىگە تىرىۋاتاتتى . ئاندىن ئۇ يۇگۇرۇپ كېلىپ سۆرەن سالدى :

- خۇش خەۋەر ، دۆلەت قوڭغۇزى ، ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى . . .

- دىتسىزلىقىڭنى قارا سىنىڭ ، سايىم ، - دىدى ئەكبەر ، ئۇنى مەسخىرىلەپ ، - << ئىشەك ئۆلمەن دىسە ، ئارقىسى غىجەك تارتىپتۇ >> دىگەندەك ، ئىنىملەرنى دەپ يۈرسەن ئەخمەق .

ئەكبەرنىڭ << دىتسىز ، ئەخمەق >> سۆزى سايىمنىڭ سەل زىتىغا تەگدى .

- كىمنى دىتسىز دەۋاتىسەن ، كۆزۈڭگە بېقىپ سۆزلە ، ماۋۇ دۆلەت قوڭغۇزى بولماي نىمە ؟ سايىم قوڭغۇزلارنى يىگىتلەرگە كۆرسىتىشكە باشلىدى .

- بولدى قوي ، بۇنداق تىتىقسىز گەپلىرىڭنى ، << دۆلەت قوڭغۇزۇڭ >> نىڭ دۆلىتى ئەنە شۇ تېزەك دۆۋىسى ، - دىدى ئەكبەر .

باللار پارقىدە كۈلۈشتى . سايىم لامزەللە ، ئەكبەر ئۆتكۈر ، ھەر ئىككىسى ئىرپانغا قاراقۇرۇم تاغلىرىدىن تارتىپ تونۇش بولسىمۇ ، ئىلگىرى بوشاڭلىق ۋە بەزى سەۋەپلەر بىلەن ، ئەمدىلىكتە بولسا ئاغرىق سەۋەبىدىن بۇ دۆرەم ئۇلار ئىرپان بىلەن قاچالمىغان ئىدى .

<< قوڭغۇز >> سۆھبەتلىرى ۋاقتىدا ئۇ يەرگە ئۈچ كىچىك ماشىنا كەلدى ۋە بىر قانچە ھەربىي ¨ مۇلكى ئەرباپلار چۈشتى . ئۇلار << جاڭپىڭ >> ئىشتاپىقا كىرىپ كېتىشتى .

يېرىم سائەتلەردىن كېيىن يىغىلىش بۇيرۇغى بېرىلدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي كاتتىۋاش دىگەنلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ ، يىگىتلەر توپلانغان شىغىللىق مەيدانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان قورام تاش ئۈستىدە تۇرۇشتى . ئارا بوي ، ياداڭغۇ كەلگەن ھەربىي كىشى ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ، سۆرۈن چىرايى بىلەن << ئالتۇنچى >> ياشلارغا بىر ¨ بىرلەپ قاراپ چىقتى . ئۇنىڭ كەينىدە ئاۋاق تۇڭچى تۇراتتى .

- سىلەرگە بىز ئەمدى يىڭى ۋەزىپە بالەيلەپ بىرىمىز ¨ دىدى ھەربىي ئەرباپ ۋە ھاكاۋۇرلۇق بىلەن خىلى سۆزلىدى . تۇڭچى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى :

- سۇك لۈيجاڭ ئېيتىدۇركى : . . .

تەرجىمانىنىڭ تەلەپپۇزىدىن ۋەزچىنىڭ كىملىكى ئېنىق بولدى .

سۆك لۈيجاك ئاندىن ، << ئالتۇنچىلار >> نى ئىلغاپ چوڭ ئىككى ئەترەتكە ئايرىدى . تىرىكرەكلىرى بىرىنچى تۈركۈمگە ئايرىلىپ شۇ كۈندىن تارتىپ << تىلسىمات تېغى >> ( ياۋموشەن ) نىڭ غەربىدە ھەربىي مەشىق ئۆگىنىشكە باشلىدى . ئىككىنچى تۈركۈمدىكى كېسەل ۋە ئاجىزلار جۇڭغارىيە ئۆستىكى قورۇلۇشىغا ھەيدەلدى .

سايىم ئاجىزلار قاتارىغا سەپلەنگەن ، ئەكبەر بولسا ھەربىي مەشىقتە ئىدى . << ئالتۇنچىلار >> ئالتاي تاغلىرىدا قۇيرۇقچۇقلارغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىنىپ ، تولىسى ھالاك بولۇپ تۈگەشتى . . .

2

ئۇرۇمچى دەرياسىنىڭ غەربىي ياقىسىدىكى << ياۋموشەن >> تېغى باغرىدىن لومەنچىڭ تەرەپكە يېڭىدىن تارتىلغان ئۇزۇن ئۆستەڭ قاشلىرى << ئالتۇنچىلار >> نىڭ قان ۋە ئۇستىخانلىرىدىن قەد كۆتەرگەن ئىدى .

ئېيۇل كىرگەندىن باشلاپ تىلسىمات تېغىنىڭ تاشلىرى تونۇردەك ياللۇنلىماقتا ئىدى . شۇنداق لاۋۇلداپ تۇرغان تومۇزدا << ئالتۇنچىلار >> ئارىسىدا قارا كېزىك قايتا باشلاندى .

ئاق مىچىت ، تاتار مىچىتى ، روزى ھاجىم مىچىتى ۋە باشقا مىچىتلەردە << ئالتۇنچىلار >> جىنازىسىنى ئوقۇشقا جامائەت ئۈلگۈرمەي ، تاۋۇت يېتىشمەي قىلىۋاتاتتى .

تىلسىمات تېغى يامزاللىرىدا ، ئۇرۇمچى كوچىلىرىدا ئاچ ¨ زار يۈرگەن ، تام تۈۋلىرى ، مىچىت ئالدىدا رەڭگى سارغىيىپ يېتىشىپ كەتكەن يىگىتلەرنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكى ئازاپلىناتتى . ئىئانىلەر ، كېپەنلىكلەر ، يېمەكلىكلەر ، كىيىم ¨ كېچەكلەر توپلانماقتا ئىدى . بۇ خىل خەيرىيەت ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ يۈرگەننىڭ بىرىنچىسى يۇقىرىدا كىتاپخانلىرىمىزغا تونۇشلۇق بولغان يۇسۇپجان جەۋلانى ئىدى . ئۇ << ئويچاكان >> دىن باشلاپ << ئالتۇنچىلار >> نىڭ بېشىغا چۈشكەن بالايى ¨ ئاپەتنى چۈشىنىپ كەلمەكتە ئىدى .

<< ئالتۇنچىلار >> ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن جەۋلانى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىرى ئىرپاننىڭ ئۇلانبايدىن قاچقانلىقىنى بىلدى . شۇ جەرياندا ياۋموشەن ۋە ئۇرۇمچىدە يۈز بېرىۋاتقان تىرگېدىيەلەرنى كۆرۈپ ، بۇ بەختسىزلەرگە ئىچى ئاغرىدى ¨ دە ، ئىئانىگە كىرىشتى .

جەۋلانى سودا سارايلىرى ، كوچىلار ۋە مىچىتلەردە تەرغىبات ئېلىپ بېرىش يولى بىلەن خېلى جىق نەرسە توپلىدى . بۇ ئىشقا بىر قانچە ساۋاقداشلىرىنىمۇ جەلپ قىلغان ئىدى . ئۇ ، توپلانغان مەبلەغنى مىچىت مۆتىۋەرلىرىگە ئىدىتلىق ئۆتكۈزۈپ ھۆججەتلىك ئېلىش ¨ بېرىش قىلاتتى .

جەۋلانى ئىئانە بەرگۈچىلەرنىڭ نامىنى ئالاھىدە ئېلان قىلىش ئۇسۇلىدىنمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىناتتى .

بىر كۈنى ئۇ ، ئاق مىچىت ئالدىدىكى سورۇندا ، ئىئانە تـوپلاش توغرىـسىدىكى سـۆزنى ئەمـدىلا ئاياقلاشـتۇرۇپ بولۇشىغا 19 ياشلاردىكى بىر قىز جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن :

- مەن شۇ بىچارە قېرىنداشلارغا 20 ماتا ياردەم قىلاي ، - دىدى .

جامائەت ئۇ قىزغا دۇئا قىلىشىپ ، باركاللا ئوقۇشتى . چۈنكى ، ماتا بەك جىددى زۆرۈر ئىدى .

جەۋلانى كېيىن تىزىملىك دەپتەردىكى ئادرىس بويىچە بـايىقى مەردانە قىزنـىڭ ئـۆيىگە زىيـارەت قىلـىپ بـاردى ۋە كاللىسىدىكى تۈگۈنچە يېشىلدى :

قىز ئاقسۇ كونىشەھەرلىك موللا يۈنۈس ئىرپانى ناملىق ئۆلىما زاتىدىن ئىدى . مـوللا يۈنـۈس ئىرپـانى بولـسا 30 - يىللىرى ئۆز بىساتىدىن خىراجەت چىقىرىپ مەھشۇر << يۈنۈسيە >> مەكتىپىنـى بىنـا قىلـىپ ، يېڭـى مائارىپقـا چـراق ياققۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى . قىزنىڭ ئۆز ئاتىسى تىجارەتچى بولۇپ ، كېيىنرەك ئۈرۈمچىگە ئورۇنلىشىپ قالغان .

لېكىن ، ئىككى يىللار بۇرۇن قىزنىڭ ئاتا ¨ ئانىسى ئارقا ¨ ئارقىـدىن ئۆلـۈپ كېتـىپ ، ئىككـى ئۆكـسى بىـلەن قالغان ئىدى . قىزغا ئاتىسى << يۈنۈسيە >> مەكتىپى ھەققىدە ھەم بوۋىسى موللا يۈنۈس ئىرپانىنىڭ مەرتلىكى ، ئۆتنىڭ يەنە بىر ئورۇنغا << يىتىم ¨ يىسىرلەر يۈرتى >> قۇرغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بىرەتتى . بۇ ھېكايىلەر قىزنىڭ قەلبىگە گويا مۆھۈر باسقاندەك ئورناشقان ئىدى .

يۇسۇپجان جەۋلانى قىزنىڭ ئەسلى زاتى ۋە ئىسىل پەزىلەتلىرىنى بىلىش بـىلەن بىئىختىيـار ئۆتنىڭغـا ئـامراق بولـۇپ قالدى .

قىز يەنە ماھىر كاسىپ ئىدى . جەۋلانى كىيىم تىكتۈرگۈچىلەر قاتارىدىمۇ كىلىپ تۇرىدىغان بولدى . شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىرى بىر ¨ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ ، بىر ¨ بىرىگە مىھىر ¨ مەيلى چۈشۈپ قالدى . . .

## ئون سەككىزىنچى باپ

1

ئىرپان << ئېرەن قوۋۇرغا >> تاغلىرىدا يوشـۇرۇنۇپ يـۈرگەن كـۈنلەردە شـىڭ شـىسەينىڭ كەتكەنلىكىنـى ئـاڭلاپ ، جانلىرى سۆيۈنۈپ كەتتى .

- ئەمدىغۇ نەس باسقان كۆڭلەر تۈگىگەندۇ ، قەشقەرغە كېتىش ۋاقتى يېتىپ كەلگەندۇ ؟ - دەيتتى ئۇ ، ئۆز ¨ ئۆزىگە .

شاڭ شىسەي 1944 ¨ يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن مەخپى ھالدا كەتكەن ئىدى . بۇ خەۋەر قۇلاقتىن ¨ قۇلاققا يېتىپ ھەممىنى بېسىپ باراتتى .

ئىرپان << ئېرەن قوۋۇرغا >> تېغىدا ئۆزىگە خەيرىخاھلىق بولغان قاراق ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپ :

- قەدىردان ئىمانبەك ئاتا ، سىزگە مىڭدە ¨ مىڭ رەھمەت ، - دېدى .

ئىرپان ئىمانبەككە ئاپىرىنلىرىنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيتتى . چۈنكى ئۇ قازاق خەلقىنىڭ مېھمان دوستلۇقىنى ناھايىتى كۆپ كۆردى . ئۇ ، مىننەتدارلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزھالاپ :

- مەن سىزنى ئۇ دۇنيا ¨ بۇ دۇنيا ئۇنۇتمايمەن ، سىز ماڭا ئاتا يوللۇق . ئەمدى پەرزەنتىڭىزگە رۇخسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن . . . ¨ دېدى .

ئىمانبەكنىڭ ئىرپاندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدىن نۇرغۇن ۋەقەلەر تەسۋىردەك ئۆتمەكتە ئىدى . ئاخىرىدا ئۇ :

- بولىدۇ ، ئوغلۇم ، ئىنسان ئۈچۈن كېيىندىك قىنى تۆكۈلگەن يۇرتى مەككىدىن ئەزىز ، جەننەتتىن ئەلا . قەشقەرگە كېتىمەن دېگىنىڭ يوللۇق ، لېكىن سەن ئۆلمەي قالغىنىڭ ئۈچۈن ماڭىلا ئەمەس ، قۇربانجان دېگەن باتۇر يىگىتكە مىننەتدار بول ، خەير ساڭا ئاق يول تىلەيمەن ، - دېدى .

قۇربانجاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن ئىرپاننىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ غېرىپ دوستلىرىغا كۆپتىن ¨ كۆپ باشپاناھ بولغان مەردانە قوربانجاننى تېخى يېقىندىلا شىڭ شىسەي جاللاتلىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى .

- شۇنداق ، ئاتا ، - دېدى ئىرپان ۋە كېيىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ، - مەن ھەر ئىككىڭلاردىن كۆپ مىننەتدارمەن ، ھەر ئىككىڭلار مېنىڭ جېنىمغا ئارا تۇرغان .

- يالغۇز سىنىڭلا ئەمەس ، ئۇ باتۇر يىگىت يەنە نۇرغۇن كىشىنىڭمۇ جېنىغا ئارا تۇرغان . بۇ ئىشلار ماڭا بەش قولدەك مەلۇم ؛ << ئاتالمىغان ئەردىن ، ئاتالغان دۆي ياخشى >> دېگەندەك ، ئۇ يىگىت ئۆزىنىڭ مەرتلىكى بىلەن ئەلنىڭ ئېغىزىدا قالدى .

بۇلاردا شۇنچە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان قۇربانجان ئۇرۇمچىنىڭ كۆنچى مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن . ئۇ ، يۇرتتىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ :

- نىمشقا تەڭشەلمىگەن ئالەم ؟ - دەپ ئۆزىگە سۇئال قويغان ۋە باشقىلاردىمۇ سورىغان . بەزىلەر : << توپ ئاتار غوجامدىن سورا >> - دىسە ، يەنە بەزىلىرى : << پەلەكشاھتىن سورا >> - دەپ جاۋاپ بەرگەن . قۇربانجان ئاخىرى ئالەمنى تەڭشىمىگەن << پەلەك ئۆردىسى >> غا ئوت قويماقچى بولغان . ئۇ كىچىكىدە سېھىرگەرلىك ، چامباشچىلىق گۇمپىسىنى مەشىق قىلغان يىگىت ؛ ئاقىۋەتتە ، ئاق بارات ۋە قازاق يىگىتى قامچىباي قاتارلىق ئون نەچچە ئەزىمەتنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرۈپ قىلغان ئىشلىرى بىلەن 20 - ئەسىرنىڭ << ئۇيغۇر دون كىخوتى ⑧ >> بولۇپ نام ئالغان ئىدى .

ئۇ دەسلىپىدە شىڭ شىسەينىڭ قېيىنئاتىسى باشقۇرغان بىر ئامبارغا تىگىپ ، ئاللىقانچە يۈز تاختا چاينى قولغا چۈشۈرىدۇ " دە ، ئۇنى قامچىباي ئارقىلىق << ئېرەن قۇۋۇرغا >> غا مەخپى ماڭغۇزۇۋېتىدۇ ، بەدىلىگە نۇرغۇن ئات ھەل قىلىۋالىدۇ . كېيىن ، ئۇ ھەربىي گېنىرال سىياقىدا ياسىنىپ ، ھەمراھلىرى بىلەن تېخىمۇ ئەپچىل ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ . جەنۇپتىن لەڭ بېسىپ كېلىۋاتقان ھارۋىلارنى توسايدۇ " دە ، لەڭ ھارۋىلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىپ ماڭغان ھەربىي ساقچىلارغا بۇيرۇق بېرىپ :

- << ئالتايغا ھازىر ئاشلىق كېرەك ئەمەس ، ھارۋىلار تېز يۇرتىغا قايتۇرۇلسۇن ، بۇ يۇقىرىنىڭ پەرمانى >> - دەيدۇ << گېنىرال >> قۇربانجان .

سەيسگە تۇتۇلۇپ ، جوڭغارىيە چۆللىرىدە لەڭ بېسىپ ، غەمكىن ماڭغان دېھقان ھارۋىكەشلەر ئەجەل چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قويغان بۇ << گېنىرال >> غا بارىكاللا ئېيتىپ ، ئارقىغا قايتىدۇ .

يۇقىرىقى ئىككى ئىش قۇربانجان دىلوسىنىڭ باش ئاملى بولۇپ ، دۇبەن ياڭدىن ئۇنى تىرىك تۇتۇش پەرمانى جاكالىنىدۇ . ئاختۇرۇشلار سىجىل داۋام قىلسىمۇ ،قۇربانجان ھېچ تۇتۇلمايدۇ . يېڭى " يېڭى ئەنزىلەر يەنە تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ ؛ بىر كۈنى دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ بەش ئېتىنى ئەپقېچىپتۇ دىسە ، يەنە بىر كۈنى داشىمىندىكى ھۆكۈمەت دۇكىنىغا بۇلاڭچى كىرىپتۇ . ئىككىنچى تۈرمىدىن مانچە مەھبۇسنى ئەپچىقىپ كېتىپتۇ ،دېگەن خەۋەرلەر شىڭ دۇبەننى بارغانسىرى ۋەسۋەسىگە سالماقتا ئىدى . شىڭ شىسەي باش ساقچىنىڭ كاتتىۋېشى لى يىڭچىنى چاقىرتىۋېلىپ قۇربانجاننىڭ سۈرىتىنى سورىدى .

لى يىڭچى دۇدۇقلىنىپ :

- قۇربانجان دىگەننىڭ بىزدە رەسىم ¨ سۈرىتى تۇگۇل ،سايىسىمۇ يوق ، ئۇ راستىنلا شـەيتانغا ئوخـشايدىغان بىـر نـېمە بولسا كېرەك ، - دىدى .

- ھىم . . . قۇربانجان . . . بۇ ئەبلەخ بىشىمىزغا بالا بولدى ، - دىدى شاڭ دۆبەن ئىزىدا ئولتۇرالماي ¨ بۇ ئاپەتنىمۇ << 12 ¨ ئاپرېل سۈيىقەستچىلىرى >> ⑨ دەك ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك ، - شاڭ شىسەي بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن يەنە داۋام قىلدى ، - بۇ ئاپەتنى قانداق ئۇجۇقتۇرۇش يەنىلا ساڭا باغلىق . چـۈنكى ، ئـوت ئۆچۈرىـدىغان << بانـان يەلپۈگۈچ >> ⑩ نى خىلى بۇرۇنلا ساڭا تۇتقۇزغانمەن .

لى يىڭچى ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى ئېگىپ قەسەميات قىلدى .

قۇربانجان ئۆز ئىشىنى يۇرگۈزۈۋېرەتتى . ئۇ ھەر خىل كىيىم ¨ كېچەكلەرنى راسلىۋالغان ئىدى . گاھىدا گېنېـرال ، گاھىدا ساقچى ، گاھى كۈنلىرى بولسا قازاق ، گاھىدا يېـزا قىزلـىرى سـياقىدا ياسـىنىپ خىرامـان يـۈرەتتى . ئۇنىـڭ قاملاشقان چىرايى ۋە قامىتى سېھىرسى ئۇچـۇن ئۇگۇشـلۇق ئىمكـانلارنى يارىتىـپ بەرگەن ئـىدى . ئۇنىـڭ ئـىشلىرى ئەل مەنپەئەتى بولغىنى ئۈچۈن ھېچكىمنىڭمۇ ئۇنى پايلاقچىلارغا چىقىپ قويۇشقا دىلى تارتمايتتى .

ئۇ . << ئالتۇنچى >> باللارنىڭ داشگۇ جىلغىسىدىكى پاجىئەسىنى قامچىبايدىن ئاڭلىدى ¨ دە ، ئەتىسىلا ئاق بارات قاتارلىقلار بىلەن ئاتلىنىپ سارچوقا تەرەپكە قاراپ ماڭدى . بۇ چاغدا ھەممە ياقنى قېلىن قار قاپلاپ كەتكەن ئىدى .

ئۇلار جىلغىمۇ جىلغا ، داۋانمۇ داۋان ئات چېپىپ يۈرۈپ ، بىر قىيا ئۇستىگە چىققاندا ، كۆزى ئۆتكـۈر قامچىبـاي ئالـدى ياقتىكى بىر ھاڭنى كۆرستىپ ، دوستلىرىنى باشلاپ ماڭدى .

ئۇلار قىيادىن پەسكە قاراپ چۈشۈپ ھاڭدىن ئۈچ كىشىنى تېپىۋالدى ¨ دە ، قارغا كۆمۈلۈپ قالغان بۇ ئۈچەيلەننى جۇۋىلىرىغا ئوراپ ، شۇ ئەتراپتىكى توشال ئۆيگە ئېلىپ باردى . بۇ ئىمانبەك چالىنىڭ قىشلىقى ئىدى .

ئىمانبەك تۇغۇپ ئىدى . ئۈچەيلەننىڭ تومۇرىنى بىر ¨ بىرلەپ تۇتۇپ كۆردى . ئۇلاردىن بىرى ئالللىقاچان قېتىپ قالغـان ئىدى . ئىككىنچىسى بىرەر ¨ ئىككى سائەتتىن كېيىن جان ئۈزۈپ كەتتى . ئۈچىنچىـسىمۇ نىمجـان ھـالەتتە ياتـاتتى . ھاڭغا دومىلاپ چۈشكەندە ئۇنىڭ ئوڭ قولى چىقىپ كەتكەن ئىدى .

قۇربانجانلار بايىقى ئىككى ئۆلۈكنى تاغ باغرىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ، ئۈچىنچى يىگىتنى تۇغۇپ چالغا تاپىلاپ :

- كېسەلگە ئوبدان قاراڭ ، ئېھتىياجلىق نەرسىڭىزنى بىز ھۆددە قىلىمىز ، - دەپ قايتىپ كېتىشكەن ئىدى .

بۇ نىمجان يىگىت ¨ ئىريان ئىدى . ئۇ ئىمانبەكنىڭ پەرۋىشى ئارقىسىدا ئاستا ¨ ئاستا ئەسلىگە كەلدى .

تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىنى ، قازاق خەلقىنىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ داۋاسىنى ئۇنىڭغا ئارام ۋە دەرمان بېغىشلىماقتا ئىدى . ئۇ ھامان قەشقەرنى . جان قورغاندىكى لەيلىگۈلنى ئەسلەيتتى . چولپان يادىغا يەتكەندە ئوت بولۇپ ياناتتى ۋە تولغىناتتى ، شۇڭا ئاۋۇلدىن ئاخىر خوشلاشتى :

- ئىمانبەك ئاتا ، دۇئا بېرىڭ . . .

2

ئىرپاننىڭ ئۇرۇمچىگە تۇنجى قېتىم كېلىشى بولغاچقا ، بۇ يەرنىڭ ئەلمە ¨ تەلمىنى ئالغىچە تېڭىرقاپ يۈردى . يانچۇق قۇرۇق بولغاچقا ، قەشقەرگە كېتىشكىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەكبەر بىلەن سايىمنىڭ دىرىكىنى ئۇقتى ¨ ئەكبەرنىڭ ئالتاي سوقۇشىغا كەتكەنلىكىنى ، سايىمنىڭ كونا مال بازىرىدىكى سوپى چەندازا دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئىمىن تاپتى .

ئاۋۇغۇستنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇ سايىمنى ئىزلەپ سوپى چەندازىنىڭ قوراسىغا كەلدى . نىمە ئۇچۇندۇر ، بۇ ئۆيگە نۇرغۇن جامائەت كىرىپ ¨ چىقىپ تۇراتتى . ئىرپان قۇرانىڭ ئالدىغا كەلگەندە ، ئەيمىنىپ دەرھال كەينىگە داجىۋىدى ، بۇنى كۆرۈۋالغان بىر كىشى دەرھال توۋلاپ :

- مېھمان يىگىت ، بېرى كەلسىلە ، كېلىۋەرسىلە ، - دەپ قىچقاردى . بۇ كىشى دەل سوپى چەندازىنىڭ ئۆزى ئىدى.

سوپى چەندازا مېھمىنى ئۆيىگە باشلاپ ، جامائەت بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزدى . ئىرپان جامائەتنىڭ دۇئا ياندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن << مۇبارەك بولسۇن >> دېگەنلىرىگە قاراپ ، بۈگۈن توي چېيى ئوخشايدۇ ، دەپ ھېس قىلدى . جامائەت ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن ، ئىرپانىمۇ خوشلىشىپ ماڭماقچى تەمشىلىۋىدى ، سوپى چەندازا ئۇنى توختۇۋېلىپ :

- مەن يېتىمچىنى ئۆيۈمدە بىر كىچە قوندۇرماي كەتكۈزمەيمەن ، پەممىچە سىز مۇساپىر ئوخشايسىز . بۈگۈن كېچە مېنىڭ بىلەن ھال ¨ مۇڭ بولۇڭ ، - دېدى ¨ سە ، ئىرپاننى قوندۇرۇپ قالدى .

ئۇلار ئەكچە پاراڭلاشتى ۋە تونۇشتى . پاراڭ بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگىچە ، ئۇمەر باينىڭ بېخىللىق بىلەن يىققان دۇنياسىنىڭ قانداق تۈزۈۋپ ، ئۇزىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىدىن تارتىپ ، كاراۋان بېشى نەسىردىننىڭ ھالاكىتىگىچە ، << ئالتۇنچى >> يىگىتلەرنىڭ قانداق نابۇت قىلىنىشىدىن تارتىپ ، زومىگەر نادان بەگلەر بىلەن زامانىقۇلنىڭ قانلىق جىنايەتلىرىگىچە كېڭەيگەن ئىدى .

- مەن قەشقەردىن چىققاندا ، - دەيتتى سوپى چەندازا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ، - ئالا خورجۇننى ئۈشنەمگە سېلىپلا چىققان . بۇرۇن مېنى << ئالا خورجۇن قەشقىرى >> دەپ زاڭلىق قىلىدىغانلار ئەمدى << چەندازا تاغا >> دەپ يېنىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىشىدىغان بولدى . مېنىڭ چەندازام قەدىمقى يوپۇردىن تارتىپ << زەپ كاشغەر >> ، << زەرب كەشمىر >> ، << زەرب خوتەن >> دەپ ئاتالغان يوللارنىمۇ كۆردى . مەن مۇشۇ يوللار بىلەن نۇرغۇن يىتىمچىلارنىڭ بېشىنى سىلىدىم ...

ئۇ ئىلگىرى قىمارۋازچىلىق بىلەن ئاشۇنداق ئۆتكەن بولسا ، كېيىنكى كۈنلەردىكى ئاشپەزلىك تىجارەتلىرى ھەققىدە ئېيتىشنى خالىمىدى .

سوپى چەندازا ئاردىن ئىرپانغا سايىمنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ :

- سايىم سارغىيىپ يېنىمغا كەلگەندە ئۇنى بىر كىچىك ھوجرىغا تەنھا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم ، لېكىن سايىم بەدقىلىق يىگىت بولۇپ چىقتى ، ھەر كۈنى دىگۈدەك ھاراق ئىچىۋالىدۇ ، ئىش خۇشياقمايدۇ ، - دىدى .

ئىرپان ئۆز ئاغىنىسىنىڭ بۇ قەدەر چۈشكۈنلۈكىنى ئاڭلاپ ئىچى سىرىلدى . سوپى چەندازا ئۇنىڭ دىققىتىنى يېڭى بىر مەسىلىگە جەلپ قىلىپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى :

- مەن يىتىم ¨ يېسىرلەرگە قولۇمدىن كەلگىنىنى ئايىمىدىم ، سايىمغىمۇ ، باشقىلارغىمۇ شۇنداق . مەن سىزگە بۈگۈنكى توي مەركىمىزنى مىسال قىلىپ بىرەي :

شىنشىشيانىڭ يولى ئېچىلغاندىن كېيىن (11) مەن تىجارەت ئۈچۈن جۇچۇەنگە باردىم . ئۇ يەردە كۆرگەنلىرىمنى دىسەم ئاڭلاپ ئىچىم سىرىلىدۇ . كوچا ¨ كوچىلاردا ، يول بويلىرىدا ، بۇتخانا ئالدىلىرىدا ئىگە ¨ چاقىسىز يىتىم ئوغۇل ¨ قىزلار قىپ ¨ يالىڭاچ يۈرۈشىدۇ . ئېچىقاپ كېتىشكەن بۇ نارىسىدە بالىلار نان ! نان ! دەپ ئالدىڭىزغا ئېتىلىپ كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئېرىق بويلىرىدا ھاشارەتلەر بىلەن سىغىز لايلارنى يەپ تۇرۇشلىرىچۇ ! ... مەن بۇلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى ، لېكىن ئامال قانچە ؟ مەن ئىشمىغا كېتۋەردىم . شۇندا بىر قىزنىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم . كىچىككىنە بىر قىز زارلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ . ئۇ كەلگىنىچە پېشىمگە چاڭ ئېسىلدى . كۆزى مۆلدۈلەپ ، توختىماي ياش تۆكۈپ تۇراتتى . ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ ، بىر توغرام نان بەردىم ¨ دە ، يولۇمغا مېڭىشقا تەمشەلدىم ، لېكىن قىز ناننى قولۇمدىن ئېلىپ تۇرۇپمۇ يەنە كېلىپ پېشىمگە يىپىشتى . ئۇ يىغلاپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى . شۇ چاغدا سىرىق ئۆيغۇر ئايلىدىن بىرسى كېلىپ قالدى . ئۇنىڭ ئېتى ئاسنا ئىكەن . ئاسنا مېنىڭ شىنجاڭلىق

ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى بىلدى ¨ دە ، ھېلىقى ئاۋاق قىزنىڭ دېگەنلىرىنى ماڭا ئۆرۈپ بەردى . تېخىچىلا پېشىمنى قويۇۋەتمەي چۇلدۇرلاۋاتقان قىزنىڭ ئىسمى مالەن بولۇپ ، ئۇنىڭ ئاتا ¨ ئانىسى يېقىندا يۈز بەرگەن قەھەتچىلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن . بىرلا ئاكىسى بولۇپ ، ئۇمۇ جان بېقىش ئۈچۈن قاياقلارغىدۇر كېتىپ قاپتۇ . بۇ قىز ماڭا : >> مېنى بېقىۋال ، بولمىسا ئۆلۈپ قالىمەن >> دەۋاتقان ئىكەن . مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىۋېدىم ، ھېلىقى ئاسنامۇ بۇ قىزنى بېقىۋېلىشىمنى تەلەپ قىلدى . مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىدى . مالەننى شۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدىم ¨دە ، ئارزۇلاپ بېقىپ چوڭ قىلىۋاتىمەن ، - سوپى چەندازا ئاردا بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، داۋام قىلدى . ¨ مېنىڭ ئايلىم كېسەلچان بولغانلىقتىن بىز بالا يۈزى كۆرەلمىگەن ، شۇڭا خوتۇنۇممۇ مالەنگە ئامراق بولۇپ كەتتى . قىزىممۇ ئاپىسىغا شۇنچە ھېرىس . بۈگۈن مانا جامائەتكە توي بېرىۋالدۇق . ئەزان ¨ تەكبىر ئېيتىپ ، قىزىمغا مەريەم (12) دەپ ئات قويدۇق . . .

- باركاللا تاغا ، ئۆزلىرىگە يېڭىۋاشتىن قول قويدۇم ، - دېدى ئىرپان ، سوپى چەندازىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ .

بۈگۈنكى تونۇشۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىرپان ئۈرۈمچىدە ئۈزۈن مەزگىل تۇرۇپ قالدى .

3

ئىرپان ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالغان مەزگىللەردە يەنىلا سوپى چەندازا ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى . ئۇنى >> سەنشىخاڭزا >> كوچىسىدىكى بىر كىچىك ماتا ¨ چەكمەن دۇكىنىغا قارىتىپ قويدى .

لېكىن ئىرپاننىڭ غېمى ئاغىنىسى سايىمدا قالدى . ئىككەيلەن تېخىچە يۈز كۆرۈشەلمىدى . سايىم قان ساتقان پۇلغا ھاراق ئىچىپ >> بېشىنى قايغان ، پۇتى تايغان >> يەرلەردە يۈرەتتى . سوپى چەندازا ئۇنىڭغا ئاتاپ بەرگەن ھوجرىغا كەلمىگىنىگىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان ئىدى .

ئىشتىن ئارا بولغان بىر كۈنى ئىرپان ئاغىنىسىنى ئىزلەپ كوچىغا چىقتى . قان سېتىۋالىدىغان جايلاردىن بىرى ¨ شەھەر ئىچىدىكى >> شاڭدىمياۋ >> نامىلىق بۇتخانىنىڭ كەينىدە ئىدى .

ئىرپان سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ، ئاشۇ بۇتخانا ئالدىغا كەلدى . بۇتخانىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى خېلى ياسىداق كەلگەن . ئۇنىڭ ئۈچلۇق گىرۋەكلىرىگە قالغاچ ، كەپتەرلەر قاتارىسىغا قونۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى . غول تېمىدىكى ئەجدىھا رەسىملىك نەقىشلەر كىشىگە باشقىچە تەسىرات قالدۇراتتى . ئىبادەت ئۈچۈن كەلگەن سۆرەلمە چاپان ، ئۈزۈن يەڭلىك ، تاقىر باش بۇت مۇشايىخلىرى كىرىپ ¨ چىقىپ تۇراتتى .

ئەينى زامانلاردا ئامباللىققا تەيىنلەنگەن دارىنلار ۋەزىپىسىگە مېڭىشتىن بۇرۇن دەسلەپدە مۇشۇ بۇتخانىغا كىرىپ باش ئۇرۇپ ، قەسەم ئىچىدىكەن . قارىماققا ئۇلار بۇتتىن ئىنساب ¨ تەۋپىق تىلىگەندەك قىلىسىمۇ ، لېكىن بارغان يېرىگە نەشتەر تىللىق ئەجدىھانى بىرگە ئېلىپ كېتىشىدىكەن .

ئىرپان بۇتخانا يېنى بىلەن ئارقا كوچىغا كىردى . 40 - 50 چە ئەر ¨ خوتۇن ۋە ئۇششاق باللار قان سېتىش ئۆچرىتىدە تۇرغان ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نامرات جۇۋان بىلەن زەپىرەگدەك سارغىيىپ ئۆڭدىن كەتكەن ئىككى ئوغۇل بالا ئىرپاننىڭ دىققىتىنى قوزغىدى . ھەر ئىككى بالا ئاشۇ جۇۋاننىڭ يۈرەك پارىلىرى ئىكەن .

ئۇلارغا قان بېرىش نۆۋىتى كەلدى . باللار ئاپىسىنى ئالدىرىتىپ قان ئېلىش ئۆيىگە پاتراق كىرىش ئۈچۈن قولىدىن سۆرەيتتى . ئىرپان ئىچ ئاغرىتىپ چىداپ تۇرالمىدى ¨ دە :

- مانا ماۋۇ پۇلنى بۇگۈنچە خەجلەپ تۇرۇڭ ، قان بەرمەڭلار ، چىرايىڭلار ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ . تېنىڭلاردا قان قالمىغاندەك تۇرىدۇ . قانسىراپ كېتىپسىلەر . . . ¨ دىدى .

- نىمىمۇ ئىلاجىم بولسۇن دەيلا ئەپەندىم ، كۆن ئالماق تەس بولدى . زامان تازا نەس بولدى . يۇرت بەگلىرى پەس بولدى . ئېرىمنى << ئالتۇن ئالۋىڭى >> غا تۇتۇپ كەتتى . قان ساتماي چارەم بولمىدى . قان شورىغۇچىلار كىچىك بالاڭنىڭ قېنى كېرەك دەيدۇ . مېنىڭ باللىرىمنىڭ قېنىنى بېرىشكە ئۆگىنىپ كەتتى ، - دىدى ئايال ياش تۆكۈپ .

ئىرپان چىدىيالماي يانچۇغىدىن ئالغان ياردەم پۇلنى بايىقى جۇۋانغا خالىس ئۇزاتقاندا ، جۇۋاننىڭ ئوغۇللىرى تەڭلا ھومىيىپ كەلدى ¨ دە ، ئىرپاننىڭ قولىنى قېقىۋېتىپ ، پۇلنى ئاپىسىغا ئالغۇزمىدى . باللار << يامان نىيەتلىك پۇل >> دەپ ھېس قىلىشقان بولسا كېرەك .

شۇنداق قىلىپ ئۇلار قان سېتىش بۆلۈمىگە كىرىپ كېتىشتى .

ئىرپان باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ ، سايىمنىڭ بۈگۈن ھەممىنىڭ ئالدىدا قېنىنى سېتىپ بولۇپ ، كېتىپ قالغانلىقىنى بىلدى ¨ دە ، كەينىدىن ئىز قوغلاپ نەنلياڭ تەرەپكە كەلدى . كەچ پېشىنگىچە ھېچيەردىن تېپىش ئالالمىدى . دۇكانمۇ ¨ دۇكان ، قاۋاقمۇ ¨ قاۋاق ئاربلاپ يۈرۈپ ئاخىرى چارچىدى ¨ دە ، بىر دوقمۇشقا كېلىپ كۆزنتىپ ئولتۇردى .

بىر مەھەل ئۆتكەندە خۇددى يۇسۇپجان جەۋلانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر زىيالىنىڭ ئۇدۇل تەرەپتىكى ئاشخانىغا كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشتى ¨ دە ، كەينىدىن ماڭدى ۋە ئاشخانىغا كىردى . ئۇ بۇلۇڭدىكى بىر ئورۇننى ئېلىپ ئولتۇردى . شۇمۇ ئەمەس دەپ خېرىدارلارغا يەر تېگىدىن تەكشى سەپسالاتتى ئۇ .

ئاشخانىنىڭ قىبلە تەرەپتىكى بۇلۇڭىغا قويۇلغان بىر چوڭ يۇمۇلاق شىرەنى چۆرىدەپ يەتتە " سەككىزدەك سىپايى خېرىدار ئولتۇرۇشاتتى . نېمە ئۈچۈندۇر ئاشخانىنىڭ خوجايىنلىرىمۇ ، تاڭجاڭ ، تىخودىلىرىمۇ پات " پاتلا ئاشۇ يۇمىلاق شىرە يېنىغا كېلىپ ، جاۋخولۇق قىلىپ ، پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى . هايت " هۇيت دىگۈچە شىرەنىڭ ئۈستى ناز " نېمەت ، هاراق " شاراپلار بىلەن تولۇپ كەتتى .

- بۇ ئىدارە زىياپىتى بولغايمۇ ياكى سىپايىلەرنىڭ باراۋەت ئولتۇرۇشىمىدۇ ؟ - دەيتتى ئېرپان ئىچىدە .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقىلاردىن بىرى ساقىلىق قىلىپ ، قەدەھ يۈرۈشتۈرمەك بولدى . ساقىنىڭ قەدەھ سۆزىنى ئاڭلاش بىلەن ئېرپاننىڭ گۇمانى يېشىلدى :

- دوستلار ، بىز ۋۇ جۇشىنىڭ تەيىنلىنىشى ، يەنى يۇرەك سۆزىمىز بىلەن دېسەك ، ۋۇ جۇشىنىڭ غەمخورلىقى بىلەن ناھىيلەرگە فۇشەنجاڭ بولۇپ مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز . قېنى << دەم غەنىيمەت ، دادار غەنىيمەت >> ، خۇشاللىقىمىز ئۈچۈن << چىك ! >>

ئىچىش باشلاندى ، سورۇن قىزىپ كەتتى . << سىپايى سىرىنى يوشۇرالماس ، پۇچۇق بۇرنىنى >> دېگەندەك ، ئۇلار قىزىغانسېرى ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ ، ھەتتا << تىرناقتا توختايدىغان >> قىزلارنى تاللاپ ئالىدىغانلىقلىرىنىمۇ ئايانماي سۆزلەشمەكتە ئىدى .

ھايال ئۆتمەي ، ئاشخانىغا يېشى 40 لارغا ئۇلاشقان ئېگىز بوي ، شىر كەيىپ بىر كىشى كىرىپ كەلدى " دە ، بارغان پېتى سىپايىلەرگە سالام بەردى . ئۇ ، سىپايىلەرنىڭ مەنسىپىنى گويا بىراۋدىن ئاڭلىۋالغاندەك ، مەيداندا قىزىقچىلىق قىلغىلى تۇردى :

ئاڭلىسام ، ھەر بىرلىرى ئامبال بولۇشۇپلا ، مۇبادا ئىلتىماسىم مەزۇر تۇتۇلسا ، پەقىر " كەمىنلىرى ئوردا ھەرەملىرىدە چۆەر چەۋەنداز ، ماڭغان يوللىرىدا زىلچا پاياندااز بولۇشنى خالايمەن . ئىلتىپاتىنىڭ چوڭ " كىچىكى يوق ، جاۋاپلىرىغا ئىنتىزاردۇرمەن .

سىپايىلەردىن بىرى بۇ چاخچاقنى كۆتۈرەلمەي << نېمە دەيدۇ بۇ سولتەك ، بۇ يەردە ئالجىپ ، پەيزىمىزنى ئۈچۈرۈپ >> - دەپ سالدى " دە ، بالا تېرىدى .

قىزىقچى كىشى ئىمىن پەيدا دەپ نامى بار ھەجۋى قوشاقچى ئىدى . ئۇ بايىقى كەمسىتىشنى جاۋاپسىز ئۆتكۈزۈۋەتمىدى " دە ، قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ ھازىر جاۋاپ توقۇدى :

ناساز بولغاي ئامباللارغا چەۋەنداز ،

ناباپ رەختتۇر يوللىرىدا پاياندار ؛

ئۆزۈم تۇرسام بۇ شەھەردە مەردانە ،

ئۆتمەمدىمەن مەرتلىك بىلەن قىشۇ  ¨ ياز .

سىپايىلەرنىڭ كەيپى ئۇچتى ، جۇدۇنى قاتتى . ئارىسىدىن بىرى قىرچە تېگىپ :

- ئاكا ، ئېغىزىڭىزغا بالا تەگدىمۇ نىمە ، بۆلەك ئىش  ¨ كۆشلىرىڭىز يوقمىدى . ئادەمنىڭ جان  ¨ پىينى چىقارماي ، پاتراق كۆزدىن يوقىلىڭا . سورۇننى مۇشۇنچىلىك بۇزغىنىڭىزمۇ بەس يېتەرلىك ، - دىدى .

ئىمىن پەيدا تېخىمۇ كۆلۈپ كەتتى ۋە سىپايىلەرنىڭ يىغىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ، ئۆتكۈر تەنە بىلەن ئۇلارنىڭ ئاچچىق ئۇچىينى بەكرەك قوچۇۋېتىش ئۇچۇن << ئۇنداق قازانغا ، مۇنداق چۆمۈچ >> ئىشلەتتى :

- ئۇنچىۋالا كايىپ كەتكىچىلىك ئىش ئۆتۈلمىگەن ئىدى . بىراق ، هازىرقى ئامباللارنىڭ كالىلىسى دۆت ، هوشى يوق ، شۆڭا پۇقرا بىلەن خوشى يوق ، - دىدى  ¨ دە ، ئارقىدىن بىيىت ئوقۇدى :

<< شاگدىمياۋ >> دىكى بۇتقا ،

قەسەم بېرىشەر ئامبال .

ئالۋاڭنى تولا سېلىپ ،

خەققە قالمىدى تامبال .

ئامبال چاچىدۇ سەيسە ،

بەگلەر چاچىدۇ قاتلاپ .

قامچا سالىدۇ دورغا ،

نامرات ئۆتىدۇ داتلاپ .

كەچ كىرگەن ئىدى . ئىمىن پەيدانىڭ كومپىديىسى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭ ئاشخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قاۋاقخانىدا پەيدا بولغان ۋاڭ " چوڭ ئاۋازى ئۇقتەك كىرىپ كەلدى .

ئىرپان يوگۇروپ سىرتقا چىقتى . نۇرغۇن كىشىلەر پاتقاقتا ملىنىپ ياتقان بىر مەسنىڭ چۆرىسىگە چىقىشۋالغان ئىدى . مەس هامان بىرلا سۆزنى ئەۋزەيلەپ تەكرارلايتتى :

- هەي ، دىگىنە ، مەن راست ئىشەكمۇ ، مەن ئىشەكمۇ ؟ . . .

مەلۇم بولدىكى ، مەس بۆلەك قاۋاقخانىلاردىمۇ تازا قانغىچە ئىچىۋىلىپ ، ئاندىن مۇشۇ قاۋاقخانىغا خۇددى يوق كىرىپ كېلىدىكەن . غاراك " غورۇك ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بىرىپ ، مەيخانىنى بېشىغا كىيىدىكەن ، قاۋاقخانا خوجايىنى كايىپ : >> يوقال ، ئىشەك ! >> دەپ دۇشكىلىگەن پىتى تالاغا ئىتتىرۋەتىپتۇ " دە ، تاپسا ئالدىغا دۇم چۈشۈپتۇ .

ئىرپان توپنى يىرىپ كىرىپ قارىۋىدى ، دەل هىلىقى سايىم !

ئىرپان بىر هارۋا تېپىپ ، سايىمنى ئۇدۇل سوپى چەندازنىڭ قوراسىغا ئېلىپ كەتتى .

4

ئەتىسى سايىم بېشىنى ئالالماي قالدى . كۆزىگە قىزىللىق تىقىلىپ ، تام " تورۇس چۆگىلەۋاتقاندەك هېس قىلاتتى . بىر مەهەلدىن كېيىن ئاران ئورنىدىن قوپتى " دە ، تاپسا يىنىغا بېرىپلا قان سەپرا قىلدى .

ياش سايىمنىڭ يۈزلىرىنى قورۇق باسقان ، تەقى " تۇرقىدىن هازىر ئۇ خۇددى هال چۈشۈپ ، پىلىگى قۇرۇپ قالغان يىلىگەش خاڭگاغا ئوخشايتتى . ئۇنىڭ قەددى كىچىكلىگەن ، بەللىرى مۈكچەيگەن ئىدى . ئۇنىڭ روهي " هالىتىدىمۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى . ئۇ ، مىجەزىدە تېرىككەك ، ئىشتىن زىرىككەك ، روهى سۇنۇق ، كەيپى خۇنۇك بولۇپ قالغان ئىدى . مانا بۇ ، هاراق " شاراپنىڭ ئۇنىڭغا كەلتۈرۈپ بەرگەن بالاسى ئىدى .

ئىچى كۆچلۈك ئىرپان سايىمنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەنلىكىدىن بىئارام بولاتتى . ئۇنىڭغا تاتلىقمۇ ، قاتتىقمۇ دەپ باقتى ، بىراق ، سايىم >> ئۆگىنىپ قالغان خۇي ، ئۆلگىچە >> دىگەندەك ، ناچار خۇيدىن بەزمىدى .ئەسكى قىلىقىدىن يالتايمىدى .

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىككەيلەن ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇنازىرە بولدى :

- يازنىڭ يېزىدا سېنى قەشقەرگە . . . ¨ دىدى ئىرپان كۆيۈنۈپ .

ئىرپاننىڭ ئېغىزىدىن گەپ چىقىپ بولا ¨ بولمايلا ، سايىمنىڭ تەتۈر تۈكلىرى ئۆزۈلدى . قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ، كاللپۈكلىرى كۆكىرىپ كەتتى . ئۇ لەۋلىرىنى غەلتە پۈرۈشتۈرۈپ :

- ساڭا ئارتىلىۋالدىممۇ ، نېمە ئېغىرىم چۈشۈپ قوغلايتتىڭ ، مەن بىلەن نىمانچىۋالا ئېيتىشىپ قالدىڭ ؟ - دەپ ھۆركىرىدى .

- ئېغىرىڭمۇ ، يېغىرىڭمۇ چۈشۈۋاتىدىغۇ ؟ قان سېتىپ ، لايغا مىلىنىپ يېتىپ ، بۇ يىگىت ئۈچۈن نومۇس ئەمەسمۇ ؟ << دوست ئاغرىتىپ ئېيتار ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ >> . ياخشى گەپ قىلسام ، نىمانچىۋالا كۆكەملىك قىلىسەن ؟

- سېنىڭ مېنى باشلايدىغان ھەققىڭ يوق ، ئۆزەڭ بىلگەن يولنى ئاتاڭغا بەرمە دەپتىكەن . مەن بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن . . .

سايىمنى ئازغان يولدىن قايتۇرۇپ كېلىش مۇمكىن بولمىدى ، لېكىن ئىككى دوستىنىڭ ھازىرقى مۇنازىرىلىرى توغرىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا << يىراق تۇرسا كىشىنىشىدۇ ، يېقىن تۇرسا چىشلىشىدۇ >> دەيدىغان ئۇقۇشماسلىقنى پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئىرپان ئەمدى سايىم توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايدىغانلا بولدى . ئۇنىڭدىن جاق تويدى .

بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە ئىدى . ئۇ راۋاپ ئىزلەپ كوچىغا چىقتى . ئۇنىڭ قەشقەردىن كۆتىرىپ كەلگەن راۋىپى << ئېرەن قوۋۇرغا >> تاغلىرىدا سۇنۇپ كەتكەن ئىدى .

ئىرپان نەنىمن روزى ھاجىمنىڭ مېچىتى يېنىدىكى بىر كىچىك دۇكاننىڭ ئالدىغا بارغاندا تۇرغان بىر راۋىقا كۆزى چۈشتى ¨ دە ، سۆيۈنگىنىدىن يۈگۈرۈپ دۇكانغا كىرگەن پېتى راۋاپنى قولىغا ئالدى ، راۋاپنىڭ بېشىدىن قۇلقىغىچە قاراشقا باشلىدى .

- پاھ ، بىزنىڭ تاشمىلىقتا ئىشلەنگەن راۋاپ ، - دەۋەتتى ئۇ .

راۋاپنى كۆرۈپ ئىرپاننىڭ زېرىكىشلىگى ۋە بايا سايىمدىن تارتقان ئەلەم ¨ خاپىلىقى بىردەمنىڭ ئارىلىغىدا ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى .

راۋاپنىڭ مۇڭگۇزىدىن ئىشلەنگەن يۇلتۇز شەكىللىك نەقشى ئۇنىڭ كۆزىگە گۈلدەك كۆرۈنەتتى . ئەگمەك قۇلىقى ھىلال ئاي نەشئىلىدەك ، يۇمۇلاق بېشى قوياش سىماسىدەكلا گەۋدىلىنەتتى . ئىرپان ئوتتەك زەۋقى بىلەن دۇكان ئىچىدىلا

زەخمەك ساداسىنى ئاجايىپ ئەۋجىگە كۆتىرىۋەتتى . راۋاپنىڭ بەش تارىسىدىن ئۇرغۇپ دولقۇنلىغان تەرەننۇم كۈيلىرى ئاڭلاپ تۇرغۇچىلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىدا تەڭلا ھاياجان قوزغىغان ئىدى .

دۇكاندار مۇزىكانتنىڭ ماھارىتىگە قايىل بولدى " دە ، راۋاپنى ئۇنىڭغا شۇ يەردىلا ھەدىيە قىلىۋەتتى .

ئىرپان سېخى خوجايىنغا ئەدەپ " ئەردەم بىلەن ھەشقاللا رەھمەت بىلدۈرۈپ بولۇپ ، كونا مال بازىرىغا يېتىپ كەلدى . بۇ يەردە ئۇنى تام ياقىلىرىدا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرغۇن مۇساپىر يېتىمچىلەر قورشىۋالدى . ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتاي تاغلىرىدىن قېچىپ كېلىپ يۇرتىغا كېتەلمەي يۈرگەن << ئالتۇنچى >> يىگىتلەرمۇ بار ئىدى . ئىرپان بۇ يەرگە توپلىشىۋالغان دىلكەشلەرنىڭ پارىڭىغا ئورتاق بولدى .

دەل مۇشۇ ئەسنادا كىيىنىشى سالاپەتلىك ، ياش قۇرامى 30 لار قارىسىنى ئالغان بىر يىگىتنىڭ سېخىلىغى بىردىنلا جامائەتنىڭ نەزىرىنى جەلپ قىلدى .

ئۇ سۈزۈك چىراي ، قەددى كېلىشكەن ، يەلكىسى كەڭ ، ئېغىزىغا ماسكا تارتىۋالغان ، بېشىغا مانچېستىر دوپپا ، ئۇچىسىغا سارجا كاستيۇم " بۇرۇلكا ، پۇتىغا قارا خۇرۇم بەتىنكە كىيگەن مەزمۇت بىر يىگىت ئىدى . ئۇ يانچۇقىدىن باغلام " باغلام يىپ " يېڭى دوللارنى ئوچۇملاپ ئالدى " دە ، ئۇنى << ئالتۇنچى >> يىگىتلەرگە كەڭ قوللۇق بىلەن تارقىتىشقا باشلىدى . بۇ چەكسىز سېخىلىقتىن تەسىرلەنگەن بەزىلەر بۇ مەردانە يىگىت كىم بولغىيدى ، تونۇمسىلەر ؟ - دەپ بىر " بىرىدىن سوروشتۇرۇشەتتى . لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ قىياسى ئېتىنمۇ ئېغىزلىرىدىن چىقىرالمىدى . سېخى كىشىنىڭ ئىسمى " شەرىپىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن مەيداندىكى ئىنتىزارلىق غۇلغۇلىسى توختىمىغاندىن كېيىن ، ھېلىقى سېخى يىگىت بىلەن بىللە كەلگەن دوغىلاققىنە قىزىل يۈزلۈك زىيالى : << ئەخمىدى ! ئەخمىدى !>> دەپ توۋلىدى .

- خوش ، ئۇنداقتا ئەخمىدى كىم بولىدۇ ؟ نەدىن كېلىدۇ ؟ نەدە ئىشلەيدۇ ؟ - دېگەن سوئاللارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي داۋام قىلاتتى . بىراق بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بەرگۈچى چىقمىدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئەخمىدىلەر كېتىپ قالدى .

ئىرپان بۇ سېخى كىشىنى قانداقتۇر بىر كىشىگە ئوخشاتقاندەك قىلدى " يۇ ، يەنىلا دەرگۇماندا بولۇپ ، تازا ئېسىگە ئالالمىدى . ئەمما ئۇ ، خۇددى تېپىشماققا جاۋاپ ئىزلەۋەتقان ئوقۇغۇچىدەك چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى .

## ئىككىنچى قىسىم

## ئون توققۇزىنچى باپ

1

كىتابخانلىرىمىز باشتىكى بابلىرىمىزدا زامانقۇلنىڭ دەسلەپكى تەرجىمھالى بىلەن قىسمەن تونۇشقان ئىدى . ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى ھايات تارىخىمۇ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ .

بۇ شەھەرگە ئۇ ، 40 " يىللارنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان . ناسىرنىڭ ھامىلىغىدا ھايىت " ھۆيىت دىگۈچە ئۇ ئىشنىڭ ئېپىنى تېپىۋالدى . ناسىر بولسا كىچىكىدە ھىمىت بەگنىڭ يىللىقچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى . كېيىنرەك ئۇ بەگنىڭ ئۆيىدىن قوغلىۋېتىپ ، ئۇرۇمچىگە ياياق كەلگەن . بۇ دەل قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتىلىغان چاغ ئىدى . ئۇ جىڭ شۇرىنغا ئەسكەر بولۇپ ، ئاشۇ قوزغلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا كۆپ قېتىم قاتناشقان . ئۇنىڭ بىرىنچى تۆھپىسى " 1931 يىلى 4 " ئايدا خاتىرىگە ئېلىنغان . شۇ چاغدا ئۇ دۇگۇجىڭ قىسىملىرىدا ئىدى . بۇ قىسىم تاغلىقلار بىلەن ئۇچراشقاندا كارغا كەلمەيدۇ " دە ، دېۋىزىيە كوماندىرى دوگۇجىڭ ئوق تېگىپ ئۆلىدۇ . چېرىكلەرنىڭ ئۆلمەي قالغانلىرى پېتىراپ قاچىدۇ . ناسىر بولسا مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈۋاتقان ئوققا قارىماي . دېۋىزىيە كوماندىرىنىڭ ئۆلۈكىنى ئاتقا ئارتىپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئىككىنچى تۆھپىسى ، شۇ يىلنىڭ كەچ كۈزىدە خاتىرىگە ئېلىنغان . ناسىر بۇ چاغدا جاڭ پېيۈەن قىسمىدا جەڭگە قاتنىشىدۇ ، بۇ جەڭدە تاغلىقلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ . ئاتاقلىق مەرگەن شىرۇللا مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ . جاڭ پېيۈەننىڭ بۇيرۇقى بۇيىچە ناسىر شىرۇللانىڭ كاللىسىنى كېسىپ ، ياغاچقا مىخلاپ قۇمۇل شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا سازايى قىلىدۇ . كېيىن ئىگىز مومىغا ئېسىپ قويىدۇ . ناسىر يەنە باپىنگورت باشچىلىقىدىكى ئاق روس يالالنما قىسىملىرىغا قاتنىشىپ ، 1933 - يىلى ياۋاردا لۈكچۈن خەلقىنىمۇ قىرغان . شۇ جۇملىدىن تۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ ئاتاقلىق تەشكىلاتچىسى مەخسۇت مۇھىتى شۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا قۇربان بولغان . ئۇنىڭ بېشىنىمۇ كېسىۋېلىپ ، تۇرپان شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇشقان ئىدى . ناسىرنىڭ بۇ تۆھپىلىرى ئۇنى >> شۆھرەت >> كە سازاۋەر قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدە ئالتا بۇرجەكلىك مېدال يالتىرايدىغان بولدى . بۇ كۈنلەردە ناسىرنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ قالتىس بولۇپ كەتتى . ئۇ ، قاپاقلىق ماۋزۇر ئېسىۋېلىپ ، كوچىلاردا >> سەن ئەمەس مەن >> دەپ يۈ ئېتىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ ئامەت قۇشى ئىككى باشلىق ئىدى . نەتىجىدە ئۇ ، شىڭ شىسەينىڭ مەخپى رازۋېت ئىدارىسىدە خېلى گېپى ئۆتىدىغان ، ئابرويلۇق بۆلۈم باشلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى .

زامانقۇل تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە ، ناسىرنىڭ سالاپىتى ، بولۇپمۇ قاپلىق ماۋزۇرى بىلەن مەيدىسىدىكى مېدالى زامانقۇلنى تاڭ قالدۇردى . شۆھرەت تەقەززالىقىدا يۈرگەن زامانقۇلنىڭ مەيلىنى مەس قىلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئېغىز شۆلگەيلىرىدىن سىرىق سۇ ئاقۇقان ئىدى .

- بىز كىچىكىمىزدىن بىلىشىمىزغۇ ، - دىدى ناسىر .

- ھەئە " دىدى زامانقۇل دەرھاللا .

- شۆھرەت دىگەن ھېلىقى سەتەڭلەردەك ئۆزىچىلا قوچاق ئېچىپ كېلىدىغان نەرسە ئەمەس . ئۇنى ھەر كىم ئۆزى تېپىشى كېرەك .

- چۈشەندىم ¨ دىدى زامانقۇل ، - بۇنى خېلىدىن بۇيان ئۆزۈممۇ چۈشىنىپ كېلىۋاتىمەن .

- ئۇنداقتا ، بىز بىر بۆلۈمدە ئىشلەيمىز . بىر ¨ ئىككى قېتىملا تۆھپە ياراتساڭ ، سېنىڭدىن ئەتىۋار ئادەم بولمايدۇ . ئەتە ساڭا بىر مۇھىم ۋەزىپە بېرىلىدۇ . شۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرۈپ قويغىن !

دېگەندەك ، ئەتىسى ئۇ يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى . ئەمدى ھەر خىل فورمىدا پۇقراچە ياسىنىپ يۈرىدىغان بولدى . ئۇ ، ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان << مۇنەججىم >> بولۇپ يۈرەتتى . ئۇ بىر كۈنى << مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى >> ق . سەئىدىنىڭ ئۆيىگە ئاشپەز ئايال كېرەك ئىكەن ، دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدى ¨ دە ، << تازا يارايدىغان >> بىر جۇۋاننى تېپىپ كېلىپ تونۇشتۇردى . مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ، سەئىدى بىلەن تونۇشۇۋالدى . سەئىدى ئىگىز بويى ، ئۇستىخانلىق ، بىر پۇتى خېلىلا ئاقساپ ماڭىدىغان ياش قۇرامى 40 تىن ئاشقان كىشى ئىدى . ئۇ شىڭ شىسەينىڭ << ئۆستۈرۈپ جايلاش >> تىزىملىكى ئىچىگە كىرىپ قالغان بەختى قارا ئوبېكتىلەرنىڭ بىرسى ئىدى .

زامانقۇل تونۇشتۇرغان ئىسسىق چىراي جۇۋان راست دېگەندەك سەئىدىنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالدى ۋە بۇ ئۆيدە ئۇزۇنغىچە ئىشلەشكە مۇۋەپپەق بولدى .

سەئىدىنىڭ ئۆيىگە ھەر ساھە كىشىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ كېتىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ شەخسى نامىغا كېلىدىغان مەكتۇپلەرنىڭ سانىمۇ جىق ئىدى . گاھىدا ئۇنى ئىزلەپ كېلىپ تاپالماي قايتقانلار مەخسۇس باغاققا ئىسمىلىكىنى يېزىپ قالدۇرۇپ قوياتتى . سەئىدى ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئادەتتىكىچە تاشلاپ قوياتتى . لېكىن ئۇ قەغەزلەرنى ھېلىقى << ئىسسىق چىراي >> جۇۋان ئەپچىللىك بىلەن يىغىشتۇرۇپ ئاپىرىپ زامانقۇلغا ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ تۇراتتى . مۇشۇ ئاخبارات تورىنىڭ ئىچىگە كېيىنرەك ھاشىمجان ۋە جەۋلانىمۇ چۈشۈپ قالغان ئىدى . ئۇلار بىر ھېيتتا سەئىدىنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ كەلگەندە ، ئۇ يوق بولغىنى ئۈچۈن ئىسىم ¨ فامىلىسىنى بىر باغاققا يېزىپ كەتكەن ئىدى .

بۇ ئىككەيلەن ئۆز زامانىسىنىڭ ئۆتكۈر مائارىپچىلىرىدىن بولۇپ ، ئۇلار زامانقۇل بىلەن ناسىرنىڭ ئۈجۈر ¨ بۇجۇرىنى يىپىدىن ¨ يىڭنىسىغىچە بىلەتتى . شۇڭا زامانقۇل ئالدى بىلەن ئاشۇلارنى كۆزدىن يوقىتىشنى زۆرۈر بىلدى ¨ دە ، ئۇلارنىڭ سەئىدى ئەنزىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر ئىكەنلىكىدىن خوجايىنلىرىغا << مەلۇمات >> بەردى . شۇنىڭ بىلەن نەچچە يۈزلىگەن مائارىپچىلار ۋە زىيالىلار قاتارىدا ئۇ ئىككەيلەنمۇ تۈرمىگە تاشلىنىپ ، ئاقىۋەتتە ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . مۇشۇ قانلار بەدىلىگە زامانقۇل غايەت زور مۇكاپات ۋە ئىنئاملارغا سازاۋەر بولدى .

2

كۆرەڭلەپ خۇدنى يوقىتىشقا باشلىغان زامانقۇل كېيىنكى چاغلاردا ئەيشى ¨ ئىشرەت كوچىسىنىڭ مەستانىسى بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ھازىر يۆلەنچۈكى كۆچىلۇك ، چۈنتىكى چاك ، مەخپى يان قۇرالى بار ، << چوڭ تۆھپە بىلەن ئۆمۈرۋايەتلىك دەسمايە >> گە ئىگە بولغان بىر كىشى ئىدى . ئۇ يەنە قىمارۋاز ، لۈكچەكلەرنىڭ گاڭگۈكى بىلەنمۇ ئۆلپەت ئىدى . ئۇلار ئۇنى << ئابلابەگ >> دەپ كۆككە كۆتۈرەتتى . << بۆرىسى يوق جاڭگالغا مايمۇن پادىشاھ >> دېگەندەك ، ئۇ بىردىنلا بۇ شەھەرنىڭ نوچىسى بولۇۋالدى . << نوچىنىڭ ھە ¨ ھۇچىسى ، پوچىنىڭ پۇدەكچىسى >> بولغىنىدەك ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىغان چاپانچىلارمۇ كۆپەيدى . شۇنىڭ بىلەن ھالى يوغىناپ ، بۇرنىنىڭ ئىگرى ئىگىزلەپ كېتىۋاتقاندەك زامانقۇل ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايتتى . ئۇنىڭ داغۋاز ، مەنمەنچىلىكى ئىشرەت كوچىسىدا تېخىمۇ نامايەن ئىدى .

كېيىنكى كۈنلەردە ياڭخاڭ كۆلۈبى ئالدىدا لىرا ئىسىملىك گۈزەل ئايال ئاچقان << خانتەڭرى رېستورانى >> شەھەر نوچىلىرىنىڭ قايناپ يۈرىدىغان ماكانىغا ئايلاندى . رېستوران تولىراق ئاخشىمى ئىچىلاتتى . بۇ يەردە ۋوتكا ، پىۋا ، كوۋاس كەڭتاشا سېتىلاتتى . كاۋاپ ، توخۇ ، ئۆردەك گۆشلىرى ، تۇزلىغان غاز تۇخۇملىرى رېستوران خېرىدارلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زاكۇسكىلار ھېساپلىناتتى . كېيىن بۇ رېستوران << خانتەڭرى قاۋاقخانىسى >> دەپ يېڭى ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغانمۇ بولدى . بۇ يەردە تىجارەت تېزلا روناق تېپىشقا باشلىدى . ئاز كۈن ئىچىدىلا دۇكاننىڭ ساپ كىرىمى ئىككى باراۋەر ئېشىپ كەتكەن ئىدى . تۈن تەڭ بولغاندىمۇ بۇ يەر خېرىداردىن خالىي بولمايتتى .

لىرا ئاق يۈز ، زەڭگەر كۆز ، قاڭشا بۇرۇن ، قويۇق سېرىق چېچى ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرىدىغان ، 30 ياشلار ئەتراپىدىكى زېرەك ئايال ئىدى . ئۇ خېرىدارلىرىنىڭ ھېچقاندىقىنى يات كۆرمەي قىزغىن كۈتۈۋالاتتى . كىشلەرگە كۈلۈمسىرەپ قارىغىنىدا ئۈزۈن كىرپىكلىرى ئاستىدىكى شەھلا كۆزلىرى خۇددى تىنىق كۆلدەك كۆرۈنەتتى . خۇش تەبەسسۇم قىلغاندا يۈپقا ئەڭلىك سۈرتۈلگەن كالپۇكى يېنىك ئېچىلاتتى ¨ دە ، سەدەپتەك ئاپپاق چىشلىرى مەرمەردەك پارقىراپ ، خېرىدارنىڭ مېھرىنى جەلپ قىلاتتى .

لىرانى بىر كۆرۈش بىلەنلا << سادىغاڭ كېتەي >> دەپ لېۋىنى چىشلەپ زامانقۇل ھۇشىنى يوقىتىپ قويغان ئىدى . ئۇ ھەر ئاخشىمى بۇ قاۋاقخانىغا ئوندىن ئارتۇق ئۈلپەتلىرىنى باشلاپ كېلىپ مېھمان قىلىپ تۇرىدىغان بولدى . لىرا ئۇنى ھەر كەلگەندە بىر كۈلۈپ قارشى ئالاتتى . كەتكەندە يەنە شۇنداق يولغا سالاتتى . زامانقۇل مۇشۇ خىل ھەركەلگەندە << ئىككى كۈلۈش >> ئۈچۈنلا ئۈچ ¨ تۆت ئاي ئىچىدە تۆت ¨ بەش قىزنىڭ تويلۇق چىقىمنى لىرانىڭ قاۋاقخانىسىغا سىلىپ بېرىدىغان بولدى .

- ئاندىنچۇ ؟!

3

لىرا ئەسلىدە جىك شۇرىنىڭ قاتناش ئىدارىسىنىڭ دېرىكتورى دېرىمىنكونىڭ قىزى ، ئاتاقلىق باي كونىستانتىن دېگەن روسنىڭ كېلىنى ئىدى . كونىستانتىن 1928 ¨ يىلى ياڭخاڭ چېركاۋسىنىڭ جەنۇپ پاسىلىغا تۇتاشتۇرۇپ ياۋروپا تەقلىتىدە چوڭ بىر يۈرۈش ئىمارەت بىنا قىلغان ، لېكىن ئۆزۈن ئۆتمەي قۇمۇلدا قوزغىلاڭ يۈز بەرگەندە ئۇ دەككە دۈككىدە قېلىپ ، قولىدىكى ئالتۇن ¨ تىللانى شىياڭگاڭ ئارقىلىق ئاۋستىرالىيىگە يۆتكىمەكچى بولىدۇ ، ئۇنىڭ تۆگىگە ئارتىلغان ئالتۇن ¨ كۈمۈش ۋە تۈرلۈك زەر جابدۇقلىرى قۇمۇل تاغلىرى ئىچىدە ئىنقىلاپچىلارنىڭ قولىغا چۈشىدۇ . كېيىن كونىستانتىننىڭ ئوغلى نىكولاي ئاقسۇدا ئابدۇنىياز بىلەن بولغان سوقۇشتا ئۆلىدۇ . ئۇنىڭ ئايىلى ¨ ھازىرقى لىرا بىر بالىسى بىلەن تۇل قالىدۇ . كونىستانتىن ئائىلىسىنىڭ باشقا ئەزالىرى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن . لىرا بايىقى ئالتۇن دەۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردە قالىدۇ . ئاخىردا خوجىنىياز ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ئارز قىلىدۇ . ئاقىۋەتتە لىرانىڭ خوجىنىياز ئۈستىدىكى ئەرزى ئالاھىدە تېرگاۋ قىلىنىدۇ . ھالبۇكى شىنجاڭنىڭ ئالتۇنى ئۈچۈن چەتئەللىك لىرا >> دەۋاگەر >> ، يەرلىك خوجىنىياز << جاۋاپكار >> ، باندىت شىڭ شىسەي بولسا << ئادالەتپەرۋەر >> بولىدۇ . كېيىن شىڭ شىسەي بۇ ئالتۇنلارنى كارا مۆقچا تاغلىرىدىن تېپىپ كېلىپ موكلا سوقىدۇ ¨ دە ، ئوغرىنى قاراقچى باپلايدۇ .

لىرانىڭ كۆلكىسىگە مەس بولغان زامانقۇل ئۇنى ئېلىش خام خىيالى بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەردىكى مۇئەللىمە يولدىشى ساباھەتكە نىكادىن ئاجرىشىش توغرىسىدا خەت يازىدۇ :

>> ساباھەت :

بىز ئىككىمىزنىڭ تاسادىپى تونۇشۇش قۇرۇپ قالغانلىقىمىزنى ئۆزىڭىزمۇ ئوبدان بىلىسىز . بىز ئاتاققا ئەر ¨ خوتۇن بولساقمۇ ، ئەمەلدە ئىش باشقىچە ئىدىغۇ ؟ ئوچۇقنى ئېيتسام مەن ئوقۇتقۇچى ئايالنى ياخشى كۆرمەيمەن ، شۇڭا كەسىپ ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا شۇنچە دېسەممۇ ئاڭلىمىدىڭىز ، مېنىڭ ئوقۇتقۇچى خوتۇننى كۆرە كۆزۈم يوق ، شۇڭا سىز تەرەپكە بېرىشنى خالىمايمەن . سىزنى بۇ تەرەپكە تەكلىپ قىلىشنى تېخىمۇ خالىمايمەن . شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىلەن ئادا ¨ جۇدا بولۇپ كېتىشنى ھەممىدىن لايىق كۆرۈپ مۇشۇ خەتنى يازدىم . . . <<

ساھابەتنىڭ ئاتىسى مىرزاكېرىم ئەسلىدە قەشقەرنىڭ ئەنجان كوچىسىدا تورۇشلۇق ئاتاقلىق تىۋىپ ۋە ئالىم كىشى ئىدى . كېيىن ئاقسۇ كونىشەھەرلىك سادىق ھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن كۆچۈپ كېلىپ بۇ يەردە قۇرۇلغان << توران سادىقىيە >> ماكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەن . شۇنداقتىمۇ مىرزاكېرىم ئاقسۇدا تىبابەتچىلىك بىلەن تېز شۆھرەت تاپقان . ئۇ ئەرەپچە ، پارىسچە ئەسەرلەردىن بىمالال پايدىلىنالايتتى . مېۋە ¨ چېۋە ۋە ھەر خىل گىياھلاردىن دورىلارنى ياسايتتى . مۇشۇنداق بىر مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان ساھابەت كىچىكىدىنلا سەرپ ¨ نەھۋى ئىلمىنى

ئۆگۈنۈشكە باشلىغان . كېيىن << نىيازىيە >> ناملىق تۇنجى قىزلار دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ ، ئاتىسىنىڭ تەلپى ۋە مەسلىھەتى بويىچە ئۆمرىنى ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بېغىشلاشقا بەل باغلىغان .

ساباھەت " ئۆزبېك . ئۇيغۇر قان قېرىنداشلىرىنىڭ بىر غولى ۋە گۈزەل گۈلى ئىدى . ئۇ ئاتىسىغا ئوخشاش سۇزۇك چىراي، تەن قۇرۇلۇشى ساغلام ، قاڭشارلىق ، قەلەمقاش ، كىرپىكلىرى ئۇزۇن ، چاچلىرى قويۇق ۋە قۇندۇزدەك قارا قىز ئىدى . مىرزاكېرىمنىڭ رىجىمى كىچىك بولغىنى ئۈچۈن ، ساباھەت ئۇ كەملەردە مەكتەپكە بارغىچە ۋە كەلگىچە يۈزىنى گىجىم رومالدا يېپىپ يۈرەتتى . دەل مۇشۇ چاغدا كونىشەھەردە شۆڭگەن بولۇپ تۇرۇۋاتقان زامانقۇلنىڭ كۆزى ساباھەتكە چۈشىدۇ " دە ، ئۇنى قولغا قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئېپىنى ئىزلەشكە باشلايدۇ . ئۇ خەۋەر دەرھال مىرزاكېرىمنىڭ قۇلىقىغا يېتىدۇ .

- شۆڭگەن " ساقچى ! " دەپ ۋارقىرايدۇ ، مىرزاكېرىم خوتۇنىغا كايىپ ، - تىرىك بولسام بۇنداق بولۇشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس . . .

مىرزاكېرىم دەرھاللا ساباھەتنى بىر ياش ئوقۇتقۇچىغا بېرىۋېتىش ئۈچۈن قۇدىلىشىدۇ . ئەمما ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، مىرزاكېرىم << نىياز دوتەي ۋە سادىق ھاجى بىلەن چېتىشلىقى بار >> دېگەن زامانقۇل تۆھمىتى بىلەن شىڭ شىسەي زىندانىدا ئۆلتۈرۈلىدۇ . پاناسىز قالغان ساباھەت ئاخىرى شۆڭگەنگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ .

مۇئەللىمە مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، كېچىدە زامانقۇلنىڭ خېتىگە تۆۋەندىكى جاۋاپنى يازدى :

<< . . . خۇددى ئۆزىڭىز ئېتىراپ قىلغاندەك ، پاناھسىز مۇئەللىمە قىز زوراۋانلىقنىڭ بەختسىز قۇربانى بولغان . بولمىسا ، قوي بىلەن بۆرىنىڭ بىر ئۆيدە بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمىدى ؟ سىزنىڭ ئوقۇتقۇچىنى پەس كۆرىدىغانلىقىڭىز تەبىئىي . دەرۋەقە ، سىزدەك نائەھلىلەر مەرىپەتنى پەس كۆرىدۇ ، لېكىن ئاق " قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكى بار ئىنسان ئەۋلادى مەرىپەت ئەھلىنى قەدىرلەيدۇ . ھەتتا قولىدىن قانلىق خەنجەر چۈشمەيدىغان بىسماركمۇ (13) نۆۋىتىدە ئوقۇتقۇچىلارنى مەدھىيىلەشكە مەجبۇر بولغان ئىدىغۇ ؟ . . .

سىز تېخى مېنى تۇغماس دېدىڭىزما ؟ بۇ ، ھەقىقەت ؛ ئاتا " ئانامنىڭ روھى مېنى يۆلىگىنى ئۈچۈن خۇشالمەن . مۇبادا بىر ياۋۇز قان تۆرەلمىگە مېنىڭ پاك قېنىم قېتىلىپ قالغان تەقدىردە ، بۇ مەن ئۈچۈن بولۇپمۇ ، مەرھۇم " ئاتا " ئانامنىڭ روھىغا ئۈچۈن نەقەدەر ئازاپ بولۇر ئىدى ؟ ناۋادا ئۇ پەرزەنت فامىلىسى پەس بىر تائىپىگە تەئەللۇق بولۇپ قالسا ، بۇ قانداق دەھشەت بولار ئىدى ؟! . . .

ئالالاغا رەھمەت ! مەن بوۋامنىڭ ساپ قېنىنى ناپاك قىلمىدىم . مەن ھازىر مىڭلىغان ئوغۇل " قىز ئەۋلادىنىڭ ئاپىسىمەن . مېنى ئۇلار ساباھەت ئاپا ! دەپ مېھرى " مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدۇ . مەن ھازىر ، دارىلئېتام مەكتىپىنىڭ مۇدىرىمەن . ئۇنىڭدا 300 دىن ئارتۇق ئوغۇل " قىز پەرزەندىم بار . بۇ مەكتەپ مېنىڭ ھەقىقىي ئىسسىق ئۆيۈم ، راھىتىم ، خۇشاللىقىم . مەن ئۇ ، ئوماق باللىرىمنى ئەركىلىتىمەن، پېشانىلىرىمدىن سۆيىمەن ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىق ۋە بەخت بولامدۇ ؟ ! . . . ئوقۇتقۇچىنىڭ شەنىگە تىل تەككۈزۈشكە ئۇرۇنغان قارا نىيەتلەر نېمە دېگەن لەنىتى ئەبلەخلەر " ھە ؟! بۇ خىل يىرگىنچىلىك ئادەمدىن قانچىلىك بالدۇر جۇدا بولسام ۋۇجۇدۇمنىڭ پاكلىنىشىمۇ شۇنچە بالدۇر بولىدۇ .

ساباھەت . >>

زامانقۇل كۆندە كۆپ ئاغىنىسىنى مېھمان قىلىپ يۈرۈپ ، لىرانىڭ ھەر قېتىملىق << پاژالىستى >> (14) گە پۇل توشتالماي قالدى . ئاخىر چۆتنىكى قۇرۇپ ، بىردىنلا ئۆز پېتىدىن چۈشۈكە باشلىدى . لىرانىڭ پاژالىستىسىمۇ شۇنىڭغا لايىقلاشتى . كۆلۈمسىرەش ، جىلۋىلەرمۇ ئازىيىپ ئازىيىپ سۇسلاپ قالدى . زامانقۇل جىددىيلاشماقتا ئىدى . چۈنكى ، ئۇ لىرانىڭ بىرەر نۆۋەت ھېجىيىشىغا شۇنچە تەقەززا ئىدىكى ، ئۇنىڭسىز كۈنلىرى ھارامدەك تۇيۇلاتتى . ئاخىرى ئۇ ، ئەستەر قېتىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان بەش دانە تىللانى خەجلەشكە باشلىدى . بۇ تىللالارنى زامانقۇل تاتار بايلىرىدىن چانشۇپلار ئائىلىسىنى مۇسادىرە قىلغان كېچىسى ، 84 پۇت ئالتۇننىڭ بىر بۇرجىكىدىن ئوغرىلاپ تىقىۋالغان ئىدى .

بىراق ، بۇ ئالتۇنمۇ بىر ئايغا يەتمىدى . لىرا ئەمدى زامانقۇل كەلسە كۈلمەيدىغان ، پاژالىستى دېمەيدىغان ، قاپىقىنى تۈرۈپ ، دولىسىنى چىقىرىدىغان بولۇۋالدى . بۇ زامانقۇلغا قاتتىق ئەلەم قىلدى . ئۇ ئىچ كۆيۈكىدە كۈندە دىگۇدەك مەس يۈرىدىغان بولدى . ھەر ئاخشىمى << خانتەڭرى >> قاۋاقخانىسىنى چۆگىلەپ كېتەلمەيتتى ، لېكىن ئەمدى يېنى بوش بولغىنى ئۈچۈن قاۋاقخانىغا كىرەلمەيتتى " دە ، ئۇدۇلدىكى دوڭغاق تېرەككە يۆلىنىپ لىرانىڭ دىدارىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى . لىرانىڭ پىروتكا يىگىتلەر بىلەن كۈلۈپ چاقچاقلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىرىدە ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇراتتى .

ئۇ بىر كۈنى غەرق مەس ھالەتتە قاۋاقخانىغا كىرىپ :

- لى . . . لىرا ، سىز ماڭا تەگمىسىڭىزمۇ مەيلى ، ئەمما بىر قېتىم . . . ، - دېۋىدى ، بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جان " پىنى چىقايلا دىگەن لىرا << ھۇ باساك >> (15) دەپ زامانقۇلنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرگەن پېتى چىقىرىۋەتتى . . .

## يىگىرمىنچى باپ

1

<< باغدا قالغان بىز ، داغدا قالغان سىز >> دىگەندەك زامانقۇل ئەمدى داغۇ " ھەسرەت ئىچىدە ئىچ " ئىچىدىن ئاداپ ، قان بىلەن زەرداپ يۇتۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بېشىنى يەنە ناسىر سىلىدى :

- نىمىگە بېشىڭنى مۇنچىۋالا كۆتىرەلمەي يۈرىسەن ؟گېزى كەلگەندە زىيانىنى زىيادە ئاشۇرۇپ ئۇندۇرۋالغىلى بولىدىغۇ ؟ تېزرەك جابدۇن . << ئالتۇن كولاش >> ئۈچۈن ئادەم تۇتۇپ كەلگىلى جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىسەن . بۇ بىر پۇرسەت . ئۆزەڭ ئەپچىل بولساڭلا ، ئۇ يەردە ئالتۇن كۆپ . ئۆمۈر بويى يېتىپ يېگىدەك ئولجا تېپىپ كېلىسەن .

راست دېگىنىدەك بولدى . زامانقۇل ناسىرنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇق ئولجا ئۇندۇرۇپ كەلدى . ئۇ ، << ئالتۇنچى >> باللارنى جەنۇبىي ئۇلانبايغا ھەيدەپ كېلىپ ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن ، خۇددى لىراغا ئەگىشىپ چەتئەلگە كېتىپ قالغاندەك كوچىلاردا كۆرۈنمەس بولدى . بەلكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېسى " يادىدىن كۆتىرىلىپمۇ قالغان ئىدى . بۇ ئارىدا خېلى ئىشلارمۇ يۈز بەرگەن ئىدى . شاڭ شىسەي تەختتىن چۈشۈپ ، ۋۇجۇڭشىن چىقتى .

لېكىن ، << تولەكتە توك تاشلاۋاتقان قوش >> تەك بىر زامان غايىب بولغان زامانقۇل بىرلا يومۇلاپ ، مودىسىنى يەڭگۈشلەپ بولغاندىن كېيىن ، دەل 1944 " يىلى كۆز پەسلىدە يەنە غادىيىپ ئوتتۇرىغا چىقتى .

بۈگۈن كۈنگە ئازنە . ھاۋا ئوچۇق ئىدى . زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا ئانچە " مۇنچە ئاق بۇلۇتلار خۇددى بەھەر " مۇھتتا ئۈزۈپ يۈرگەن يەلكەندەك لەيلەپ يۈرەتتى .

تىلسىم تاغ ۋە بوغدا تەرەپتىن دەۋرەپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە پارچە بۇلۇت گويا قورقۇنچلۇق دىۋىدەك سوزۇلۇپ قوياشنىڭ نۇرىغا خىرس قىلماقتا ئىدى . بولۇپمۇ جەنۇبىي تاغ تەرەپتىن كەڭ ئېتەك يايغان بىر پارچە قوڭۇر بۇلۇت قوياش يۈزىنى توساشقا ئۇدۇللاپ كەلمەكتە ئىدى . ئاتموسفېرادىكى شامال يۆلۈنۈشى بويىچە ئىلگىرلەۋاتقان بۇ بۇلۇتلار بىر مەھەل قوياش يۈزىنى توساپ ، ئۇنىڭ ئەكسىدىن شەھەر كوچىلىرىغا چوڭ قارا پالاس يېيىلغاندەك سۈرلۈك كۆلەڭگە پەيدا قىلاتتى . ئاردىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي ئۇ كۆلەڭگە غايىب بولاتتى " دە ، يەنە ئاپتاپ زەررىسى جىلۋە قىلاتتى .

لېكىن كۆپ كىشىلەرنىڭ بۇ ھادىسە بىلەن چاتىقى يوق . ئۆز ئىشلىرى بىلەن بەنت بولاتتى . كوچىلاردىن ئاشپەز ، ناۋاي ۋە باققاللارنىڭ قۇلاقنى يارغىدەك ۋاڭ " چۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ۋاقىت چاشكا مەھەل بولغان ئىدى . نەنمىن تەرەپتىن نەنلياڭ تەرەپكە مەغرۇرانە كېلىۋاتقان سۆلەتلىك بىر يىگىت ئۇدۇل ئەرداۋچاۋغا بېرىپ ، دوقمۇشتا موخۇركا سېتىۋاتقان چار ساقال بوۋاينىڭ ئالدىدا توختىدى . ئاردىن ئانچە ئۆزۈن ئۆتمەيلا بۇ يەرگە ئىككى ساقچى ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولدى " دە ، بوۋاينىڭ موخۇركىسىدىن چېكىشكە باشلىدى ۋە :

- بولىدىكەن ، ئاالايلى ، - دىيىشتى ئۇلار كۆز قىسىشىپ .

ساقچىلار بوۋايىدىن سورىمايلا مۇخوركىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ ، يانچۇقلىرىنى تولدۇرۇشتى ۋە پۇل تۆلىمەستىنلا كەتمەكچى بولۇشتى .

- بەگلىرىم موخوركىنىڭ پۇلىچۇ ؟ - دىدى بوۋاي ئۈنلۈك ئاۋازدا .

- ھازىر بەردۇققۇ ، نەدىن كەلگەن ئۇششۇقسەن ، نىمە مۇتىھەملىك قىلىسەن ؟ - دەپ ساقچىلار تەڭلا ۋاقىرشىپ ، بوۋاينىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى .

- يوقسۇ بەگلىرىم ، پۇل بېرىشمىدىلە ، مانا ماۋۇ يىگىتمۇ كۆرۈپ تۇردىغۇ ؟

بوۋاي بايىقى سۆلەتلىك يىگىتنى گۇۋاھقا تارتتى . ئەمما ساقچىلار تېخىمۇ ئۆكتەملىك قىلدى . غەزىپىگە پايلىمىغان بوۋاي ئۆكۈپ :

- << مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك >> دېگەن گەپ راست ئىكەن " دە ، ساقچى دېگەن شۇنداق بولامدۇ ؟ بەش بالامنى مۇشۇ ئوقەت بىلەن ئاران بېقىۋاتسام !

- مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۈچلۈك دەمسىنا ، ئىت قېرى . . .

ساقچىنىڭ دۆك قاپاق بىرسى گۆلىيىپ كەلگىنىچە بوۋاينىڭ مەيدىسىگە قاتتىق بىر مۇشت سالدى . بوۋايمۇ بوش كەلمىدى . چاتاق ئۇلغايدى . بايىقى سۆلەتلىك يىگىتمۇ بوۋايغا بولۇشۇپ ساقچىلارنىڭ گۆرەن خامىرىغا تازا سالدى . يىگىتنىڭ قوچقارچىلاپ باش بىلەن ئۇرۇشى ۋە چاپۇتلاپ مۇشت ئېتىشى بىلەن ساقچىلار پاقىدەك كېرىلىپ ياتقان ئىدى . يەنە ئۈچ ساقچى كېلىپ قالدى . بۇلارمۇ بايىقى يىگىتنى قورشاپ باغلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى ، يىگىت بوي بەرمەيتتى . تەرەپ " تەرەپتىن ئادەملەر توپلىشىپ جىدەل ئۇلغايدى . بەش ساقچى شۇنچىۋالا ھەپىلىشىپ كۆردى " دە ، ئەمما يىگىت ئۆزىنى باغلاتقۇزمىدى . ئۇ ، ماھىر مۇشتلاشچى ئىدى . تاماشا كۆرۈۋاتقان ئادەملەر يىگىتنىڭ ماھارىتىدىن ماز بولۇشۇپ :

- ئەجەبمۇ جىگەرلىك ئەزىمەت ئىكەن . نەلىك يىگىتتۇر ؟ - دەپ سۇرۇشتە قىلىشاتتى .

شۇندا يىگىت توپنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى " دە ، ھايت " ھۆيت دىگۈچە ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىپ بولدى . بۇ ۋەقە بىردەمنىڭ ئارىلىغىدا پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى . ئاھالە ئارىسىدا :

- ھېلىقى يىگىت مۇشتلاشچىلا ئەمەس ، يەنە تېخى ئۇستا زوكونچى ئىكەن . ئۇنىڭغا گەپ كەلمەپتۇ . بوۋاينىڭ موخورەك پۇلىنى تۆلىمىگىنى ئۈچۈن ساقچىلارنىڭ يىگەن مۇشتى ئۆزىگە ، توپىسى كۆزىگە بوپتۇ ، - دېگەن سۆزلەر تارىلىپ يۈردى .

راست ئۇ يىگىتكە ھېچقانداق گەپ كەلمىگەن ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ياشلار ئۇ يىگىتكە دوست بولۇشنى ئارزۇلايدىغان بولدى . ئۇنى ئارزۇلاپ دوستلاشقان يىگىتلەرنىڭ بىر زولىيار ئىدى . زولىيار ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات باشقارمىسىدا ئىشلەيتتى . ئۇ بىر يەرگە يىغى يۆتكىلىپ كەلگەن ، ھېلىقى مۇشتلاشچى يىگىتنىڭ تېگى " تەكتىنى تازا ئۇقمايتتى . پەقەت ئۇ يىگىتنىڭ ئەرداۋچاۋدا كۆرسەتكەن ئەزىمەتلىكى زولىيارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلدى " دە ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىچقويۇن " تاشقويۇن بولۇپ كېتىشتى .

2

زولىيارغا بايىقى يىگىت ئۆزىنىڭ ئىسمىنى << ئەخمىدى >> دەپ تونۇشتۇرغان ئىدى . كېيىنكى ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئۇلار ئەرداۋچاۋدا يەنە ئۇچراشتى " دە ، ئەخمىدى كۈرۈشكەن پېتى زولىيارنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن سۆرەپ بىر ئاشخانىغا ئېلىپ ماڭدى .

ئەرداۋچاۋ رەستىسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئەۋرەز ئېرىقى بويىغا جايلاشقان ئۆزۈنچاق بۇ ئاشخانىنىڭ ئىچكىرىكى بىر بۆلۈمى كۆپ چاغلاردا خالىراق تۇراتتى . كۆپىنچە ئۇنىڭغا ئالاھىدە خېرىدارلار قوبۇل قىلىناتتى . ئەخمىدىگە تونۇشلۇق بولغان بۇ ئۆي بۇگۈنمۇ پىنھان ئىدى . ئىككەيلەن شۇ ئازادە بۆلۈمدە تاقام شىرەسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى . ئاشخانىنىڭ ياش ۋە چېۋەر كۈتكۈچىسى بىر چەينەك چاي بىلەن جانان پىيالىسىنى شىرە ئۈستىگە قويدى ۋە شىرەنى پاكىز سۈرتتۈۋەتكەندىن كېيىن ، ئەخمىدىگە قاراپ :

- خوش غوجام ، - دەپ ئىلتىجا نەزىرى بىلەن سورىدى .

- سېرىق ناۋاتتىن بىر كىلو ئېلىپ كېلىڭ ، - دېدى ئەخمىدى .

- خوپ ، بولىدۇ !

كېيىن ئۇ ئىككى تەخسە گۆشلۈك سەي ۋە ھاراق ، ئاخىرىدا لەڭمەن بۇيرۇدى . نەرسىلەر نۆۋەتتى بىلەن كەلمەكتە ئىدى .

ئەخمىدى ئۆزى ساقلىقنى باشلىدى . ئۇ رومكىلارغا بىلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇپ ، بىرىنى زولىيارغا تەڭلەپ :

- << يۈرەك يۈرەكنى تونۇيدۇ >> دېگەن گەپ بار ، بىزنى يۈرەكلىرىمىز تونۇشتۇردى . بۇنىڭدىن كېيىنكى دوستلۇقىمىزنىڭ قۇيۇقلىشى ئۈچۈن . . .

- مەنمۇ ، - دېدى زۆليار ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ ، - ئۇلۇشكۇنى ئەرداۋچاۋدا كۆرسەتكەن قەيسەرلىكىڭىز تۈپەيلى قەلبىمدە قايىللىق تۇيغۇسى قوزغالغاچ ، سىز بىلەن دوست بولۇشقا تەشنا ئىدىم . ئۆكتەملەرنىڭ دەستىدىن يۈرەكلىرى زەرداپ بولغان كىشلەرمۇ سىزگە شۇ كۈنى باركاللا ئېيتىشتى . . .

- ئۇ ، ناھايىتى چاغلىقلا بىر ئىش ، - دېدى ئەخمەدى مەدھىيدىن مەمنۇن بولۇپ ، - گېزى كەلگەندە نى ¨ نى ئىشلارنى تەۋرىتىشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ . ھەتتا خەلقىم ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييارمەن .

ئۇلار ئىچكەنسېرى مۇڭدىشىپ ، سۆھبەتنى ھەر خىل مەزمۇنلاردا كەڭ ¨ كۆشادە داۋام قىلماقتا ئىدى . گىرادۇسى ئۆرلىگەنسېرى قىزىشىپ ، پاراڭلىرى شاختىن ¨ شاخقا ئاتلاپ ، بىردەم ئېقىم مەسىلىلىرى ، بىردەم ۋۇ جۇڭشىنىنىڭ سىياسەتلىرى ئۈستىدە باراتتى . ئادەتتە مۇنداق سورۇنلاردا مەمەدانلىق ئەخمەدىدىن ئاشمايتتى . ئۇ ، خۇسۇمەت بىلەن باشقىلارنى چۆشۈرمەن دەيدىغان ، ئۆزىنىڭ يىغىرنى يېپىش ئۈچۈن باشقىلارغا ئىغۋا چاپلايدىغان ئىللەتلىرىنى ئۇستاتلىق بىلەن يوشۇرۇپ كېتىشكە ئۇرۇناتتى .

پىتنە ¨ پاساتتىن ئەخمەدىنىڭ ئېغىزى تالغاندا ئۇلارنىڭ پارىڭى پەيدىن ¨ پەي خوتۇن ¨ قىزلار ماۋزۇسىغا يۆتكىلەتتى :

- ئاڭلىسام خوتۇنىڭىز بىلەن ئايرىلىشىدىغان ئوخشايسىز ، - دېدى زۆليار ، - مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا سىزگە ئەقلى ¨ ھۇشى جايىدا ۋە ساھىپجامال قىزنى لايىق كۆرۈۋاتىمەن . بويتاقلىقنىڭ كۆشەندىسى كۆپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلىمىغان يەردىن خاپىلىق كېلىپ چىقىدۇ ، قانداق ، رەغدىڭىز ؟

ئەخمەدى ئاڭلاپ ئۇلپەتدىشىغا ئىنتىزارلىق بىلەن بىر قارىدى ¨ دە ، پىسسىڭىدە كۆلگىنىچە جىمىقىپ كەتتى . ھازىر ئۇنىڭ بىر ئاچچىق كەچۈرمىشى بېشىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتمەكتە ئىدى :

كىتاپخانلىرىمىزغا يۇقىرىدا تونۇشلۇق بولغان << قۇربانجان گورۇھى >> نى تۇتۇش ئۈچۈن 40 ¨ يىللارنىڭ بېشىدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قويۇلغان داڭلىق پايلاقچىلارنىڭ بىرى مۇشۇ ئەخمەدى ئىدى . ئەمما قۇربانجانچىلار ئۇنى سېزىۋېلىپ ئەخمەدىنى ئەدەپلەپ قويۇش قارارىغا كەلگەن ئىدى . بۇ كۈنلەردە ئەخمەدى قىزلار گىمنازىيىسىنىڭ قىزلىرىغا پوخۇرلۇق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى . ئۇنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغان قىز ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە قۇربانجاننىڭ دوستى ئاق باراتنىڭ سىڭلىسىمۇ ابر ئىدى . غەزەپكە كەلگەن ئاق بارات ئەھۋالنى قۇربانجانغا ئېيتىدۇ . شۇ كۈنلەردە ئەخمەدى يەنە كورلىدىن كەلگەن چىرايلىق بىر چوكاننىڭمۇ پېيىگە چۈشۈپ يۈرگەن ئىدى . ئۇ چوكاننى ئىندەككە

كەلتۈرەلمەي ، خۇددى چۆكچۆك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان كىشىدەك ئېغىز تامشىپ پەرىشان بولاتتى . ئەھۋالنى بىلگەن قۇربانجان بىر ئاخشىمى ھېلىقى كورلىلىق چوكاندىنمۇ چىرايلىق گىرىم قىلىپ ، ئۆيۈشما كۇلۇبى ئالدىغا پەيدا بولدۇ . كۆپ ئۆتمەيلا ئەخمىدى يېتىپ كېلىدۇ . << چوكان >> ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆز تاشلايدۇ " دە ، ئەگەشتۈرۈپ مال بازىرى تەرەپكە باشلايدۇ . بىر قورانىڭ ئالدىغا كەلگەندە << چوكان >> ئەخمىدىگە گاچا قىزدەك ئىشارەت قىلىپ : << سەن دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرۇپ تۇر ، مەن ھازىرلا چىقىمەن . باغ تەرەپكە كېتىمىز >> دەيدۇ " دە ، يۈگۈرگەن پېتى قوراغا كىرىپ كېتىدۇ . ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا قورا ئىچىدىن ئۈچ ساقچى چىقىپ ئەخمىدىنى ئارىغا ئېلىۋالىدۇ .

- ھە ، مېنىڭ سىڭلىمنى بوزەك قىلىشقا نېمە ھەققىڭ بار ؟!

بۇ ئەسنادا قۇربانجان چوكانچە ياسانغان كىيىملىرىنى تېزدىن ساقچى كىيىمگە ئالماشتۇرۇپ چىقىپ ، ئەخمىدىنى جىددى سوراققا تارتماقتا ئىدى .

ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئاق بارات بىلەن قامچىباي ئەخمىدىنى باغلاپ ياۋموسەن تەرەپكە ئېلىپ ماڭىدى " دە ، يوغان بىر قارىياغاچقا باغلىدى . ئاندىن ئەخمىدىنى راسا ئەدەپلىگىلى تۇردى . ئۇ توۋا " ئىشتىغپارلارنى تەكرار ئوقۇماقتا ئىدى . ئاقىۋەت ئۇنى يىگىتەك قىلىپ ياتقۇزۇپ قايتىشتى . ئەخمىدى كۈچۈلا يەپ يۇرۇپ ئالتە ئايلاردا ئاران ئەسلىگە كەلگەن ئىدى .

- ماۋۇ ئىككىنچى بوتۇلكىسىدىكى ، - دىدى ئەخمىدى ئىگىز بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ .

- مەن ئەمدى شاگخەي قىزلىرىدىن بىرىنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن ، - دىدى ئۇ بوتۇلكىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن ، غەمزە بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ .

زۇليار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى لەسسىدە بولۇپ ، ھېلىراق ئەخمىدىگە سايە قىلماقچى بولغان قىز توغرىسىدا قايتا ئېغىز ئېچىشقا ئارىسالدى بولۇپ قالدى ۋە ئالدىدىكى رومكىنى گۇپپىدە كۆتىرىۋەتتى . بوتۇلكا يېرىلمىغان چاغدا ، زۇليارنىڭ گىرادۇسى قىيامىغا يېتىپ ، نېرۋىسىنى تىزگىنلىيەلمەي قالدى " دە ، ئەخمىدىگە تونۇشتۇرماقچى بولغان قىزنى يەنە تەرىپلەشكە باشلىدى :

- مەن سىزنىڭ جاسارىتىڭىزگە قايىل بولغىنىم ئۈچۈن ياخشى بىر قىزنى جاسارەتكە جۆر قىلاي دەۋاتسام ، سىز ئاۋال ئۇ قىزنى . . . كۆڭلىڭىزگە يېقىپ قالغىدەك بولسا ئەجەب ئەمەس .

لېكىن ، ئەخمەدى بۇ قىزنىڭ ئېتى چىققان هامان خۇپسەن كىشىدەك بولۇۋېلىپ جىم تۇرۇۋالدى . ئۇلار خېلى كەيىپ بولۇشقاندا دۇكاندىن قوزغالدى . زۇليار دەلدەڭلەپ تۇرغان چاغدا ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قالغان بىر باغلام قەغەزنى كۆرۈۋالغان ئەخمەدى ئۇ قەغەزنى ساقلاپ قويۇشنى ئاشخانا خوجايىنىغا پىچىرلاپ ، زۇليارنى يۆلەشتۈرۈپ بىللە چىقىپ كەتتى .

3

زۇليار ئەتىسى مەستلىكتىن يېشىلىپ ، ئورنىدىن تۇرغاندا قەغەز ۋاراقلىرى ئېسىگە چۈشتى " دە ، جىددى ئاختۇرۇشقا باشلىدى . ۋاراقلارنىڭ ئۇنىڭ هېچ يېرىدىن چىقمىغاچ بارغانسېرى بىئارا، بولۇپ ، ياتىقىنى ئۇڭتەي " تۇڭتەي قىلىۋەتتى . پىشانىسىدىن سوغاق تەر تۆكۈلمەكتە ئىدى .

- ئەستاغپۇرۇللا ، نېمە بالا بولدى " هە ؟ ئاپشاركىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسىلا بولاتتى " غۇ !

ئۇ هەتتا بىرەر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمىدى . باشلىرى گاراڭ هالدا هېلىقى ئاشخانىغا باردى . ئەتراپلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى . لېكىن ئاشخانا خوجايىنىدىن سوراشقا پېتىنالمىدى . قەغەز ۋاراقلىرى بولسا ئەخمەدى ئارقىلىق ئاللىقاچان جايىنى تاپقان ئىدى . زۇليار ئەكسىچە ئەخمەدى توغرىسىدا قىلچە شەك كەلتۈرمەيتتى . ئۇ قاپىقى ساڭگىلىغان هالدا قايتىپ ياتىقىغا باردى " دە ، كارۋىتىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى ، زۇليار ۋاراقلار هەققىدە ئويلىغانسېرى ئازاپلىق تولغىناتتى . . .

زۇليار نەنلياڭدىكى يولچىباينىڭ قوراسىغا كۆچۈپ كەلگىنىگە بىرەر يىللار بولغان ئىدى . ياتىقى بالىخانىنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە بولۇپ ، بۇ ئۆي ئىلغار ياشلارنىڭ پائالىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى .

<< 7 - نويابىر >> ۋەقەسىدىن كېيىن هۆكۈمران گۇرۇھ بىلەن شىنجاڭ خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كەسكىن بىر باسقۇچقا يەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ئىلغار كىشىلەر ئۆزلىكىدىن ئىتتىپاقلىشىپ مەخپى ئالاقىلىشىپ ، گومىنداڭغا قارشى بىر يەر ئاستى تەشكىلات قۇرغان ئىدى . ئۇنىڭ دائىرىسى ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ، ئوقۇتقۇچىلىرى ، هەربىي مەكتەپنىڭ ئوفىتسېر " جەڭچىلىرى ، << ئالتۇنچى >> يىگىتلەر ، ئاهالە ، هۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە قەدەر يەككە سىزىق بويىچە كېڭىيىپ باراتتى . تەشكىلاتنىڭ مەخپىيەتلىكى قەتئىي ساقلىناتتى . زۇليار مۇهىم كىشىلەرنىڭ بىرى ئىدى . ئۇ يەنە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى بېسىش ۋە تارقىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان ئىدى . ئۇنىڭ ئاخشام چۈشۈرۈپ قويغىنى شۇ ۋاراق بولۇپ ، بىرەر يۈز پارچىگە يېتەتتى . ئۇنىڭغا << ئويغان " قوزغال >> دېگەن سەرلەۋهىلەر قويۇلغان ئىدى . ۋاراقلارنىڭ تارقىتىلىدىغان تىزىملىكى ئىچىدە كەنجى هىلال قاتارلىق ئاساسىي ئادەملەرنىڭ ئىسىملىرىمۇ بار ئىدى . دېمەك زۇليارنىڭ بېشىدىكى جاۋاپكارلىق ئانچە كىچىك ئەمەس ئىدى .

كەچقۇرۇنلۇقى ئەل ياتقۇدا توساتتىن زۆلىيارنىڭ ئىشىكى ئۇرۇلدى .

- كىم ؟

- مەن ، ئەخمىدى ، ئىشىكىڭىزنى ئېچىڭ .

زۆليار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى . ئەخمىدى كۈلۈمسىرىگەن پېتى كىرىپ زۆلىيارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى ، دە .. .

مەن سىزگە مېھمان بولۇشقا كەلدىم . لېكىن بۇ دورەمىز ھارىقى ، زاكۇسكىسى يەنىلا ئۆزەمدىن ، - دېدى ئەخمىدى خۇش پېئىللىق بىلەن چىرايىنى سىزۇپ تۇرۇپ ۋە زۆلياردىن سورىدى :

- سىزگە بۇگۈن نېمە بولدى ، ئەجەب قاپاقلىرىڭىز بۆلەكچە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتىغۇ ؟ ئاخشامقى ھاراقلار ئېغىر كەپتىمۇ يە ؟

- راست ، ھاراقنى ئېغىر ئىچىۋەتكەننىڭ دەردى ، ئەتىگەننىڭ مابەينىدە بېشىم گاڭگىراپ بىر قىسما بولۇۋاتىمەن .

ئەخمىدى ئاڭلىغاچ سومكىسىدىن ھاراق ۋە قەغەزگە ئورالغان زاكۇسكىلارنى ئالماقتا ئىدى . ئاندىن ئىچ يانچۇقىدىن قاتلانغان بىر توپ قەغەزنى ئېلىپ ، ھەجايغان قىياپەتتە زۆليارغا سۇنۇپ دېيتتى :

- بېشىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرۇۋاتقان تۇگمەن تېشى ئېھتىمال مۇشۇ بولسا كېرەككۇ دەيمەن ، مانا ئېلىڭ .

زۆليار ھاياجىنىدىن سەكرىۋەتتى ۋە ئەخمىدىنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ كەتتى . ھەممە جايدا ئىدى . زۆليارنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى .

- ھىلىمۇ بۇ نەرسىلىرىڭىز ماڭا ئۇچراشتى . ئەگەر بۆلەك بىرسىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە قانداق بولاتتى ؟ ئۇ چاغدا ھالىڭىزغا ۋاي ! .. دېدى ئەخمىدى .

- راست دەيسىز ، ئۇ چاغدا ئىش مەن بىلەنلا تۈگمەيتتى . دوستۇم ، سىزگە يۈز مىڭ رەھمەت ، - دېدى زۆليار .

- بېشىڭىز غەمدىن ساقىت بولغىنى ئۈچۈن يەنە ئىچمىز ئەمسە .

ئەخمىدى قەدەھلەرنى ماڭغۇزۇشقا باشلىدى . زۆليار قىزىغانسېرى ئەخمىدىگە ئىچ .. قارنىنى تۆكۈشكە باشلىدى .

- سىز مېنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن دوستۇم بولدىڭىز ، مەن سىزدەك دوست تېپىۋالغىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى قاناتلىق ھېساپلايمەن . ئەخمىدى جاۋابەن :

- ئېيتتىمغۇ ، خەلق يولىدا قېنىمنى ئايىمايمەن ، - دەپ ، ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ يەر ئاستى تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنىشىنى زۆليادىن ئۆتۈندى .

قىزىپ بىر يەرگە بېرىپ قالغان زۆليار ھېچبىر ئىككىلەنمەستىنلا :

- بولدى ، بۈگۈندىن باشلاپ ھېساپ ، سىز بىزنىڭ ئەزايىمىز ، - دەپ چورتلا ئېيتتى .

يولچىبايىنىڭ يەردىن ئالاھەل ئىككى " ئۈچ مېتىرچە كۆتىرىپ سېلىنغان بۇ بالىخانىسىنىڭ تېگىدە بىر خالىي ئامبارچاق بولۇپ ، تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى باسىدىغان شاپىگراپ قاتارلىق سايمانلار شۇنىڭدا ئىدى . زۆليار ئۆزىنىڭ >> سىناقتىن ئۆتكەن ئاغىنىسى >> گە ئاشۇلارغىچىلىك ئۇقتۇردى .

- ماۋۇ ھاراقنىڭ ئاخىرقىسى ، كەل قېنى ، ئىشىمىزنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن ، مۇرىنى " مۇرىگە تىرەپ ، بىرلىكتە كۆرەش قىلىشىمىز ئۈچۈن قەسەميات قىلىپ كۆتەردۇق .

ئۇلار خوشلاشقاندا تاڭ سۈزۈلگەن ئىدى . . .

## يىگىرمە بىرىنچى باپ

زۆليار كېيىنكى كۈنلەردە يەر ئاستى تەشكىلات ئىچىدە ئەخمىدىنى رەسمىي قانات ئاستىغا ئالىدىغان بولدى . ناۋادا بىرەر كىشى ئەخمىدى توغرىسىدا گۇمانىي كۆز " قاراشتا بولسا ، ئۇ ، بىرىنچى بولۇپ سەكرەپ چىقىپ رەدىيە بېرەتتى . ئەخمىدى بىلەن زۆليار ئاشۇ كەچ كۈزدە كونا مال بازىرىغا بارغان چاغدا ، ئىرپان قاتارلىق >> ئالتۇنچى يىگىتلەر >> ئۈچۈن ئەخمىدىنىڭ تۇتاملاپ پۇل چىقارغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن زۆليار ، ئۇنىڭ مەرتلىكىدىن تېخىمۇ تەسىرلەنگەن ئىدى . ئەنە شۇ چاغدا ، ئۇ يەرگە توپلانغان كىشىلەردىن بەزىلىرى بۇ سېخى كىشىنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرگەندە تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنلۇك ۋارقىراپ ، >> ئەخمىدى >> دەپ تونۇشتۇرغانمۇ دەل مۇشۇ زۆليار . . . دەرۋەقە زۆليار ئۆز دوستىنىڭ نەسەپنامىسىنى چۈشىنىپ يېتىشكە تېخى ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان ، شۇڭا مەزكۇر >> ئەخمىدى >> كېچە " كۈندۈزدىلا >> ئالەم ساختىپەز ، ئادەم قىزىل كۆز >> سەرلەۋھىلىك كومېدىيىسىنى ئەپچىل سېھىرىسى بىلەن بىجا قىلىپ ، >> يۈرىكىنى يۇلۇۋېلىپ ، ئاندىن كۆڭلىنى ياساش >> رېژىسورلىقىنى نامايەن قىلغان ئىدى . يۈزىگە ماسكا تارتىۋالغان بۇ زاتنى ئۇ كۈنى ئىرپان قاتارلىق >> ئالتۇنچىلار >> تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمەي قالدى .

<< ئالتۇن ئالۋىڭى >> ترادىگىيىسىدىن كېيىن ئۆزىنى << ئەخمىدى >> دەپ ئاتىۋالغان بۇ كىشى كىتاپخانلىرىمىزغا تونۇش بولغان زامانقۇلنىڭ ئۆزى . بىزگە مەلۇم بولغان مۇشۇ نام ئۇنىڭ ماھىيىتىگە مۇناسىپ بولغاچقا ، بىز تۆۋەندە يەنە ئۇنى << زامانقۇل >> دەپ ئاتاپ كېتىۋېرىمىز .

زامانقۇل ئەرداۋچاۋدىكى ئاشخانىدا زۇليار يوقتىپ قويغان بايىقى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى ئۇدۇل << گۇڭگەئەن گۇەنلىچۇ >> نىڭ باشلىقى خۇگوجۇنگە بىۋاستە يەتكۈزگەن ئىدى . تۆھپىكارنىڭ بۇ خىزمىتىنى كۆرگەن باشقارما باشلىقى زامانقۇلدىن چەكسىز مىننەتدار بولۇپ :

- يارايسىز ئاخوشۇ ، يارايسىز . بۇ خىزمىتىڭىزنى بىز ھەرگىز يەردە قويمايمىز ، - دېدى ئۇ ، تۆھپىكارنىڭ دولىسىنى بىر نەچچە قېتىم پەپىلەپ تۇرۇپ .

باشقارما باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بايىقى تىزىملىكلەر ھەم تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىڭ كۆچۈرمە كوپىيىسى ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئېلىۋېلىندى ¨ دە ، ئاندىن يېڭى تاپشۇرۇقلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى :

- بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆچۈرمىسىنى ئېلىۋالدۇق . سىز ئەمدى ئەسلى نۇسخىسىنى بايىقى كىشىگە ئىدىتلىق ھەم بۇگۈن ئاخشاملا يەتكۈزۈپ بېرىۋېتىڭ ، ئەتىسىگە قالمىسۇن .

باشقارما باشلىقى سىمىز گەۋدىسىنى چاققان كۆتەردى ¨ دە ، مەخسۇس بۆلۈم ئىچىدە ئىككى ¨ ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ ، ئاللىقانداق يېڭى تەدبىرى ئۈستىدە تەپەككۇر سۈرەتتى . ئۇ ، بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن زامانقۇلغا يەنە تىكىلىپ تۇرۇپ :

- سىزگە ھازىر يەنە يېتەرلىك راسخوت ئاجرىتىپ بېرىمىز ، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىزنى << 8 ¨ ئارمىيە ئىش باشقۇرۇش ئورنى >> نىڭ ئۇدۇلىدىكى << 41 ¨ نومۇرلۇق >> ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرىمىز . بۇندىن كېيىن ، مەندىن بۆلەك ھېچكىم بىلەن ئالاقە قىلمايسىز . زۆرۈر تېپىلغاندا ، مەن سىزنى ئاشۇ << 41 ¨ نومۇرلۇق >> ئۆيدىن تېپىۋالىمەن ، - دېدى .

زامانقۇل شەرتلىك ئۆيگە ئورۇنلىشىپ ئىشنى جىددى باشلىۋەتتى .

1945 ¨ يىلى كىرىشى بىلەن ئۇرۇمچىنىڭ قەھرىتان سوغۇقى پەللىمۇ ¨ پەللە ئۆرلىمەكتە ئىدى . پۈتۈن شەھەر قېلىن قار ئاستىدا ياتاتتى . كوندە دېگۈدەك چىقىپ تۇرىدىغان ئاچچىق شۇۋرغانلار قارلارنى ئۇچۇرۇپ ، يوللارنى ئېتىۋالاتتى . ئاچارچىلىق جانلارغا تەھدىت سالماقتا ئىدى . تەمىناتسىز قالغان ئالى ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتىن بەزمەكتە ، پاناھسىز قالغان سەرگەردانلار كوندە كۆپلەپ ئۆلۈپ تۇراتتى . كىشىلەرنىڭ قەلبى جۇڭگو ئىنقىلابىي ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلبىسىگە تەلپۈنمەكتە . گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت

فۇرونتىدىكى مەغلۇبىيەتلىرىدىن ۋايىسماقتا ۋە جايلاردىكى يەر ئاستى ئىنقىلابىي ھەركەت ئۇچقۇنلىرىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى . خۇگوجۇن بىلەن زامانقۇلنىڭ ھازىرقى رولى ئەنە شۇنداق غەرەزدىكى جان تالىششتىن ئىبارەت ئىدى .

چاغانغا بىر ¨ ئىككى كۈن قالغاندا << 41 ¨ نومۇرلۇق >> قورا ئالدىغا ماش رەڭلىك پىكاپ يەنە پەيدا بولدى ¨ دە ، ئۇنىڭدىن چۈشكەن خۇگوجۇن ئۇدۇل زامانقۇلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى . ئۇ ، زامانقۇلنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ، ئىككەيلەن تاكى تۈن يېرىمىغىچە << يېڭى خىزمەت >> ئۈستىدە سۆزلەشتى ، خوجايىن ئاخىردا يوليۇرۇق بېرىپ :

- زۇليار تونۇشتۇرماقچى بولغان ھېلىقى قىزنىڭ ئىزىغا چۈشۈ لازىم ، - دېدى .

زامانقۇل ئەتىسىدىن باشلاپ يېڭى كۆرسەتمە بويىچە جىددى ئىشقا كىرىشتى . ئالدى بىلەن ئۇ ، ئىككىنچى شۆبە ساقچى ئىدارىسىنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىن مەزكۇر قىزنىڭ ئىسمىنى ۋە ئىشىك نومۇرىنى بىلىۋالدى .

- ئاقسۇ كونىشەھەردىن ، ئىسمى پەرىلەت ! ماڭا تونۇشلۇق قىز بولۇپ چىقمىسۇن يەنە ، - دېدى ئۇ ، ئاستا پىچىرلاپ . ئاندىن ئۇ نوپۇسنىڭ تىپىپ پەرىلەت ئۈستىدە مەخسۇس ئەھۋال ئىگىلىدى .

- مىنىڭچە ، بۇ قىز ، - دېدى نوپۇسچى ، - يۈزى تۈۋەن ، ئەخلاقلىق كۆرۈنىدۇ ، ئارتۇق ¨ تۆشك ئىشى يوق ، تالا ¨ تۈزلەرگىمۇ چىقمايدۇ ، پەقەت قول ھۈنىرىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ، ئۆيىدە بىرلا كىچىك سىڭلىسى بار ، ئاتا ¨ ئانىسى يوق ، يېتىم قىزلار ، بىراق . . .

- بىراق ، نېمە ؟

- بىراق ، خوشنىسى ئايىمخان : << بۇ قىزنىڭ ئىستىلى ناچار ، يىگىتلەر كۆپ كىرىپ چىقىدۇ >> دەپ ئىنكاس بەرگەن.

ئەھۋال مۇنداق ئىدى . ئايىمخاننىڭ پەرىلەت بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر قىزى بولۇپ ، ئۇنىڭ ھۆسن جامالى خېلى گۈزەل ئۆسۈپ يېتىلگىنىگە قارىماي قىزلارغا خاس بولمىغان بىر خىل غەلىتە ئەيىپى بار ئىدى . شۇڭا 23 ياشلارغا كىرىپ قالغان بۇ قىزغا دەسلىپىدە پەرۋانە بولۇپ يىگىتلەر ئۇنىڭ ئەيىپىنى كۆرۈپلا رايى قايتىپ ، كۆڭلى سوۋۇپ قاچاتتى . شۇڭا ئايىمخان ھە دېسىلا پەرىلەتكە يالۋۇرۇپ :

- قىزىمنىڭ ياش قورامى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى . مەن ئۇنداق چېغىمدا ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ بولغان ، شۇڭا قىزىم ئولتۇرۇپ قېلىشۇەرسە سۆز ¨ چۆچەك بولىدىكەن ¨ دەپ ئەندىششىسىنى ئىزھار قىلىدى .

بۇ سۆزلەر پەزىلەتكە زادىلا ياقمايتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ، ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن :

- ئايىمخان ئاچا ، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن ، بۇ چوڭلارنىڭ ئىشى مېنى دىسىلە ، مەنمۇ قىزلىرى بىلەن تەڭغۇ ؟ - دەپ جاۋاپ بىرەتتى . ئايىمخان تەتۈر چۈشىنىپ ، ئاغرىنچى قىلىپ ئاداۋەت تۇتۇپ ، ھەپتىلەپ ، ئايلاپ چىراي ئاچمايتتى . پەزىلەتكە كىيىم تىكتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئوغۇل ¨ قىزلار كۆپەيگەنسىرى ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت كېتىپ ، رەشكىدىن ئازاپلىناتتى . قارىسىغا تۆھمەت چاپلاپ ، << پەزىلەتنىڭ ئىستىلى بۇزۇق >> دەيدىغان بەتنام سۆزلەرنى ياياتتى . ساقچى ئورۇنلىرىغىمۇ چېقىشتۇراتتى .

ساقچىدىن ئەھۋال ئىگىلەپ بىرەر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر چۈش مەھەلدە زامانقۇل پىلانى بويىچە پەزىلەتكە كەلدى . ئۇ ئالدىراش ئىش تىكىۋاتاتتى . ئۇنىڭ 15 ياشلارغا كىرگەن سىڭلىسى ھېلىلا مەكتەپتىن كېلىپ ، چايغا ئولتۇرغان ئىدى . پەزىلەتنىڭ ئاتىسىدىن مىراس قالغان بۇ ئاددى قوراسىدا بار ¨ يوقى ئىككى ئېغىزلا ئۆي بار ئىدى .

- ئاچا مېھمان كەلدى !

پەزىلەت ، سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن ئىشنى توختاتتى ¨ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ، زامانقۇلنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى . ئۇ ئولتۇرماي تۇرۇپلا سومكىسىدىن ئىككى پارچە رەخت چىقىرىپ :

- سىڭلىم ماۋۇ سارجىدا شىم ، ماۋۇ پاگچۇدا كۆينەك تىكىپ بارسىلە ، قاچانراق پۈتتۈرۈپ بىرەلا ؟ - دىدى .

- بىر ھەپتىدىن كېيىن ، - دىدى پەزىلەت .

زامانقۇلدىن گۇپۇلدەك ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋالغان پەزىلەت ئۇنىڭ رەختىنى ئۆلچەپ بولۇپلا يەنە چەتلەپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى .

زامانقۇل بۇ چاغدا ئاستا ئورنىدىن تۇردى ¨ دە ، ئۇدۇل تامدىكى ئەينەك جاھازىغا ئېلىنغان سۈرەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن باردى . جاھازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ كىشىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئوتتۇرىدا جەۋلانى ، ئوڭ تەرەپتە پەزىلەت ، سول تەرەپتە مۇبارەك .

مانا بۇ ، << يىپ ئۈچى >> دەپ ئويلايتتى زامانقۇل ئىچىدە .

زامانقۇلنىڭ سۈرەتكە قاراۋاتقانلىقىنى پەزىلەت گەرچە كۆز قىرىدا كۆرۈپ تۇرغان بولسىمۇ ، ئانچىزا پەسەنت قىلمىغان ئىدى . زامانقۇلمۇ بىلىندۈرمەسلىككە سىلىپ :

- بولدۇ سىڭلىم ، مەن كەتتىم ، بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىمەن ، - دېدى ¨ دە ، يۈمشاق دەسسەپ چىقىپ كەتتى .

زامانقۇل بۈگۈن پەزىلەتنىڭ ئۆيدە ئېرىشكەن << يىپ ئۇچى >> نى شۇ كۈنىلا يىرىم كېچىچە ئېقتىماي ¨ تېمتىماي ھىماتلىرى خۇگوجۇن بىلەن ناسىرغا تولۇق يەتكۈزدى .

- راست شۇ مۇبارەكمۇ ، بىزدە ئىشلەيدىغان مۇبارەكمۇ ؟ - دەپ جىددى سورىدى .

- دەل شۇ ، مۇبارەكنىڭ دەل ئۆزى ، - دېدى زامانقۇل .

- سىز ئەمدى تېخمۇ ئېچكىرىلەپ كىرىپ ، بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئېرىشىشكە تىرىشىڭ . مۇمكىن بولسا شۇ ماشىنچى قىز بىلەن . . .

خۇگوجۇننىڭ يېڭى تاپشۇرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، زامانقۇلنىڭ يۈرىكى يوغىناپ ، ئايغى تېخمۇ تېتىكلەشتى . ئۇ ، بىر ئاخشىمى ئەتەي پەزىلەتنىڭ كوشەندە خوشنىسى ئايمخاننىڭ يېنىغىمۇ ، مۇبارەك بىلەن پەزىلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كوچىلاپ سورىدى . ئايمخان ئېغىزىغا كەلگىنىنى چاينىغلى تۇردى :

- ھىلىقى گۈگئەن گوەنلىچۇدا ئىشلەيدىغان مۇبارەك بولمامدۇ ، بۇ ئىككى خانلىرىم قوشكىزەككە ئوخشايدۇ . ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىل سىغمايدۇ . كۆندە دېگۈدەك نېرىقى ئۆيدە چاقچاق ، كۈلكە ، قىيا ¨ چىيا . . .

زامانقۇل بۇ سۆزلەرنى خۇددى ھاملدار ئايال بىر نېمىگە سىزىك بولغاندەك ، ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى . پەزىلەتنىڭ مۇخالىپى نىملا دىسە شۇنى يېزىۋالاتتى . لىكىن ، << دۇشمەن نېمە دەيدۇ ، ئىت نېمىنى يەمەيدۇ >> دېگەننى ئۇيلاپ باقامدىكىنا ؟ !

بۈگۈن 7 - مارت ، ئاياللار بايرىمىنىڭ ھارپا كۈنى ، پەزىلەت جىددى ئىشلىمەكتە . بۈيرۇتما ئىشلارنى ئەتىگە ئۆلگۈرتۈش ئۈچۈن بىر قولنى ئىككى قىلالمايۋاتاتتى . دەل چۈش مەھەلدە زامانقۇل يەنە بايىقى كىيىمنى ئېلىش ئۈچۈن كىرىپ كەلدى . پەزىلەت دەرھال ئۇنىڭ كىيىم ¨ كىچىكىنى ئېلىپ بەردى ۋە كارى بولماي ئېرىپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇۋەردى .

- ئىشىڭىز بەك ئالدىرىشمۇ ، نېمە ؟

پەزىلەت ئىزىدىن قوزغالماي ۋە چىرايىمۇ ئاچماي ، ۋەزمىنلىك بىلەن :

- ھەئە ¨ دېدى چۈس ئۆزۈپ .

- ئۇنداق بولسا مەيلى ، مەن تېخى ئاخشاملىققا كىنوغا بارارمىزمىكىن دەپ ، سىزگىمۇ كىنو بېلىتى ئالغاچ كەلگەنتىم . ماۋۇ سىمكار پۇلىڭىزنى ئېلىڭ . مېنىڭ يەنە تىكتۇردىغان كىيىملىرىممۇ بار . ئايرىم بىر كۈنى كىلىمەن .

زامانقۇل قېتىغا خەت قىستۇرۇلغان << سىمكار ھەققى >> نى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى ¨ دە ، خۇددى بىر كىم قوغلىغاندەك ئىتتىك چىقىپ كەتتى .

پەزىلەت گۈگۈم چۈشكەن چاغدىلا ماشىنىنىڭ يېنىدىن قوزغالدى . بۇ ئارىدا ئارقا ¨ ئارقىدىن كەلگەن كىيىم ئىگىلىرى ، قىز ¨ چوكانلار ئۆيگە لىق تولغان ئىدى . پەزىلەت ئۇلارنى ئەل ياتقۇغىچە ئاران ئۇزىتىپ بولالىدى . ئۇ ، بۈگۈن تازا چارچىغان ئىدى . خېرىدارلارنى ئۇزىتىپ بولۇش بىلەن تەك كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى .

ئەتىسى - << 8 - مارت >> . پەزىلەتنىڭ سىڭلىسى ئايتۇلۇن سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى ¨ دە ، تېخىچە ئۇخلاپ ياتقان ئاچىسىنى قۇچاقلاپ ، پىشانىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى . پەزىلەت ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆزىنى ئېچىپ ، سىڭلىسىغا قارىدى .

- قوپ ئاچا ، ئۇخلاۋېرەمسەن ، بۈگۈن بايرامغۇ ؟ مەن نېمە كىيىمەن ؟ ئاتا ¨ ئانام بولسىغۇ . . .

ئايتۇلۇن بوينىنى قىسقان ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى . پەزىلەت دەرھال كۆڭلى سۇنۇق سىڭلىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى ¨ دە ، ئۇنى باغرىغا باستى . ئۇ ، سىڭلىسىنىڭ << ئاتا ¨ ئانام بولسىغۇ . . . >> دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ، يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى . ئۆزىنى چىڭ تۇتسىمۇ ، لېكىن ئويناق كۆزىدە ياش مونچاقلىرى مۆلدۈرلەپ تۇراتتى . ئۇ ، يەنە ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ :

- كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئايتۇلۇن ، مەن ھەممىنى تەل قىلىپ قويدۇم . بىز بۈگۈن چىرايلىق بايرام قىلىمىز ، - دېدى.

راسكۆي ۋە مېھرىبان ئاچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئايتۇلۇننىڭ كۆڭلى شۇئان يېشىلدى ¨ دە ، ئاچىسىنىڭ مەڭزىگە يەنە ياندۇرۇشلاپ سۆيۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ يۇمران كۆكسىنى مۇجۇقلاپ ئويىنغىلى تۇردى .

- بولدى ، ئۇيياتسىزنى قارا ، - دېدى پەزىلەت كۈلۈپ ۋە سىڭلىسىنى ئەركىلىتىپ .

ئاندىن ئاچا ¨ سىڭىل كىگىز ، ئەدىياللىرىنى قېقىشتۇردى . تام ¨ تورۇسلىرىنى تۈزەشتۈردى . يۈز ¨ كۆزلىرىنى يۇدى . چاچلىرىنى تارىدى . شۇنىڭدىن كېيىن پەزىلەت سىڭلىسىغا :

- ئەمدى كىيىنىپ ، راسا بىر ياسىنىپ باققىنا قېنى ، مەن بىر كۆرۈپ باقاي ، - دېدى .

ئايتۇلۇننىڭ دىلى يايراپ كەتتى . ئاچا " سىڭىل تەڭلا يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى . باشلىرىغا ئوخشاش نۇسخىلىق چىمەن دوپپا ، ئۇچلىرىغا خۇشپىچىم ئەتلەس كۆينەك ، ئۇستىگە قايرىما ياقىلىق سۆسۈنە پەشمەت ، پۇتلىرىغا پەزىلەت توقۇغان يۇڭ پايپاق ۋە قارا تۇپلاي كىيدى .

- ئەمدى ئەينەككە بىر قاراپ باققىنا ، قېنى ، - دېدى پەزىلەت .

- يۇر ، ئىككىمىز تەڭ قارايمىز ، - دېدى ئايتۇلۇن دەرھال ئاچىسىنىڭ بىلىكىدىن سۆرەپ ئۇدۇل تامنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئېسىقلىق چوڭ بىر ئەينەك ئالدىغا ئېلىپ باردى . ئاچا " سىڭىل بىر " بىرسىنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە زوقلىنىپ قارىشاتتى . چاچلىرىنى تۈزەشتۈرەتتى .

- قانداق ، پۈچۈغۈم ، خۇش بولدۇڭمۇ ؟ - دېدى يەنە پەزىلەت .

ئايتۇلۇن دەرھال پەزىلەتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ، يەنە ئۇنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى . پەزىلەتمۇ ئۇنىڭ پىشانىسىگە بىر نەچچىنى سۆيۈپ قويدى .

كېيىن سىڭلىسىنى گۆشكە بۇيرۇپ :

- قاپىقىم تارتىۋاتىدۇ . مۇبارەك ئاچاڭ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ، بۈگۈن سەن دېگەن تاماقنى ئەتىپ بېرىمەن ، يۈگۈر سىڭلىم ، گۆشنى تېزرەك ئەكەل .

ئايتۇلۇن گۆشكە ماڭدى . پەزىلەت ئوچاق باشلىرىنى راسلاپ قويغاندىن كېيىن تۆتتۈگۈنكى سىمكار ھەققى تاپاۋەتلىرىنى تىزىملاشقا كىرىشىپ كەتتى . تۆنۈگۈن زامانقۇلنىڭ بەرگىنىنى ئۇ ئالدىراشچىلىقتا بىر تارتمىسىغا شۇ پېتىچە سېلىپ قويغاندى . ھازىر شۇ پۇلنىمۇ ئېلىپ سانىغىلى تۇردى .

- ئەجەپ 20 نەچچە دوللار ئوشۇق بېرىپتىغۇ ، ئېزىقىپ كەتكەندىمۇ " يە ؟ - يەنە ساندى .

- خەت تۇرىدىغۇ ، بۇنىڭدا ئويۇن بار ئىكەن " دە !

پەزىلەت خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى . خەتنىڭ ئاخىرىسىغا بارغىچە چىدىيالماي قالدى " دە م ۋۇجۇدى تىترەپ ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتتى . ئۇ غەزىپىدە خەتنى دەسسەپ چەيلىۋەتمەكچى بولۇپىراق ، يەنە ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ :

- توختا ، مەلئۇننىڭ خېتىنى مۇبارەك كۆرسۇن ¨ دە ، ئاندىن بەر مەسلىھەت بىر ياقلىق قىلايلى ¨ دىدى ئـۇ ئـۆزىگە تەسەللى بېرىپ .

پەزىلەتنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك تۇمانلىرى قاپلىۋالغان ئىدى . ئۇ سۇپىنىڭ قىرىغا ئەمـدىلا ئولتۇرۇشـىغا مۇبـارەك بـىلەن ئايتۇلۇن كىرىپ كەلدى . ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى . مۇبارەكنى سۇپىغا تەكلىـپ قىلـدى . مۇبـارەك خـۇش چىـراي بىلەن :

- مەن ساڭا كېلىۋېتىپ ، ماۋۇ ئويۇن قېپى ئايتۇلۇنغا ئۇچرىشىپ قالسام بولىدۇ . تونۇمىغىلى تاسـلا قـاپتىمەن ، قـارا ، بۇنى شۇنچە چىرايلىق ياساپ قويغىنىڭنى ، سېنى سورىسام بار دىدى ، ئىككىمىز يول بويى پاتروشكىلىـشىپ كەلـدۇق . شۇنداقمۇ ئايتۇلۇنۇم ، - دىدى ئايتۇلۇننىڭ كۆڭلىنى ياساپ .

ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن پەزىلەتنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ ، يۈزىگە باشقىدىن قان يۈگۈردى . ۋۇجۇدىغـا دەرمـان كىـردى . ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى ھەققى دىلكەش دوستلاردىن ئىدى .

- ناۋادا كەلمىگەن بولساڭ ، - دىدى پەزىلەت مۇبارەكنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ، - بۈگۈنكى كۈنۈم ھارام بولاتتى . خۇيمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ . ئايتۇلۇن سېمىز قوي گۆشى ئېلىپ كەپتۇ . قېنى نېمىگە دىلىڭ تارتىدۇ ؟

- بۈگۈنكى تاماقنىڭ تۈرىنى ئايتۇلۇن تاللىسۇن .

- پېتىر مانتا ، - دىدى ئايتۇلۇن ، مۇبارەكنىڭ سۆزىگە ئۇلگۈرتۈپلا چاققانلىق بىلەن . ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشـتى .

- ماقۇل ، قېنى ئەمسە ، سەن گۆش توغراپ ، قىيما قىل ، مەن خېمىر يۇغۇراي . . .

پەزىلەت يەڭلىرىنى تۈرۈپ ، پەشتامال تارتىپ ئىش باشلىدى .

ئۇلار قولمۇ قول تۇتىشىپ ، پېتىر مانتىنى تۈگۈشتى . تامـاق پـىشقىچە چـاي ئىچـىشىپ ئولتۇرغـاچ پەزىـلەت بـىلەن مۇبارەك پاراڭغا چۈشتى . . .

تاماقتىن كېيىن پەزىلەت سىڭلىسىغا :

- بىردەم تالاغا ئوينىغاچ تاماق سىڭدۈرۈپ كەلگىن ، لېكىن بەك كەچ قالما ، ئەتە مەكتىپىڭگە بارىسەن ئەمەسمۇ ؟ - دىدى .

ئايتولۇن يۇگۇرگەن پېتى چىقىپ كەتتى . پەزىلەت دەرۋازىنى ئېتىپ كىرگەندە ، مۇبارەك ئىچكىركى ئۆيدىكى ئەينەك جاھازا ئالدىدا سۈرەتلەرگە تىكىلىپ تۇراتتى . ئۆزىنىڭ ئەينى زامانىدا بىرگە چۈشكەن سۈرىتىدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قاراپتىتى .

- بۇ سۈرەتلەرگە نىمانچىۋالا قاراپدىغانسەن ؟ بولدى كەل ، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ، - دىدى پەزىلەت .

- دەۋىر ، قۇلىقىم سەندە ، - دىدى مۇبارەك .

مۇبارەك بىلەن جەۋلانى ساۋاقداش ئىدى . شۇ چاغدا جەۋلانىنىڭ ئەقىل ¨ پاراستى ۋە ئىسىل پەزىلتى مۇبارەكنىڭ قەلبىدىمۇ ھۆرمەت ۋە تەلپۈنۈش تۇيغۇسىنى قوزغىغان ئىدى . ئۇلار << ئالتۇنچى مۇساپىرلار >> ئۆچۈن ئىئانە توپلاش ھەركىتىدىمۇ ھەمكارلاشتى . پەزىلەتنىڭ << ئالتۇنچى سەرگەردانلار >> غا نۇرغۇن ماتا ياردەم بەرگەن ئالىجاناپ خىسلىتىنى جەۋلانىنىڭ كۆپ قېتىم مەدھىيلىگەنلىكىنى ئاڭلىغان مۇبارەك ، كېيىن جەۋلانىنىڭ پەزىلەتكە رىشت باغلىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان ئىدى . ئۇنىڭ جەۋلانغا ئىشتىياقى كۈچلۈك بولسىمۇ ، ئەمما ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتىن كېچىپ ، جەۋلانغا تەلپۈنۈش تۇيغۇسىنى دوستلۇق تۇيغۇسىغا بۇرىدى ¨ دە ، شۇ كۈندىن باشلاپ پەزىلەت بىلەنمۇ ھەقىقىي دوستلۇق ئورناتتى . بۇ قوشماق دوستلۇق ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە ئىدى . جەۋلانى ئۇلارغا زامانىۋىلىنىڭ << ئالتۇنچى يىگىتلەر >> نى قانداق ۋەھشىيلەرچە نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بەرگەن ئىدى . ئاخىرىدا شۇ جەۋلانىنىڭ ئۆزىمۇ زامانىۋىل تەرىپىدىن ھېچبىر گۇناھسىزلا تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى . مۇبارەك بىلەن پەزىلەت بۇ قانلىق تىراگېدىينى تولۇق بىلەتتى . شۇڭا مۇبارەك ھازىر سۈرەتكە قاراۋېتىپ ، مۇشۇ ۋەقەلەرنى ئەسلىمەكتە ئىدى .

- بولدى ، سۈرەتنى كېيىن كۆرسىڭا ، ئىچىمنى بىر نىمە تاتىلاپ تىت ¨ تىت بولۇپ كېتىۋاتىمەن .

پەزىلەت تاقەتسىزلىك بىلەن بىرىپ ، مۇبارەكنىڭ قولىنى تارتىپ .

- يۇر ، خالى چېغىمىزدا ئوبدانراق سۆزلىشىۋالايلى . ¨ دىدى تەكرار تەكىتلەپ .

ئىككەيلەن يانمۇ ¨ يان ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن ، پەزىلەت خەتنى مۇبارەككە سۇنۇپ :

- ئوقۇپ باق ، - دىدى .

مۇبارەك خەتنى تەقەززالىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى ۋە ياندۇرۇشلاپ ئىككى ¨ ئۈچ قېتىم ئوقۇپ بولۇپ :

- ساڭا بۇ تەكلىپنى قويغان قايسى يىگىتكەن ئۇ ، ئىسمى يېزىلماپتىغۇ ؟ - دەپ سورىدى .

رەڭگى ئۆچكەن پەزىلەت بىر ئۆھ تارتىۋېتىپ جاۋاب بەردى :

- زامانقۇل !

بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ مۇبارەكنىڭ رەڭگى تاترىپ كەتتى ۋە :

- نىمە ؟ ئۇ ، بۇ يەرگە قاچاندىن بۇيان كېلىپ يۈرىدۇ ؟ نىمە دەپ كېلىدۇ ؟ - دەپ جىددى سورىدى .

ئالدىراپ قالغان تەشۋىشكە چۈشكەن مۇبارەك سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى " دە ، جىددى ئاھاڭدا تەكىتلىدى . پەزىلەت تۈنۈگۈن چۈشتە بولغان ئەھۋاللارنى بىر " بىرلەپ سۆزلەپ بەردى . مۇبارەك يەنە چۆچۈگەندەك تىخمۇ چوڭقۇرلاپ سوراشقا باشلىدى :

- ئۇ ، راستىنلا ئەينەكتىكى ئۈچىمىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈۋالدىما ؟

مۇبارەكنىڭ جىددىلىشىپ كەتكىنىدىن پەزىلەت ھاڭ " تاڭ قېلىپ دوستىنىڭ كۆزىگە تىكىلەتتى . مۇبارەك داۋاملاشتۇردى :

- پەزىلەت دوستۇم ، مەن ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ بولدۇم . مەن بۇ ھەقتە بىر مۇنچە نازۇك ئىشلارنى بىلىمەن . ئۇ ، ھازىرچە ساڭا سىر بولۇپ تۇرسۇن . زامانقۇلنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بىر چوڭ ئاپەتتىن دېرەك بېرىدۇ . ئۇنىڭ يۈزىدە تۈكى بار ، شۇم ئەڭگىز مەخلۇق . پۇل ، مەنسەپ ۋە شۆھرەت ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ ، ئۇ ، سىېنىڭ ئۆيۈڭنى زادى قانداق قىلىپ بىلىۋالىدى ؟ بۇ ، چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش . << بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا >> دېگەن بىر مەرەزلىك بېشىمىزغا كەلگەندەك قىلىدۇ . ھاراق " شاراپنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن شاللاقلار ئېغىزىدىن بالا تېرىغان بولۇشى ئېھتىمال ، ماۋۇ جاھازىدىكى ئۈچىمىزنىڭ سۈرىتىنى مەن بۇگۈنلا ئېلىپ كېتىپ ، يوشۇرۇپ قوياي ، بىخەستەلىك قىلىپ ، ئۆزىمىزگە پەخەس بولمىساق بۇ سۈرەت چوقۇم بېشىمىزغا بالا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ . سەن ئۆزەڭنى مەزمۇت تۇتۇپ ، زامانقۇلغا تاقابىل تۇر . چۈنكى ئۇ ھەرقىماپ بىلەن زەھەرلىك قولىنى سوزۇشتىن يانمايدۇ . سەن ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلە ، مەن سېنى ، ئايتۇلۇننى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمەن .

كەچ كىرگەن ئىدى . مۇبارەك خوشلىشىپ ئۆزىدى .

## يىگىرمە ئىككىنچى باپ

1

بالا ¨ قازا يالغۇز يۈرمەيدۇ .

- خەلق ماقالىسى

مارت ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ، ھاۋا توساتتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى . كۈندۈزى جۇدۇن ، كېچىسى قاپ ¨ قاراڭغۇ تۇمان . بۇگۈن كېچە قار ئارىلاش سىم ¨ سىم يامغۇر توختىماي يېغىپ تۇراتتى . ئاچچىق سوغاق كىشىنىڭ بەدىنىگە نەشتەر سانچىپ ئۆتەتتى . كوچىلاردا ئادەم قارىسى كۆرۈنمەيتتى . ئەل ياتقۇغا يېقىن << 41 ¨ نومۇرلۇق >> قورا ئالدىغا ماش رەڭلىك پىكاپ يەنە پەيدا بولدى ¨ دە ، ئىككى كىشى پىكاپتىن چۈشكەن پېتى زامانقۇلنىڭ ئۆيىگە غىپپىدە كىرىپ كەتتى . بۇلار باشقارما باشلىقى خۇگوجۇن ۋە بۆلۈم خادىمى ناسىر ئىدى . زامانقۇل نامەلۇم بىر سورۇندىن ھېلىلا قايتىپ كېلىپ ، چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى . ئۇ چاچراپ تۇرۇپ ئىككى مېھمىنىنى ئورۇنغا تەكلىپ قىلدى . ئۇ ، بۈگۈنمۇ خېلىلا كەيىپ ئىدى .

- ماشىنچى قىزنى ، - دېدى خۇگوجۇن كىرە ¨ كىرمەيلا ، زامانقۇلغا سۇئال بېرىپ ¨ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈلدىڭىزمۇ ؟

زامانقۇل ، باشقارما باشلىقىنىڭ مىختەك قادىلىپ تۇرۇشىدىن ئەيمىنىپ ، يەرگە قارىۋالدى ۋە تىرىنقىنى تاتىلىغان پېتى دۇدۇقلىنىپ تۇرۇپ قالدى . بىر ئازدىن كېيىن ، ئاغزى زۇۋانغا كەلدى ¨ دە ، جاۋاپ بەردى :

- ياق ، تېخى ئۇنىڭ ھالى چوڭ ، بوينى قاتتىق ، تەرسا بىر نېمىكەن ، مەن كىرسەملا جەددىلى قېتىپ ، كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالىدۇ . قاپىقىنى ئېچىپ قاراپمۇ قويمايدۇ .

ھېلىقى ئەينەك جاھازىدىكى سۈرەتلەرنى قولغا چۈشۈرەلىدىڭىزمۇ ؟

- راست بۇنى دىمەپتىمەن ، كېيىنكى قېتىمدا بارسام ، ئۇ سۈرەتلەر جاھازىدا كۆرۈنمەيدۇ .

باشقارما باشلىقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تىك تۇرۇپ كەتتى ¨ دە ، يانچۇقىدىن بىر پاپىروس چىقىرىپ تۇتاشتۇردى . ئىككى قولىنى كەينىگە قايچىلاپ ، ئالللقانداق خىياللار بىلەن ئۆيىنىڭ ئىچىدە تىنىمسىز ماڭاتتى . ئۇنىڭ گۆشلۈك ئېڭەكلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى . ئۇ ئاخىرىدا زامانقۇلغا زەردىسى بىلەن بۇيرۇق قىلدى :

- سەن ئۇ قىزنىڭكىگە ئەتە كەچقۇرۇن يەنە بار . جاھازىدىكى سۈرەتنى ئىلاجىنىڭ بېرىچە قولىمىزغا چۈشۈرۈشكە ئامال قىلىپ كۆر . چۈنكى ، ئۇ نەرسە بىزگە بەك مۇھىم . مۇبادا قىز قارشىلىق كۆرسەتسە ، خوشنىسى ئايىمخاننىڭ پاش قىلىشنى ئاساس قىلىپ ، ئۇنىڭغا بۇزۇقلۇق جىنايىتى ئارتىپ ، قولغا ئېلىپ ، ئۆيىنى ئاختۇرۇشقىمۇ بولىدۇ . جەمىيەتتە نامى ¨ ئەمالى يوق ئۇنىڭدەك گاداي قىزنىڭ كارى چاغلىق . بىراق ، ئۇ ئۆيدىن نۇرغۇن ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرەلەيمىز

. بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتا كۆڭۈلچەكلىك قىلىشقا زادى بولمايدۇ . ياشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر مەخپى پـونكىتى ئاشـۇ قىزنىـڭ ئۆيى ئىكەنلىكى ئېسىڭدە بولسۇن . گەپ شۇ ، بىز كەتتۇق .

ماش رەڭلىك پىكاپ كەتتى . زامانقۇل كىيىم ¨ كېچەكلىرىنى سېلىشقىمۇ ئېرىنىپ ، كارۋىتىغا دۈم چۈشـكەن پېتـى ئۇخلاپ قالدى . ئەتىسى ئۇ ، باش ¨ كۆزى گاراڭ ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى . ئاخشامقى ھاراق چىشلىۋالغانلىقىدىنمۇ ، ئۇ پات ¨ پاتلا بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭ مۇجۇپ قوياتتى . ياۋمۇسەن تېغى تەرەپتىن سـەھەردە كېلـىپ ، قـورا ئالدىدىكى چوڭ تۈپ قارىياغاچ شېخىدا يېقىمسىز سـايراۋاتقان چـوكىلاڭ قاغىلارنىـڭ ئـاۋازى جېنىغـا تەگـكەن زامـانقۇل ئورنىدىن قوزغالغان پېتى تالاغا چىقتى ¨ دە ، قاغىلارغا چالما ئاتتى . قاغىلار بەدەر قوزغالدى ¨ دە ، ئۇلانباي سـىيان ئۇچۇپ كەتتى . كېيىن ئۇ ، كىيىم ¨ كېچەكلىرىنى راۋۇرۇس كىيىپ ، ئەرداۋچاۋدىكى شۇ << قەدىناس >> ئاشخانىسىغا قاراپ ماڭدى . بۇ ئاشخانىدا زامانقۇل خۇددى ئۆزىنى دالدىغا ئالغان قاچقۇندەك ، تويمۇ ¨ توغرا بىر كۈننى ئۆتكۈزدى . غىزانى بولسا قارنى يېرىلغۇدەك يېدى . ئىچتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى خۇن ئىچكەن قاتىلنىڭ كۆزىـدەك بـۆلەكچە قىزىرىپ كەتكەن ئىدى . زاۋال چۈش چۈشكەن مەزگىلدە ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئاشخانىنىڭ سىرتىغا چىقتـى ¨ دە ، ئارقـا كوچا تېمىنى ياقىلاپ ماڭغىنىچە ئۇدۇل ياتىقىغا باردى . يان قورالىنى ئاستى ، بىر ئىنچىكە سىمنى يانچۇقىغا سـالدى . ئىشىكنى تاقاپ ، يەنە كوچىغا قاراپ ماڭدى . ياڭخاڭ كۆلۈبى ئالدىغا يېقىنلاپ بارغاندا بىر تۈپ قارىياغاچ تۈۋىدىكى يۇندا ئېرىقىدىن ئاتلاپ ئۆتىمەن دەپ دومىلاپ چۈشتى .

ھەسسەنەي ، ئەمدى ماۋۇ ناتەسلىكنى قارىمامدىغان .

زامانقۇل ۋايسايتتى . يۇندا ئېرىقىدىن تەستە قوپتى . ئۇ ، ئاۋايلاپ بېرىپ ، بايىقى قارىياغاچقا ئارانلا يامىشىۋالدى . كىيىم ¨ كېچەكنى قاپ ¨ قارا پاتقاق بىلەن بۇلغانغان ئىدى . ئۇ ، قارار گاھىنى ئېسىگە ئالدى ¨ دە :

بارايمۇ ، بارمايمۇ ؟ بارمىسام ، باشقارما باشلىقىنىڭ سورىقى ؛ بارسام پۈتۈن ئەزايىم يۇندا پاتقىقى ، دەپ بىر ھازاغىچە ئارىسالدى بولۇپ قالدى . راستىنلا ئۇنىڭ بېشى گاڭگىرىغان ئىدى . لېكىن ئۇ يەرگە بۈگۈن كېچە چوقۇم بېرىشى كېرەك . ئۇ قايتىپ ياتىقىغا باردى ¨ دە ، كىيىم ¨ كېچەكنى يەڭگۈشلىدى .

بۇ چاغدا خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى . زامانقۇل يەنە ئۆيىدىن چىقتى ¨ دە ، ئـۇدۇل تەرەپتىكـى خالتـا كوچـا بىلەن خابا بويىغا ئۆتتى . توگمەن ئېرىقىنىڭ جەنۇب تەرىپىنى بويلاپ ، چىغىر يوللار بىلەن ماڭدى . ئۇنىڭغا ئىنس ¨ جىن يولۇقمىدى . بارىدىغان مەنزىلى يېقىنلاشقانسېرى پەيلىنى بۇزۇپ ماڭاتتى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇ پەزىلەتنىڭ قوراسى ئالدىغا كېلىپ توختىتىدى . زامانقۇل ئىچىدىن مەھكەم ئېلىپ قويۇلغان دەرۋازىنى بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇپ باقتى ¨ يۇ ، ئاڭلىتالمىدى . پەزىلەت بىلەن سىڭلىسى ئايتۇلۇن ئاللىقاچان ئۇخلاپ كېتىشكەن ئىدى . زامانقۇل قارامىلىقىغا ئېلىپ ، ئالدى تامنىڭ پەسرەك بىر يېرىدىن قوراغا سەكرەپ چۈشتى . << گۆپ >> قىلغان ئـاۋازدىن پەزىلەتنىـڭ يـۈرىكى قـارتىلا

قىلىپ قالدى " دە ، چۆچۈپ ئويغىنىپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ۋە چىراق ياندۇردى . كىيىم " كىچىكىنى كىيدى . ئاندىن ئوتۇن ياردىغان پالتىنى ئېلىپ ، زەنجىرلەنگەن ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى .

- ئىشىكىڭىزنى ئېچىڭ ، ئۆتكەندە دېگەن ھېلىقى چاپانلىق رەختىمنى ئېلىپ كەلدىم ، - دېدى زامانقۇل ، ئىشىكنىڭ سىرتىدا مۇلايىم ئاۋازدا .

- نىمشكە بىراۋنىڭكىگە كېچىلەپ كېلىپ ، ئىتتەك تېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ يۈرىسىز ، ئىشىكىز بولسا ئەتە كۈندۈزى كېلىڭ ، - دېدى پەزىلەت .

- دىمىسىڭىزمۇ كۈندۈزدە كەلمەكچى ئىدىم . تۇرپانغا بارىدىغانلىقىمنى ھېلىلا ئاڭلىدىم . شۇڭا ھازىر كېلىپ قالدىم . بۇ سەۋەنلىكىمنى كەچۈرۈڭ . رەختىنى بىرىپلا كېتىمەن .

بۇ گەپلەر پەزىلەتنى ئىككىلەندۈردى . ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانقۇل شۇنلۇق قىلىپ ئۆتكەن قېتىم سىمكار ھەققىگە 20 دوللارچە پۇلنى ئوشۇق بېرىۋەتكەن . بۇنى مۇشۇ قېتىم يۈز تۇرانە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم . دېگەن پىكىر پەزىلەتنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى " دە ، ئىشىكنى ئاخىر ئېچىپ بەردى . زامانقۇل خۇددى قاۋاندەك ئۈسۈپلا ئۆيگە كىرىۋالدى ۋە بارغان پېتى ئاۋال ئەينەك جاھازىدىكى ئۆچەيلەننىڭ سۈرىتىنى ئىزلىدى . جاھازىدىكى سۈرەتلەرنىڭ يوقالغانلىقىنى بىلگەن ھامان چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى . ئۇنىڭ قاپىقىدىن مۇز يېغىپ ، تەلەتى بىزىرىپ ، ئەلپازىدىن قاتىللىق ئىما بېرەتتى .

- ماڭا ئارتۇقچە پۇلنىڭ لازىمى يوق !

پەزىلەت دەرغەزەپ بىلەن زامانقۇلنىڭ ئارتۇق پۇلى ۋە خېتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ تەكىتلىدى :

- ھالال ئەجرىمنىڭ ھەققىلا يېتىدۇ . بەس ، ھارام سىڭمەيدۇ . ئېيتىڭا ، يەنە قايسى يۈزىڭىز بىلەن ماڭا خەت يېزىپ يۈردىڭىزمۇ ؟ ساباھەتخان ئاچامنى خارلىغىنىڭىز يەتمەمدىكەن ؟ كۆزۈمدىن يوقىلىڭ ، ھازىرلا يوقىلىڭ ، بوسۇغامغا ئىككىنچى دەسسىگۈچى بولماڭ !

- ئانچىۋالا زورۇقۇپ كەتمەڭ ، مېنىڭ تېخى دەيدىغان سۆزۈم بار ، - دېدى زامانقۇل بىشەملىكىگە ئېلىپ " ساباھەتنى دىسىڭىز ئۇ ، بىرىنچىدىن توغماس ، ئىككىنچىدىن ئۇ مۆئەللىم ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنى ياخشى كۆرمىدىم .

- شۇنىڭ ئۈچۈن لىرانى ياكى شاڭخەيلىك سەتەڭنى تاللىغان ئىكەنسىز " دە !

- ياق ، مەن ھازىر ماشىنچى قىزنى تاللىدىم .

- ئاغزىڭغا بالا تەگسۇن ئىلاھىم ، ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ سۆزلە . مېنىڭ جەددى " جەمەتىم ھەممىسى ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ . مەنمۇ بىلىم ئىگىلىرىنى سۆيىمەن . سېنىڭ مېنى تىلغا ئېلىشقا نېمە ھەددىڭ ؟ سەن مېنىڭ خىلىممىدىڭ ؟

- خىلىڭىز جەۋلانى ؟

- دەل شۇ ، ئۇنىڭ بىلىمى ، ۋىجدانى .

- ئۇ ھازىر نەدە ؟

- دەن تىرىك كۆمۈۋەتكەن يەردە .

- ئۇنداقتا سىزنىمۇ شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويۇش كېرەكمۇ ؟

- ئۇنىڭدىن بۆلەكمۇ سېنىڭ كەسپىڭ بارمىدى ؟

پەزىلەتنىڭ قاتتىقلىغىنى كۆرۈپ ، زامانقۇلنىڭ ئوغىسى قايناپ ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . ئۇنىڭ بىلەن رەقىبى رىشتىسىنىڭ بارلىقنى زامانقۇل زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى . رەقىبىدىن ئۆزىنى شۇنچە تۆۋەن كۆرگەن بۇ قىزنى شۇ تاپتا چاينىۋەتكۈسى كېلەتتى . زامانقۇلنىڭ شۇم كۆزلىرىدىن قان چاچراۋاتقاندەك تۇراتتى . ئۇشتۇمتۇتلا سىرتتىن ھۇشقۇرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى . زامانقۇل ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ ، پەزىلەتكە نەشتەر كۆزىنى سانچىپ :

- گەپ شۇنداق ئىكەن " دە ، خوپ بولىدۇ . ئەمىسە " دېگەن پېتى ئالدىراپ " سالدىراپ چىقىپ كەتتى .

2

تۈن تەڭ مەزگىلى ئىدى . زۇمرەتتەك سۇزۇك ئاسماندا سان " ساناقسىز يۇلتۇزلار جۇلا قىلىپ ، پەزىلەتنىڭ ھويلا " ئارامىلىرىغا مەرۋايىتتەك بۇر سېپىپ تۇراتتى .

غەرب تەرەپتىكى تۈگمەن قېشىدا زامانقۇلنىڭ << ھىمات ئاغىسى >> - ھېلىقى ناسىر باشلاپ كەلگەن قورالىق ساقچىلار << ئالتۇنچى يىگىتلەر >> دىن بىرىنى چەمبەرچەس باغلاپ قويغان . دولانلىق بۇ يىگىت ئۇزاق تارتقان كېزىك ئاغرىقى ئازابىدىن يېڭىلا خارىج بولۇپ ، ئەمدى تىلەمچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى . ئۇنىڭ ماكانى مۇشۇ يەردىكى تۈگمەننىڭ كولىسى ئىدى . ئۇ ، كېچىدە مۇزلاپ ياتالماي ، يوگۇرۇپ ئىسسىنىش ئۈچۈن ئەمدىلا تۈگمەن كولىسىدىن

چىققاندا ئۇنى ساقچىلار باغلىۋالدى ¨ دە ، ئاندىن ھۇشقۇرتۇش ئارقىلىق بەلگە بەردى . زامانقۇل مۇشۇ بەلگە بويىچە بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە پەزىلەتنىڭ مۇئامىلىسى ، جاھازىدىكى سۈرەتنىڭ يوقلۇغى توغرىسىدا ناسىرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى .

- بولدى ، خاتىرجەم بول ، قۇربانلىققا قوي مانا ئۆز پۇتى بىلەن كەلدى . ¨ دەپ ناسىرمۇ زامانقۇلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى . ئارقىدىن ھېلىقى باغلاپ قويۇلغان دولانلىق يىگىتنىڭ كاچىتىغا بىر قانچە شاپىلاق ئۇردى ¨ دە ، قاتتىق ھەيۋە قىلىپ ۋە قار ¨ يامغۇردەك تىل ¨ ھاقارەت ياغدۇرۇپ شۇ يەردىلا سوراق باشلىدى :

- قېنى سۆزلە ، تۇن ¨ كېچىدە سەن بۇياققا كېلىپ ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرسەن ؟

- ... ... ،

ئۇششۇق ، مۇتتەھەم !

ناسىر قاتتىق ۋارقىراپ ، يىگىتنى بىر مۇشت ئۇردى ۋە :

- ئاخشام سەن بۇ مەھەللىدە بىر يېتىم قىزنىڭ ئائىلىسىنى بۇلاپ ، قىزنىڭ ئىپپەت ¨ نومۇسىغا تېگىشتەك ئەسكىلىكنى سادىر قىلىپ ، يەنە بەزدەك گۆششىپ تۇرىسەنغۇ ؟ ئەمدى مانا زىنقىڭ توشۇپ ، قولغا چۈشتۈڭمۇ ؟ قىلمىشىڭغا كۆنمەيدىكەنسەن . ھازىرلا تاناۋىڭنى دارغا تارتىمەن . ¨ دېدى .

- يوقسۇ غوجام ، بۇ دېگەنلىرى مېنىڭ ئوگۇم تۇرماق چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن . مەن ئاغرىقچان بىچارە ئادەممەن ...

ئەمما ، ناسىر بۇ << شۇم پىشانە >> يىگىتنىڭ نالە ¨ زارىغا پەرۋامۇ قىلماي ، شۇئان ئۇنى ئىككى ساقچىغا تاپشۇرۇپ ، تۈرمىگە ئەۋەتتۈەتتى . چۈنكى ، كومپېدىيە مانا شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى . بۇ گۇناھسىز يىگىت شۇ تەرىقىدە << توقۇناق بالا ، ئىلمەك قازا >> ئۇچراپ ، نابۇت قىلىنغان ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن زامانقۇل ، ناسىر ۋە بىر ساقچى پەزىلەتنىڭ قوراسى ئالدىغا كەلدى . زامانقۇل بايا قورادىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پەزىلەت دەرۋازىسىنى يەنە ئىچىدىن ئېلىۋالغان ئىدى . بۇ قېتىم ئۇلار پەزىلەتنىڭ ئۆيىگە زوراۋانلىق بىلەنلا باستۇرۇپ كىردى . بۇ قېتىممۇ قىز قىلچە قورقمىدى . << باشقا كەلگەندە باتۇر >> دېگەندەك ئۇ ، باسقۇنچىلارغا غەزەپ ¨ نەپرەت بىلەن ھومىيىپ قاتتىق تۇراتتى .

- بىز يۇقىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ھازىر ئۆيىڭىزنى ئاختۇرىمىز ، - دېدى ناسىر .

- مېنىڭ ئۆيۈمنى ئاختۇرۇشقا نېمە ھەققىڭلار بار . مېنىڭدە نېمە گۇناھ بار ؟ نېمىشكە ئۆيۈمنى ئاختۇرماقچى سىلەر ؟ - دېدى غەزەپ بىلەن پەزىلەت .

زامانقۇلنىڭ مېڭىسى قىزىماقتا ئىدى . ھېلىقى كېچىسى ھىماتلىرىنىڭ ئۆنىڭغا يەل بېرىپ ، << ئۇنداق بىر گادايى قىزنىڭ كارى چاغلىق >> ، << قىلچە رەھىم قىلماسلىق كېرەك >> دېگەن تاپشۇرۇقى قولىقىدا غوڭۇلداشقا باشلىدى " دە ، خۇددى بۇلاڭچىدەك بېرىپ پەزىلەتنىڭ يېشىل سىرلىق ساندۇقىنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇشقا باشلىدى . ئۇنى پەزىلەت توستى . زامانقۇل قاتتىق ئىتتىردى ، قىز ئۇنى بىر تەستەك سالدى . زامانقۇل مۇشت بىلەن بىرنى سالدى . ئىككىسى ئېلىشماقتا ئىدى . پەزىلەتنىڭ بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان قىپ " قىزىل قان زامانقۇلنىڭ يۈز " كۆزلىرىنى بويىۋەتتى . قىز قاتتىق نەپرەت ياغدۇرۇپ زامانقۇلنى تىللىغىلى تۇردى . زامانقۇل تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ ، يانچۇقىدىكى ئىنچىكە سىمنى ئالدى " دە ، پەزىلەتنىڭ گېلىدىن بوغۇپ ، ۋارقىرىيالماس قىلىپ قويدى .

بۇ چاغدا سىڭلىسى ئايتۇلۇن نېرىقى ئۆيدە ئۇخلاۋاتاتتى . ئاچىسىنىڭ نالە " زارىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندى " دە ، يەر كۆكنى تىترەتكەن دەرىجىدە قاتتىق ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى . زامانقۇل دەرھال يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئۇنىڭغا يان قورالنى تەڭلەپ :

- ھېلى ئېتىۋەتىمەن شۇم ، ئاغزىڭنى يۇم ، - دەپ ئۇنى توختاتتى .

پەزىلەت ئەمدى سىم سىرتماقنىڭ قاتتىق سىقىشى بىلەن ۋارقىرىماي تولغۇپ ، تىنالماي قالدى . قاراقچىلار ئۇنىڭ ساندۇقلىرىنى بىر " بىرلەپ ئاختۇرۇپ ، ئوكتەي " توكتەي قىلىۋەتتى . جەۋلاننىڭ پەزىلەتتە قالدۇرغان تارىخ تېزىسلىرى ۋە باشقا قولىيازمىلىرىنى ، پەزىلەتنىڭ چوڭ بىر ئەلبۇم سۈرەتلەر توپلىمى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ كەتتى .

قاراقچىلار ، قىزنىڭ جەدەل چىقىرىشىدىن ۋەھىمە يەپ ، ئۇنى سىم بوغماقتىن بوشاتماي تاشلاپ كەتكەن ئىدى . مۇبادا بىرەر مەسلە يۈز بېرىپ قالغان تەقدىردە ، بايىقى تۇگمەن يېنىدا باغلانغان دولانلىق << ئالتۇنچى يىگىت >> نى قۇربان قىلىۋەتمەكچى ئىدى . تىراگېدىيىنىڭ ئاقىۋىتىمۇ شۇنداق بولۇپ چىقتى .

قاتىللار يانغاندىن كېيىن ، ئايتۇلۇن يۈگۈرۈپ ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى " دە ، ئاچىسىنىڭ قانغا مىلىنىپ ياتقان گەۋدىسىگە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۆزىنىڭ يۈز " كۆزلىرىنى موراپ ، چاچلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى . ئۇ ، پەريات بىلەن ئاچىسىنى قىچقىراتتى :

- ئاچا، ئاچا ، نېمە بولدۇڭ ، كۆزۈڭنى ئاچ ، ماڭا بىر قارىغىنا ؟

ئۇ ئاچسىنىڭ گېلىدىكى سىمنى كۆرۈپ ۋارقىرىۋەتتى ۋە ئۇنى مىكىبىر تەسلىكتە بوشاتتى . لېكىن پەزىلەت ئاللىقاچان تىنىقتىن توختاپ قالغان ئىدى . ئۇنىڭ ئالمىدەك رەڭدارى يۈزى ھازىر خۇددى نىلدەك كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى . ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىدىن بۇژۇلداپ چىققان شەلپەردەك قىپ ـ قىزىل قان ئۇنىڭ ئاپپاق بويۇنلىرىنى بوياپ تۇراتتى . قۇنـدۇزدەك قاپ ـ قارا بوستان چاچلىرى چۇۋۇلغان ئىدى .

ئايتۇلۇن بۇقۇلداپ يىغلىغان پېتى رام ـ كۆزنەكتىن سىرتقا قارىدى . تاڭ يورۇش ئالدىدا ئىدى . ئۇ ، رامنىڭ بىر قانتىنى ئېچىۋىدى ، ئىزغىرىم شامال تەشتەكتىكى گۈللەرنى لەرزان تەۋرىتىشكە باشلىدى . ئايتۇلۇن پاختىلىق كونا چەكمەن پەشمىتىنى كىيدى . بېشىغا قارلىق ئارتتى ـ دە ، ئۆكسۈپ زارلاپ ، يىگانە ھازا ئاچتى . ئەلەم ياشلىرى كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلەتتى . ئاربلاپ تىلىقىپ ، ھۇشىدىن كېتەتتى . يىتىم قىزنىڭ تاملارنى تىترەتكەندەك تۆيۈلەتتى :

- دىردىگەدە ئۆلەمىدىمەن ئاچا ، ئوتتۇردا كۆيەمىدىمەن ئاچا ، دەپ نالە قىلاتتى .

يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھىلىقى خوشنىسى ئايىمخان يۈگۈرۈپ كىردى . ئۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن يەنە تىز چىقىپ كەتتى ـ دە ، شۇ مەھەللە ئىمامىنىڭ خوتۇنى زىۋىدە بۇۋىنى دەرھال چاقىرىپ كەلدى .

سۇبھى سۈزۈلگەندە يېقىن ـ يىراقلار كەينى ـ كەينىدىن يىغىلىشقا باشلىدى . لېكىن مېيىتكە ئەمدى ئايىمخان ئىگە بولۇۋالدى . ئۇ مەرھۇمنىڭ ئاتىسىدىن قالغان ماتالارنى ئېلىپ چىقىپ ، ئۆزىدىن باشلاپ بىر مۇنچە كىشىلەرگە ئاق چەگدى . قوراغا ئادەم لىق تولغان ئىدى . ئۇلار ئاستا پىچىرلىشىپ ، ۋەقەنى سۈرۈشتۈرەتتى . شۇئان شۆبە ساقچى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يېتىپ كەلدى ـ دە ، نامازغا يىغىلغان خالايىققا ئۇقتۇرۇپ :

- كېچە بۇ ئۆيدە سادىر بولغان ۋەقەنى تولۇق بىلىمىز . قاتىل تۇگەمەننىڭ يېنىدا نەق مەيداندا قولغا چۈشتى . چوقۇم ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازا بېرىلگۈسى . مېيىتنى كەينىگە تارتماي ۋاقتىدا يەرلىككە قويۇۋېتىڭلار ، - دېدى .

- جۇجاڭ راست ئېيتىدۇ ، - دېدى ئايىمخان ، - ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاۋامۇ بەك ئىسسىق ، جايىغا چاپسان ئۇزاتمىساق يامىنى بولىدۇ . ساقلاپ تۇرماي دەرگاھىغا يەتكۈزگىنىمىز ساۋاپلىق .

شۇنداق قىلىپ ، پەزىلەتنىڭ جىنازىسى بامداتقا ئۇلگۇرۇپ ئۆزىتىلدى . << دۆ يىتىمنى ئۇرۇپتۇ ، ئۆمچۈك مۇساپىرنى >> دېگەن قانلىق پاجىئە مۇشۇ تەرىزدە پىلانلىق بىر تەرەپ قىلىنغان ئىدى . پەزىلەتنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، مەكتەپ مۇدىرى ۋە نوپۇس ساقچىسىمۇ ئايتۇلۇندىن ھال سوراپ كەلدى . بىچارە قىز ئۇستازىغا ئېسىلىپ تازا يىغلىدى . مۇدىر بىلەن نوپۇس ساقچىسىنىڭمۇ ياشلىرى تۆكۈلەتتى .

نوپۇس ساقچىسى بۇ ئەنزىنىڭ تېگى ¨ تەكتىنى سىزىۋالغان ئىدى . بىراق ، بۇ سىرنى تېشىغا چىقىرالمايتتى .

پاناھسىز قالغان ئايتولۇنغا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن نوپۇس ساقچىسى ھامى بولدى . كېيىن جەنۇپتىكى تۇققانلىرىغا تېپىشتۇرۇپ ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى .

## يىگىرمە ئۈچىنچى باپ

1

1945 - يىل 26 ¨ ئاپرىل .

ئاق كۆڭۈل ۋە ۋىجدانلىق قىزنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە مانا ھايىت ¨ ھۆيت دىگۈچە قىرىق كۈن توشتى . ئۇنىڭ ئىگە ¨ چاقىسى ، داۋاگىرىمۇ يوق . نەزىر ¨ چىرىغىمۇ قىلىنمايدۇ . ئۇ ، ئىنسانلار ئايىغىدا دەسسىلىپ ، تۆگىشىپ كەتسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ھاشارەت ئەمەستىغۇ ؟ئۇ ، قەلبى پاك ۋە ئىسىل پەزىلەتلىك بىر قىز ئىدىغۇ ؟ << ئۆزەڭگىنى بىل ، ئۆزگىنى قوي >> دەيدىغان بۇ ۋاپاسىز ۋە ئادالەتسىز زاماندا ، جاھاننى بېشىغا كىيگەن مۇناپىقلاردىن << ھەققەت >> تەلەپ قىلىش مۇمكىنمىدى ؟

سەنشىخاڭزىدىكى ئەپچىللا بىر ماتا ¨ چەكمەن دۇكىنىدا نەۋبەر ئىككى يىگىت ئاشۇ ھەقلەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ بىرى ئىرپان بولۇپ ، مۇشۇ دۇكاننى ھازىر شۇ باشقۇراتتى . چۈنكى ، يىتىملار پېشۋاسى ¨ سوپاخۇن تاغا بۇ دۇكىنىنى كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى .

ئىرپاننىڭ يېنىدا كىچىك كۇسدا ئولتۇرغىنى ¨ مايسا رەڭ رەختتىن كاستىيۇم ¨ بۇرۇلكا ، مانچىستىر دوپپا ، قارا توپلەي كيگەن ئاقۇقا مايىل بوغداي ئۆڭلۈك ، قەددى ¨ قامىتى كېلىشىملىك ، غوللىرى كەڭ ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان مەزمۇت يىگىت ¨ ئوفتسېر كەنجى ئىدى .

كەنجى ھەربىي مەكتەپنىڭ پەيجىگى سالاھىيتى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى . << ئويچاكان >> سىپىدا ئايۇپنىڭ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى بايانىمىزدا ئايۇپ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ جەسەدىنى قېبىر تەرەپكە يەتكۈزۈش غەمخورلىقىدا بولغان ھەربىي يىگىت دەل مۇشۇ كەنجى ئىكەنلىكى يۇقىرىدا ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تونۇشلۇق ، ئىرپان بىلەن كەنجىنىڭ تونۇشۇش تارىخىمۇ ئەنە شۇ تىراگېدىيىدىن ئېتىبارەن باشلانغان ئىدى .

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار مۇشۇ دۇكاندا پات ¨ پات ئۇچرىشىپ تۇرۇدىغان بولۇشتى . بۇگۈنكى ئۇچرىششتا ئۇلار كەڭ تېمىلاردا پاراڭ سېلىشماقتا ¨ هاۋا رايى ، كىشلەرنىڭ روهىي كەيپىياتى ، دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيتى ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقلابىي هەققدە ئاڭلىغان ، ئۇققان خۇش خەۋەرلىرى ، خەلقئارا ۋەزىيەت . . . ۋە باشقىلار .

پاراڭ داۋامىدا كەنجى پات ¨ پاتلا دۇكاننىڭ سىرتىغا چىقىپ ، ئاسمانغا قاراپ قويىاتتى . كېيىن قايتىپ كىرىپ پارىڭنى يەنە داۋام قىلدۇراتتى . سۆز ئارىسىدا ئىرپان سورايتتى :

- ئەجەپمۇ ئورنىڭىزدا ئولتۇرالماي ، پات ¨ پاتلا چىقىپ ئاسمانغا قارايسىزغۇ ؟ . . . غاز ، ئۆردەكلەر كەپتىمۇ ، ئەتىگىچە ئەتىگىچە ئۇۋغا چىقاي دەۋاتامسىز ، نىمە ؟

كەنجى بۇ قىزىقارلىق سوئالنى ئاڭلاپ ، تولىدىن ¨ تولا كۈلۈپ ، تېلىقىپ قالايلا دىدى . كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن :

- تېپىپ سوراۋاتىسىز ، پالچىنىڭ ئوغلى موللا تاپىقاق دېگەن ئۆزىڭىزمۇ ¨ نىمە ؟ - دىدى كەنجى چاقچاق قىلىپ .

چاقچاقتىن كېيىن كەنجى چىن سۆزىنى دىدى :

- راستىن ئېيتقاندا هاۋا رايى نۇرغۇن كەسىپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك . هەربىيلەر ، دېهقان ¨ چارۋىچىلار ، بىناكارلار دەرۋەقە هاۋا رايى بىلەن ئالاقە باغلاپ تۇرىدۇ . ئوۋچىلار تېخىمۇ شۇنداق . . .

ئوۋچىلارنىڭ هاۋا رايى بىلەن نىمشكە بۇنچىۋالا يېقىن مۇناسىۋىتى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كەنجى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئىنچىكە سىر بار ئىدى . مۇبادا هاۋا رايىدا بۇگۈن ¨ ئەتىگىچە ئۆزگىرىش بولمىسا ، بۇ سىر چوقۇم ئۇزۇنغا قالمايلا ئاشكارىلىنىدۇ . كەنجىنىڭ نەچچە كۈندىن بويان دەرگۇماندا تىت ¨ تىت بولۇپ كېلىۋېتىشىمۇ يەنىلا شۇ هاۋا رايىغا باغلىق ئىدى . چۈنكى ، جۇدۇنلۇق سىم ¨ سىم يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغان ، بۈگۈن ئەمدىلا هاۋا ئېچىلىپ ، زىمىن ئاپتاپ نۇرىغا نائىل بولماقتا ئىدى . شەهەر كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدا شالاڭ ئۆسكەن قارىياغاچلارنىڭ پوستىگى ئاللىقاچان تۆكۈلگەن بولسىمۇ ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان جۇدۇن زەپتىدىن تېخىچىلا بىخ چىقىرالماي سارغىيىپ تۇرماقتا ؛ كۆكتاتلارنىڭ ئۆسۈشى كېچىكىپ ، دېهقانلار بىئارام بولماقتا ئىدى . دوقمۇش ¨ دوقمۇشلاردا توپ ¨ توپ ئادەملەر تۇرۇپ چىققان جۇسەيلەرنى << يېڭىلىق >> دەپ ، تالىشىپ ئالاتتى .

- ئىچكى ¨ تاشقى ۋەزىيەتتىكى هاۋا رايىنىمۇ بىلىپ قويۇشىمىز كېرەك ، - دىدى كەنجى ، پاراڭ تېمىسىنى يىغىپ مەزمۇنغا يۆتكەپ ، - هازىر شەرق ۋە غەرب سەپلىرىدە فاشىزىم يىمىرىلمەكتە . ئېلىمىز ئىچىدە جۇڭگو ئىنقلابىنىڭ جەڭگىۋار سېپى ئۇلغايماقتا . ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىنقلابىي كۈچلىرى هازىر ئەكسىيەتچىلەرنى هالسىزلاندۇرماقتا .

ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ياربدارلىرى دوختۇرخانىلارنى تولدۇرماقتا . يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بىلەن بايلار بار دۇنياسىنى ھە دەپ ئېلىپ قاچماقتا . مۇشۇ خىلدىكى مۇھىم ھاۋا رايى ئاخباراتلىرىدىنمۇ خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك " دە ، . . .

كۈن قايرىلىپ باراتتى . كەنجى يەنە بىر قېتىم سىرىتقا چىقىپ ، ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى . كائىناتنىڭ كۆز يېتىم دائىرىسىدىكى ئۈپۈق سىزىقلىرى ئۈستىدە ئاقۇش شالاڭ بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرۈشەتتى . ئاسماننىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بولسا ، خۇددى ئەينەكتەك سۈپ " سۈزۈك كۆرۈنەتتى . شىسەن تېغى ئۈستىلىرىنى قاپلىغان قويۇق ۋە كۆرۈمسىز قوڭۇر بۇلۇتلار تۇرلۇك دېكراتسىيىلەرنى ھاسىل قىلماقتا ؛ غەرپكە پەسلەپ بارغان كۈن ئەنە شۇ بۇلۇتلار باغرىغا كىرىپ كەتمەكتە ئىدى . كەنجى نېمىشكىدۇر بىر تۇرلۇك ھاياجان بىلەن ئىرپانغا :

- پەرىزىمچە بۇگۈن ئاخشام نەنسەن تاغلىرىدا يەنە يامغۇر ياغىدىغاندەك تۇرىدۇ . لېكىن ، ئۈرۈمچى شەھرىدە ھاۋا ئوچۇق بولۇشى مۇمكىن . ئىككىمىز ئەتە ئۇۋغا چىقساق قانداق دەيسىز ؟ - دېدى .

- ئەۋلىيادەك گەپ قىلماي ، خۇدايىم بۇيرۇسا دەڭە ؟ - دېدى ئىرپان كۈلۈپ .

- كۆڭلۈمگە ئايان بولۇۋاتىدۇ . خۇدانىڭ بۇيرۇيدىغانلىغىمۇ شەك كەلتۈرمەيمەن . كەچ كىرىپ قالدى . بولدى بەس ، دۇكاننى تاقاڭ . تاماق يەيمىز . ئاندىن ئۇۋغا بىللە چىقىدىغان بىر " ئىككى ئاغىنىنىڭ قېشىغا بارىمىز ، - دېدى كەنجى .

ئۇلار ئۇدۇل تەرەپتىكى بىر كىچىك ئاشخانىدا تاماق يېدى . كېيىن ، ئىككەيلەن ئەگمەك كوچىلار ئارقىلىق خابا بويىغا ئۆتتى ۋە جەنۇپ تامان قايرىلىپ ، ئۇدۇل مۇتەللىپجان قارىياغاچلىققا كىرىپ كەتتى .

جەنۇبىي تەرەپتىكى يوغان بىر قارىياغاچ تۈۋىدىكى شىغىللىق دۆڭدە ئۈچ يىگىت تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشاتتى . ئۇلار كىملەرنىدۇر ساقلاپ تەقەززا بولماقتا ئىدى . دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا كەنجى بىلەن ئىرپان يېتىپ كەلدى . " دە ، ئۇلار ئۆز " ئارا سالاملىشىپ ، جەم بولغاندىن كېيىن رەسمىي سۆھبەت باشلىدى .

قۇياش جەنۇبىي تاغ تىزمىلىرى كەينىگە چۆكۈپ ، ئۇنىڭ ئەكس نۇرىدىن تاغ ئۈستىدىكى بۇلۇتلار قىزغۇچ تۇس ئالغان ۋە گۈگۈم چۈشۈپ ، قاش قارايغان ئىدى .

يىراقتىكى ئۈپۈق سىزىقى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ ، نەزەردىن غايىپ بولماقتا . دالىلاردىن ھېلىلا قايتىپ كەلگەن تېجىمەل قاغىلار ۋە ئاق قۇشقاچلار قارىياغاچ شاخلىرىغا غۇژمەك " غۇژمەك بولۇپ توپلىشىۋالغان ھالدا گويا كەچلىك ئۈيقۇ

ئالدىدىكى تەييارلىق بەزمىسىنى قىلىشىۋاتقاندەك ياكى بۇگۈن كۈن بويى ھەر قايسىسى قانچىلىكتىن قوروُت " قوڭغۇز يەپ تويۇنۇپ ھوزۇرلانغىنىدىن بىر " بىرىگە ھېساپ بېرىشىۋاتقاندەك جاۋۇلداپ تىنىمسىز ۋىچىرلىشاتتى .

بەشەيلەننىڭ ئىچىدىكى چوجىمال " ئىگىز بويى كەلگەن ئىلمىي مۇدىر رەخىم جىددى تەلەپپۇزدا سۆز ئېلىپ :

- يىغىنىمىزنى قىسقىلا ئاچىمىز . چۈنكى ، بىز ھازىر ھايات " مامات گىرۋىكىدە ! . . . ، - دىدى .

ئۇ ، ئاندىن تېخىمۇ جىددىلىشىپ ، يانچۇقىدىن خەت ئالدى " دە ، خىرە " شىرە كۆزگۈمىدا سىنچىلاپ ئوقۇدى :

<< . . . بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ئاگاھلاندۇرۇشۇم ، بەلكى ۋەسىيىتىم . سىلەر مېنىڭ بۇرۇنقى تەۋسىيەلىرىمگە قۇلاق سالماي ، ئەمدى بولسا زامانىۋى ئەخمەدىنىڭ دامىغا چۈشۈپ بولدۇڭلار . ئۇ ، سىلەرنىڭ پوستۇڭلارغا شۇنچىلىك ھەييارلىق بىلەن كىرىۋالغانكى ، سىلەرنىڭ تىزىمىڭلار ، ھەر بىر باسقان قەدىمىڭلار بۇ يەردىكى مەخپىي ئارخىپقا چۈشۈپ بولدى . قوراللىق كۆتىرىلىش پىلانىڭلار ، تەشۋىقات ۋاراقلىرىڭلارنىڭ ھەممە نۇسخىلىرى بۇ يەردە ئېدىتىق بار . پەزىلەتنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى چوڭ پاجىئەنىڭ باشلىنىشى ئەمەسمىدى ؟ سىلەر يەنىلا ھاراقتا دۆم چۈشۈپ ، كاللاڭلار كېسىلگىچە بىخوت يۈرۈۋېرەمسىلەر ؟ ئەي ھاراق بەندىلىرى ، خامۇش نوچىلار ! بۇنداق كوچىغا قەدەم بېسىپ نىمىمۇ قىلاتتىڭلار ؟!
. . .

ھەي كاللىسىنى قاۋاقخانىغا گۆرە قويغان بىخوت ، قاپاقۋاش نوچىلار ، يەنە ئىچىۋېرىڭلار ، سىلەر ھاراق ئىچىڭلار ، ھەييارلار قىنىڭلار ئىچسۇن ! . . .

20 - ئاپرىل ( تۈن ) >>

- قەدىردان دوستلار ! " دىدى رەخىم ، خەتنى قاتلاۋېتىپ ، قەتئىي تەلەپپۇزدا " مانا بۇ پاكىتقا جىددى قارىشىمىز كېرەكمۇ ياكى باش توغرايدىغان جادۇغا بېشىمىزنى تۇتۇپ بېرىشىمىز كېرەكمۇ ؟

رەخىم غەزەپلىك سۈكۈتتە ، باشقىلارمۇ جىددى كەيپىيات دەھشىتىدە ئىدى . رەخىمنىڭ يىنىدا ئولتۇرغان زۇلىيار جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ، جىددى سۆز باشلىدى :

- مەن كەچۈرگىسىز خاتالىقلىرىم ئالدىدا دوستلارغا يۈز كېلەلمەيمەن . ھىلىگەر خۇنپەر زامانىۋى ئەبلەخنى ئۆز قولۇم بىلەن جايلاشقا بۈگۈن مۇشۇ زاۋال ئاخشامدا سىلەرگە چىن قەلبىمدىن قەسەميات قىلىمەن . . .

- قوللايمەن ، - دىدى رەخىم كەسكىنلا ، - كېچىكىش زور خاتالىق ، بەلكى كەچۈرگۈسىز جىنايەت . ئىش ئەتىلا بىر تەرەپ . . .

كەنجى ، زۇلىيار ۋە ئىرپان ئەتىكى ئوپېراتسىيىنى ئۇستىلىرىگە ئالدى " دە ، ئۇلار تېز تارقاشتى .

ئىرپان ياتىقىغا كەلگەن چاغدا ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتكەن ئىدى . ئۇ ، كارۋىتىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ خىيالغا پاتتى . ئۆزىنى ئۆتمەي ھوجرىغا سوپى چەندازا كىرىپ كەلدى .

- يىگىت ، بۈگۈن نەلەردە يۈرىسەن ، ئاچاڭ ئېلىپ قويغان تاماق ئاللىقاچان سوۋۇپ قالدى ئەمەسمۇ ؟

- رەھمەت ، مەن تاماق يەۋالغان ، ئەتىلىككە يەي .

ئاندىن ئۇ ، بۈگۈنكى دوكان سودىسىدىن چۈشكەن پۇلنى سوپى چەندازىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى . سوپى چەندازا ھوجرىدىن قايتقاندىن كېيىن ، ئىرپان يەنە ئوتلۇق خىياللىرىنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى :

- ناۋادا ئەتىدىكى ئىش يامان يېرىدىن چىقىپ قالسىچۇ ؟

ئۇ ، مۇشۇ جەددى سوئالنى دەۋر قىلغان ھالدا خىيال دەرياسىدا ئۈزەتتى . كارىۋات ئۈستىدە گاھ ئۇڭ تەرەپكە ئۆرۈلسە ، گاھ سول تەرەپكە قىڭغايتتى . ئاربلاپ " ئاربلاپ : << مەيلى نېمە كۆرسەم كۆردۈم ، بىر ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم ، مىڭ ياشتىمۇ بىر ئۆلۈم ، زامانقۇلنىڭ رىزىقى توشۇپ ئاللىقاچان ئېشىپ كەتتى . ئەمدى چىداپ تۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ! >> دەپ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلايتتى . ئۇنىڭ كۆزىدىن راستىنلا ئۇيقۇ قاچقان ئىدى . ئۇ ، تۈن ھەسسىگىچە مۇشۇ خىيالدىن خالى بولالماي ئۆيان ئۆرۈلۈپ بۇيان ئۆرۈلۈپ ياتقاندا ، توساتتىنلا ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى .

- كىم ؟ - جەددى سورىدى ئىرپان .

- مە ... مە ... مەن ! " دىدى كىكەشلىنىپ مەس كىشى .

ئاۋازىدىن ئىرپان ئىشىك قاققۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلدى " دە ، ئاچتى ، سايىم يەنە غەرق مەس كىرىپ كەلدى . ئىرپاننىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ۋە تەنكىش قىلدى :

ھەي بۇرادەر ، ھازىرقى زامان نېمە كويدا ، مەن نېمە كويدا ، سەن نېمە كويلاردا يۈرۈۋاتىسەن سايىم ؟

ئۇ ، ئىرپاننىڭ سۆزىگە ئىرەن قىلماق تۈگۈل ، پەرۋايىغىمۇ كەلتۈرمەي ، بولۇڭدا تۈگۈلۈپ خۇددى بوقىدەك پۈشۈلداپ ئولتۇردى " دە ، تاماكا يۈگىدى . بىردەمدىن كېيىن ئۆي ئىچى كۆك تاماكا بىلەن نەشىنىڭ سېسىق بۇسلىرىغا تولدى.

ئىرپان غەزەپ بىلەن ئىشىكنى ئېچىۋەتتى ۋە :

- بىز مۇشۇ ھەقتە نەچچە قېتىم سۆزلەشتۇق . بۇ يامان خۇيلىرىڭدىن ، ئاپەتلىك ئىللەتتىن ئەمدى قول ئۈزسەڭ بولاتتى . خوراپ كېتىۋاتقان ئۆمرۈڭگە ئىچىڭ ئاغرىسا بولاتتى ، - دېدى ئېرپان .

- مەنمۇ ساڭا بىر نەچچە قېتىم دەپ قويدۇم ¨ دېدى سايىم تەلۋىلىككە ئېلىپ ، - مېنىڭ بىلەن چاتىغىڭ بولمىسۇن !

- گەپلىرىڭدىن ئۆرگىلەي سېنىڭ ! ¨ دېدى ئېرپان يەنە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ ، - مەن يەنە تەكرار سەمىڭگە سېلىپ قوياي ، << ئىشەك >> دەپ ھاقارەتلىنىش ، قان سېتىش ، ھاراق ئىچىپ يىقىلىپ يۈرۈش ، مابەنزىلەرگە بېرىش ، بۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن نومۇس . . .

بۇ سۆزلەر سايىمغا ھار كەلدى ¨ دە ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، پىچىقنى غىلاپتىن شارتتىدە سۇغۇرغان پېتى ئېرپانغا دىۋەيلەپ :

- بۇ قېتىم يەنە بىر دەپ باققىنا قېنى ، مەنمۇ جاندىن جاق تويغان يەردە ، - دېدى .

ئىككەيلەن خۇددى دۇئىلغا چىققان رەقىپلەردەك ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قادىلىپ تۇرۇشاتتى .

سايىم ھازىر خۇدىنى يوقاتقان ۋە توقۇمنى قارنىغا ئالغان ئىدى . ئېرپان ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا ئىككى قولنى يېنىغا تىرەجەپ ئىرەن قىلماي تۇراتتى . ئىككەيلەننىڭ ئارىلىقى بىر يېرىم مېتىرچە دېگۇدەك يېقىن ئىدى .

سايىم تەلۋىلىككە ئېلىپ ، پىچىقنى بىردىنلا ئېرپانغا شىلتىۋىدى . ئېرپان چاققانلىق بىلەن قاتتىق قېقىۋەتتى . لېكىن پىچاق مۇرىسىنى سىجاپ ئۆتۈپ بىر ئاز جاراھەتلەندۈرۈپ قويدى ۋە قاڭقىغان پىچاق بېرىپ سايىمنىڭ بىلىكىنىمۇ جاراھەتلەندۈردى . يەرگە چۈشكەن پىچاقنى ئېرپان ئېلىۋالدى . ئاندىن ياستۇقى ئاستىدىن ئۆزىنىڭ سەدەپ ساپلىق پىچىقنى ئالدى ¨ دە ، سايىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

- كۆيۈنۈپ بەرگەن مەسلىھەتىم ئۈچۈن ماڭا مۇكاپاتىڭ شۇ بولسا ، مە ، مانىمۇ ئال ¨ دەپ ئىككىلا پىچاقنى سايىمنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويدى .

سايىم سالپىيىپ بىر مەھەل شۈكلەندى ¨ يۇ ، ئاندىن بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى .

بۇ كىچىككىنە ھۇجىردا يۈز بېرىۋاتقان جاڭجالنى ئاراتام چوڭ ئۆيدە ئاڭلاپ ياتقان سوپى چەندازا ئاخىر چىدىيالماي ھۇجرىغا كىردى . سايىم تېخىچىلا بۇرنىنى ماشىلدىتىپ يىغلىماقتا ئىدى . سوپى ئاكا ئەھۋالنى چۈشەندى ، ئاندىن بايىقى پىچاقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ :

- تاڭمۇ سۆزلىۋاتىدۇ . قالدى گەپ ¨ سۆزلىرىمىزنى ئەتە دېيىشەيلى . سايىم ئاخۇن ، سىز بۈگۈن كېچە ماڭا ھەمرا بولۇپ بېرىڭ ، - دەپ ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى .

قىزىل تاغ ئۈستىدىكى بايىقى ئۈچەيلەننىڭ سۆھبىتى ھەم قوش پىچاق ۋەقەسى مانا مۇشۇ ئەلەملىك كېچىنىڭ داۋامى ئىدى .

2

بۈگۈن كۈنگە پەيشەنبە ، 4 ¨ ئاينىڭ 27 ¨ كۈنى ئىدى .

تۈنۈگۈن پەرەز قىلىنغاندەك ، ھاۋا ئوچۇق ، خېلى ئىللىق ئىدى . ئەينەكتەك سۈزۈك ئاسماندا ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى .

بارلىق مەۋجۇداتنىڭ نۇرلۇق سىماسى بولغان قۇياش يەر ¨ جاھانغا ئىللىق نۇر سېپىپ ، باھار مەستانىلىرىنىڭ كۆڭلىنى زوقلاندۇراتتى . جۇڭغارىيە تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئىزغىرىم شاماللار يېڭىدىن كۆكىرىپ چىققان تاللارنى لەرزان تەۋرىتىپ تۇراتتى .

ئەرداۋچاۋ ئەتراپىدا ھايات ئادەتتىكىدەك داۋام قىلماقتا . ئاشخانا ۋە باشقا سودا دۇكانلىرىدا خېرىدارلار قاينىماقتا ئىدى . ۋاقىت دەل چۈش بولغاندا پۈزۈر كىيىنگەن سالاپەتلىك بىر كىشى يىراقتىن مەغرۇر قەدەم تاشلاپ كەلگەن پېتى ئەرداۋچاۋ دوقمۇشىدا توختىدى . ئۇ ئىككىلا قولىنى بۆرۈلكىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ قانداقتۇر بىرەر كىشىنى ئىزلەۋاتقاندەك ، ئۆتكەن ¨ كەچكەنلەرنى كۆزىتەتتى . ئۇ بۈگۈن قويۇق قارا چېچى ئۈستىگە بادام دوپپا كىيىۋالغان ، بوينىغا چىپار گالستۇك تاقاپ ، ئۈچىسىغا تېخى يېڭىلا تىكتۈرۈلگەن خومارەڭ كاستيۇم ¨ بۇرۇلكا كىيگەن سۆلىتى بىلەن باشقىلاردىن ئوچۇق پەرقلىنىپ تۇراتتى . كوچىدىن ئۆتۈۋاتقان ئەرلەر ، ئاياللار بۇ قېتىۋالغان يىگىتنىڭ قامىتىگە ئىختىيارسىز بىر قېتىم قاراپ ئۆتۈشەتتى .

دەل شۇ پەيتتە بىرى ياڭخاڭ ، يەنە بىرى نەنمىن تەرەپتىن ئىككى يىگىت ئىلگىر ¨ كېيىن كەلدى ¨ دە ، بايىقى قېتىۋالغان يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى .

- سالام ئەخمىدى !

بىرىنچى بولۇپ سالام بەرگەن زۇليار ئىدى . ئۇ ئوچۇق چىراي بىلەن ئەخمىدىنىڭ قولىنى سىقىپ كۆرۈشۈۋاتقاننىڭ ئۈستىگە ئىككىنچى يىگىتمۇ كېلىپ قوشۇلدى . ئەخمىدى بولسا كېيىن كەلگەن يىگىتنى تونۇمايتتى . زۇليار چاندۇرماي :

- مېنىڭ ئاغىنەم بولىدۇ ، ئىسمى مۇقىيت ، - دەپلا تونۇشتۇردى . تونۇشتۇرلغۇچى بولغان بۇ يىگىت بايىقى ھەربىي مەكتەپنىڭ ئوفىتسېرى كەنجى ئىدى . كۆپ چاغلاردا ھەربىي كىيىمى بىلەن يۈرىدىغان كەنجى ھازىر پۇقراچە كىيىنىپ كەلگەنتى .

زۇليار خۇش چىراي بىلەن ئەخمەدكە :

- بىز ، ئىككى ¨ ئۈچ كۈندىن بۇيان يامغۇرنىڭ نەسچىلىكىدىن كۆرۈشەلمىدۇق . بۈگۈن ھاۋا ئېچىلدى . سىز بىلەن كۆرۈشۈپ مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئېچىلىپ كەتتى . قانداق تاۋىقىڭىز تازا ، كەيپىڭىز خۇشمۇ ؟ - دىدى .

- سىز دىگەندەكلا ، كەيپىم تازا ، بىراق ، ئۆلپەت سېغىنىپ تۇراتتىم ، ھوناق ¨ ھوناققا كەلدى . بۇ يەردە << ماراقچىلار << پايلاپ يۈرىشىدۇ . ئاستا ئاشخانىغا كىرىپ ئىچ ¨ پۇشۇغى قىلمايمىزمۇ ، جۇرۇڭلار ¨ دىدى ئەخمەدى .

ئۇ سۆزنى تۈگىتىپلا ئىككەيلەننى باشلاپ ماڭدى . ئۇلار << قەدىناس ئاشخانا << نىڭ بايىقى مەخسۇس بۆلۈمدە جەم بولدى . ساھىپخان ئەخمەدى خىزمەتتە ئىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ئاشخانا خوجايىنى تەبەسسۇم بىلەن كېلىپ ئەخمەدكە كۆز يۇگۇرتتى . ئەخمەدى ئادىتى بويىچە ئاشخانا خوجايىننى ماختاپ ئۇچۇرۇپ :

- << چىرايلىقنى تاشلىساڭمۇ ، قەدىناسنى تاشلىما << دېگەندەك بۇ يەرگە بۈگۈنمۇ ئۆلپەتلىرىم بىلەن كىرىۋاتىمەن .

ئەخمەدى ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ماز بولۇپ قاقاقلاپ كۈلەتتى ، ئارقىدىن ئىسىل سەي ، تاماق ۋە ئالىي ھاراق زاكاز قىلدى . قەدىناس ئاشخانا خوجايىنى ھەش ¨ پەش دىگۈچە ئەخمەدىنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى << جەرراجەر << قىلدى . ئەخمەدى سېخىلىقىدىن كېرىلىپ ، مەغرۇر كەيپىياتتا سۆزلەشكە باشلىدى :

- قېنى ئاغىنىلەر ، بەھۇزۇر ئېلىڭلار ، بۈگۈن قورۇنۇشماي ، ئازادە ¨ كۈشادە ئولتۇرايلى . مەن ئەزەلدىن پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمىغان . پىسىقى ¨ گىرى ئادەملەر نامەرت كېلىدۇ . ئۇنداقلارنىڭ تۇرغان ئۆيىنى چاشقانمۇ يوقلىمايدۇ .

ئەخمەدى ئارقىدىن ماركا ¨ پىچەتى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىسىل ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى ¨ دە ، ئۈچ چوڭ رومكىغا تولدۇرۇپ قۇيدى ۋە تەكلىپ قىلىپ :

- قېنى ، ئالدى بىلەن بىر رومكىدىن ئىشتەي دورىسى ئىچىۋەتەيلى ، - دىدى .

تۇنجى رومكا كۆتىرىلگەندىن كېيىن ، ساھىپخان رومكىلارغا يەنە تولدۇرۇپ قۇيۇپ :

- قېنى ، بۇداقىسى دوستلۇغىمىزنىڭ ھۆرمىتى ۋە سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ! ¨ دەپ تەكلىپ قىلدى .

رۇمكىلار دەۋر قىلاتتى . ئۆز ¨ ئارا ئالماشتۇرۇپ ، سوقۇشتۇرۇپ ئىچىلەتتى . << دوستلۇق ئۈچۈن ! >> ، << سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن ! >> دىن ئىبارەت دەبدەبىلىك ۋە تىل ياغلىمىچىلىق ئىبارىلەر ئەخمەدىنىڭ ئېغىزىدا پات ¨ پات تەكرارلىنىپ تۇراتتى . تاكى بىرىنچى بوتۇلكا قۇرۇقلىنىپ بولغىچە << گەپدان >> ساھىپخانىنىڭ ئالدىدا كەنجى بىلەن زۇلىيارغا سۆز نۆۋىتىمۇ تەگمىدى .كېيىن ، ئەخمەدىنىڭ بىر ئاز كۆڭلى ئايىنىغاندەك بولدى ¨ دە ، مېھمانلىرىدىن ئىجازەت ئېلىپ ، ئاستا سىرتقا چىقىپ كەتتى . شۇ ئەسنادا كەنجى بىلەن زۇلىيار پىچىرلىشىۋالدى .

- كەچۈرسىلە ، - دېدى ئەخمەدى ، بىر پارچە قوي مېيىنى كۆتىرىپ كىرگەندىن كېيىن ¨ ھېلىقى ئاخىرقى رۇمكىدىكىسى بىر ئاز كۆڭلۈمگە تەككەندەك بولدى ، ئەمدى ئوڭلىنىپ كېتىمەن .

ئۇ تۇخۇمدەك ياغنى يالماپ يۇتۇۋەتتى ¨ دە ، دەرھال ئىككىنچى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ، رۇمكىلارنى يەنە ماڭدۇرۇشقا باشلىدى . كەنجى ھۆزۈر ¨ خالىق بىلدۈرۈپ تۇرۇۋالدى :

- بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم ئۇچرىششىمىز ، شۇڭا بىر ئاز ئىچىپ سالدىم ، تاماققىلا داخىل بولۇشۇپ بېرەي ، جىگەر كېسىلىم بولغاچقا دوختۇر ئىچىشنى چەكلىگەن . مېنىڭ مۇشۇ ئۆزرەمنى ئېتىۋارغا ئېلىشلارنى ئىلتىماس قىلىمەن . لايىق كۆرۈلسە ، ساقلىق ۋەزىپىسىنى مەن ئۈستۈمگە ئالسام .

- بولىدۇ ¨ دېدى ئەخمەدى ¨ لېكىن بۈگۈنكىدەك سورۇننىڭ قەدرى ¨ قىممىتىنى بىلىشىمىز لازىم . ساقلىقنى ئۆتكەچ ئاز ¨ ئازدىن ئىچىشىپ بېرەيلى . مەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى ئالىي پەزىلەت ھېساپلايمەن . بوپتۇ ، سىزنىڭ يۈز خاتىرىڭىزگىمۇ قارايمىز ¨ دە . . .

شۇنداق قىلىپ ساقلىق كەنجىنىڭ قولىغا ئۆتتى . كېيىنكى بوتۇلكىمۇ ئاخىرلاشتى . ئەخمەدىگە ھېلىقى ياغ ياردەم قىلالمىدى بولغاي ، ئۇ ھازىر قازىنى سۇنغان ئەسكى ھارۋىدەك شالاقلاپ قالغان ئىدى . كەنجى ساقلىقتا پەم بىلەن پەننى تەڭ ئىشقا سېلىپ ، ئەخمەدىنى خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ ۋە خۇمالىشىپ ، سەگرەش كۈچىنى يوقاتماقتا ئىدى . لېكىن << يىگىلمىگەن چېلىشقا تويماپتۇ >> دېگەندەك ، ھە ، دېگەندىلا << قۇي >> دەپ زورلاپ سورەن سالاتتى . ئۇ تېخى ئارىلاپ شېئىرىيەت بابىدىن سۆز ئاچاتتى . گاھ ، گاھ خۇددى خانىسى بۇزۇلغان چاقىنىڭ ئاۋازىدەك غۇرۇڭ ¨ غۇرۇڭ تۇۋلاپ ناخشا ئېيتىپ كېتەتتى . ناخشىسى توختىغاندىن كېيىن تورمۇزى بوشىغانسېرى غەيۋەتكە كۆچۈپ ھەسەت ئوتىدا ياناتتى . ئەيتاۋۇر ئۇ ، ھازىر يېرىم بوتۇلكا سۇدەك شالاقلىشىپ قالغان ئىدى . كەنجى ئاخىرىدا :

- ئاران تېپىشقىنىمىزدا ئەلۋەتتە ئىچىمىز . بىراق شۇ تاپتا بۇ كىچىككىنە ئۆي بەك ئىسسىپ ، ھاۋاسى بۇزۇلۇپ كەتتى . ئەمدى دەريا بويىغا يۆتكىلىپ بېرىپ ، خالى بىر جايدا ئولتۇرۇپ ئىچىشسەك ، - دېدى .

ئەخمىدى بۇ پىكىرگە دەررۇ كۆندى . ئەمما ئۇنىڭ غالجىر كۆزلىرى شىرە ئاستىدىكى تېخى ئېچىلمىغان بوتۇلكا ۋە شىرە ئۈستىدىكى كاۋاپ قاتارلىق زاكۇسكىلارغا تىكىلەتتى . كەنجى دەرھال بۇ نەرسىلەرنىڭ ئەخمىدىنىڭ سومكىسىغا سېلىپ ئەندىشىسىنى يوقاتتى .

شۇنداق قىلىپ ئۇچەيلەن زاۋالدىن ئۆتكەن چاغدا ، بۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىشتى .

ئۇلار ئەرداۋچاۋنىڭ غەربىدىكى توغرا كوچا بىلەن ئۇدۇللاپ دەريا ياقىسىنى كۆزلەپ ئىلگىرلەيتتى . نېرى تەرەپتىكى دوقمۇشتا سەھراچە كىيىنگەن بىر ئايال سۋەتتە تۇخۇم تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇلار ئايالنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ سەل نېرى بارغاندا ، ئايال توۋلىدى :

- بەگلىرىم ، پىشۇرۇلغان تۇخۇم ، سەھرادىن كېلىۋىدىم . ئېرىم ئاغرىق ، باللىرىم ئۇششاق ، مەرھەمەت قىلىپ تۇخۇمدىن ئېلىۋېلىشسىلا !

- سىلەر ئىككىڭلار ئاستا مېڭىپ تۇرۇڭلار ، - دېدى كەنجى ، - مەن ئازراق تۇخۇم ئېلىۋېلىپ ، كەينىڭلاردىن ھېلىلا يېتىشىمەن .

كەنجى بۇرۇلۇپ تۇخۇمچى ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى . بۇ ئايال دەل ئىرپان ئىدى . كەنجى ئۇنىڭغا : << ئارقىمىزدىن ئىز بېسىپ مېڭىڭ >> دەپ جېكىلەپ قويۇپ ، تۇخۇمدىن بىر نەچچىنى ئالدى ¨ دە ، ئىلدام يۈرۈپ كەتتى . ئەخمىدىنىڭ تىلى كالۋالىشىپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا كەنجىنى مازاق قىلىپ :

- كەينىمىزدە قېلىپ ئاشنىڭىز بىلەن ۋەدىلىشىپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن . بىزنى تاشلىۋېتىپ يەنە مۇتەللىپچان قارىياغاچلىقىغا كېتىۋالماڭ ، جۇمۇ ؟ - ھا ... ھا ... ھا ¨ دەيتتى .

- يوقسۇ ، خاتىرجەم بولۇڭ ، بۈگۈن ھەر قانداق گۈزەل ئاشنامدىن ۋاز كېچىمەنكى ، سىزنى ھەرگىزمۇ تاشلىۋەتمەيمەن ، - دېدى كەنجى .

ئۇلار بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ ، شىمال تامان ئىلگىرلىدى .

بۇ چاغدا ئاي تېخى كۆتىرىلمىگەن ئىدى . ئەمما كۆكتە سانسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى . ئەتراپ سۈرلۈك ، قاراڭغۇ ...

ئۆلار << بۇلاق بېشى >> غا يېقىنلاشماقتا ؛ تـار يـوللار ئەتراپىـدىكى كـاتەكچە كۆكتـاتلىقلار قـۇرۇق قومۇشـلار بىـلەن قورشالغان . دەل بىر ئويمان لېۋىگە يېقىنلاپ بارغاندا كەنجى تۇيدۇرماي بىر ¨ ئىككى قەدەمچە كەينىگە داجىدى . ¨ دە ، يېنىدىكى << رېۋالىۋېر >> ماركىلىق تاپانچىسىنى ئـوقلاپ ، زامـانقۇل ئەخمـەدىنىڭ دۈمبىـسىگە ئـاتتى . لـېكىن بىرىنچى قېتىم ئوق ئېتىلماي قالدى . زۇلپار ئوڭ تەرەپتىكى كۆكتاتلىققا كىرىۋالدى . كەنجى دەرھال ئىككىنچـى پـاينى ئاتتى . ئوق زامانقۇلنىڭ دۈمبىسىنىڭ ئوڭ تاغىقى ئاستىغا تەگدى . بىراق ، ئۇ يىقىلماي يان قۇرالىنى سۇغۇرۇپ چىقىپ ئىگىز كۆتەرگەن پېتى ۋارقىراپ كەتتى . كەنجى دەرھال غايىپ بولدى .

زامانقۇل ئالدىغا بىر نەچچە قەدەم يۈگۈرۈپ بېرىپ ، قانسىراپ گۈپپىدە يىقىلدى . ئۇ قانغا مىلىنىپ ئېڭراپ ياتاتتى .

3

- ئوق ! . . . ئوق چىقتى ، كۆكتاتلىقتا ئادەم ئۆلدى !

ۋەقە سادىر بولغان چاغدا كۆكتاتلىقنىڭ ياش كۆزەتچىسى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھامان چۆچۈپ ۋاقىرىۋەتتى . لېكىن ئۇ نەق مەيدانغا بېرىشقا پېتىنالماي ھودۇققان پېتى چوڭ كوچا تامان بەدەر چاپتى . ئۇ ھاسىرەپ ¨ ھۆمـدەپ ئـۇدۇل شۆبە ساقچىخانىغا كىردى ¨ دە ، يۈقىرىقىدەك قاتتىق سۈرەن سالاتتى .

ساقچىلار پايپېتەك بولۇشۇپ ، بىردەمنىڭ ئىچىدە نەق مەيدانغا يېتىپ كېلىشتى . زامـانقۇل ئەخمـەدى ئۆلۈكجـان ھالەتتە ياتاتتى . تەرەپ ¨ تەرەپكە ئادەملەر ماڭغۇزۇلدى . ھايت ¨ ھۇيت دېگۈچە گۈڭگەن گۈەنلىچۈنىڭ مەسئۇلى خۇ ۋە بۆلۈم باشلىقى ناسىر قاتارلىقلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مەيداندا ھازىر بولۇشتى . بىر نەچچە كىشىنى كۆزەتكە تەيىنلەپ ، زامانقۇلنى دەرھال ماشىنا بىلەن دەريا بويىغا يېقىن دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى . شۇ كېچىـدىلا ئاتـاقلىق ۋىـراچلار جەم بولۇپ ، جىددى قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى . باشقارما باشلىقى خۇ مۇدىر ۋىراچقا يالۋۇرۇپ :

- مۇھىم ئادىمىمىز ، چوڭ ئەنزە بىلەن ئالاقىدار ، قانچىلىك چىقىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قۇتقۇزۇۋالـسىڭىز ، - دەپ تۇراتتى . ۋىراچلارمۇ جىددى ھەرىكەتتە ئىدى .

<< ھىمات >> بىلەن << ئاسراندى >> ئوتتۇرىسىدىكى بۇنچىـۋالا قويـۇق ئىرماشـلىقتىن ھەيـران بولغـان ۋىـراچلار تەمتىرگەنسىرى ئۆلارنىڭ ئېتىـۋارىنى كـۈچەيتىش مۇددىئاسـىدا ئارقـا ¨ ئارقىـدىن قويۇلغـان سـۇئالار ئـۇلارنى تېخىمـۇ ئالدىرىتاتتى :

- كاڭ دوختۇر ، ئۈمىت بارمۇ ¨ يوق ؟

كاڭ دوختۇر بېشىنى چايقاپ بىر ئاز سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى . باشقارما باشلىقى تاترىپ كەتتى ¨ دە ، بىتاقەت بولۇپ يەنە :

- كاڭ دوختۇر ، ئازراق بولسىمۇ زۇۋان سۈرەلەيدىغان قىلغىلى بولماسمۇ ، كېيىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ مەيلىدىغۇ ؟ - دەپ تولغىناتتى .

- بىراق ، ئەھۋال خەتەرلىك ، ئۈمىت چوڭ ئەمەس ¨ دېدى دوختۇر نائىلاج جاۋاپ بېرىپ .

باشقارما باشلىقىنىڭ پايپېتەك بولۇپ تۇرۇشىدا سۈيقەستلىك غەرەز يوشۇرۇنغان ئىدى .

ۋىراچلار كىچە - كۈندۈزلەپ كېسەلنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى . نۆۋەتچىلەر جۆپ ¨ جۆپى بىلەن بېشىدا قادىلىپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزۈشمەيتتى .

ئالاھىزەل ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، << ئۆزى هارام ، كۆچى هالال >> بۇ ئىشەك توساتتىن زۇۋانغا كىرىۋىدى ، چۆجاڭ بىلەن ناسىرنىڭ ئۈشۈغى ئالچە قوپتى .

كاڭ دوختۇرنىڭ دىئاگنوز قەغىزىدە مۇنداق يېزىلغان ئىدى :

<< يەتتە ئوق يەيدىغان رېۋالۋېر ماركىلىق يان قورالدىن بىر يېرىم مېتىر ئارىلىقتا تۇرۇپ ئېتىلغان قوغۇشۇن ئوق جاراھەتلەنگۈچىنىڭ ئوڭ مۈرىسى ئاستى تاغاقتىن كىرىپ سول كۆكرەك قەپىزى ئۈستىدىن يېرىپ چىقىپ كەتكەن ، يۈرەك كلاپانىنىڭ باش قىسمى زەخمىلەنگەن ، هاياتى يەنىلا خەۋپلىك . . . >>

مۇشۇ خەۋپلىك هايات ئىچىدە زۇۋان سۈرۈشكە باشلىغان زامانقول ئەخمىدىنىڭ تىلى ئۇلار ئۈچۈن هەممىدىن قىممەتلىك ئىدى . كاتىپلار ، تەرجىمانلار جەم بولۇپ ، ئۇنىڭ بېشىدا قارىشىپ ئولتۇراتتى .

- كاتىپلار ، تېز بولۇڭلار ، قولاقنى دىڭ تۇتۇپ ، زىر ¨ زەۋىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي خاتىرلىۋېلىڭلار !

چۆجاڭ تەكرار جېكىلەيتتى . مىرزا كاتىپلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن يازماقتا ئىدى .

تىرىكىدە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالماي ، بىگۇناھ جانلارغا زامىن بولۇپ ، هېساپسىز قان قەرزگە بوغۇلغان زامانقول هازىر ئۆلۈش ئالدىدا ¨ نىمجان هالەتتىمۇ يەنە ئاپەت تېرىپ ، جىنايەت ئۆتكۈزمەكتە ئىدى .

قىساس تۇتقان بۇ مەلئۇن ئاخىر يەتتىنچى كۈنىسى بۇتتەك قېتىپ قالدى ¨ دە ، ئەل ئارىسىدا سېسىق نامىنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن كەتتى .

## يىگىرمە تۆتىنچى باپ

1

تاڭ ئېتىش ئالدىدا ، كىچىككىنە ياتاقنىڭ ئارقا تېمىدىكى يەكپاي دەرىزىنىڭ يېنىك ۋە لېكىن جىددى تەشۋىشلىك چېكىلىشى ئۇيقۇسى سەگەك مۇبارەكنى چۆچۈتۈپ ئويغىتىۋەتتى . ئۇ ، قورققىنىدىن ئۈن ¨ تىن چىقىرالماي تۈگۈلگەن پېتى جىم يېتىۋالدى . دەرىزە چەككۈچى تاۋۇش چىقىرىشنى بىئەپ كۆردى بولغاي ، لەۋزە سۈرمەستىن ، دەرىزىنى يەنە كەينى ¨ كەينىدىن چېكىۋەردى . ياتاقتىن سادا چىقمىغاندىن كېيىن :

- مۇبارەك ، مۇبارەك . . . دەرىزە تۈۋىگە كېلىڭ ، مەن كەنجى ، جىددى ئىش بار . . . ¨ دېدى كەنجى ، ئىككى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى توساپ ئېغىزنى دەرىزىگە يېقىن ئەكىلىپ تۇرۇپ .

كەنجىنى مۇبارەك ئۈنىدىن تونۇۋالدى ¨ دە ، كۆڭلى بىردىنلا دەككە ¨ دۈككە بولۇپ ، << بۈگۈن بىر ئىش بولدىمۇ نېمە ، خۇدايىم >> دەپ پىچىرلىدى ئۇ .

كەنجى بۇرۇنمۇ مۇشۇ دەرىزىنى كۆپ قېتىم چەككەن . بىراق ، بۈگۈن ئۈنىڭدىن ئاڭلانغان ئاۋاز مۇھەببەت پەرۋانىلىرىنىڭ دەرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ئادەتتە دېيىشىدىغان سىرىن پىچىرلىشىدىن باشقىچە پەرقلىنىپ تۇراتتى .

مۇبارەك دەرھال ئورنىدىن تۇردى ۋە چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان پېتى دەرىزە تۈۋىگە كەلدى ¨ دە ، يۈزىنى دەرىزىگە يېقىپ تۇرۇپ :

- كەنجى ، بۇ كەم بولغاندا نېمە قىلىپ يۈرىيسىز ؟ - دەپ سورىدى .

- دىگىنىڭىزدەك بولدى . بۈگۈن كېچە مېنى راستىنلا قارا باستى .

كەنجىنىڭ تىنىقى جىددى ۋە ئەنسىز ئىدى . ئۇ ئەھۋالدىن ئۇچۇر بېرىپ ئاستا سۆزلەيتتى :

- زامانقۇلنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئاتقان ئوقۇم چالا تېگىپ قالدى . . .

¨ ئوق چالا تەگدى ؟!

مۇبارەك << ئوق چالا تەگدى !>> دېگەن سۆزنى ئېغىزىدىن قانداق چىقارغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى ¨ دە ، دەرىزە تۈۋىدە خۇددى ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى .

- ھەئە ، ھېلىقى كۆكتاتلىق ئارىسىدا ئۇ ، چالا ئىكىلۈك پېتى قالدى .

كەنجى ئاندىن ئاخىرقى سۆزىنى دىدى :

- ئىش چاتاق بولدى . مەن قىزىلتاغنىڭ كەينىدىكى ئورمانلىققا يوشۇرۇنۇپ ، ئاندىن كېچىلەپ يۈرۈپ ئىلى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى ، خوپتەن مەھەلىگىچە شۇ يەرگە بارالارسىزمۇ ؟

بۇ جىددى ئىمتىھان سوئالى ئىدى . جانغا ۋە جانجان مەنپەئەتكە تاقىلىدىغان بۇ سىناقتا نىمە دىيىش كېرەك ؟ مۇبارەكنىڭ بېشىنى بىر قويۇق تۇتەك قاپلىغاندەك بولدى . ئۇ ، غەزەپ ئارىلاش تەشۋىشلەنمەكتە . پىشانىسىدىن سوغاق تەر پەيدا بولماقتا ئىدى . ئۇ ، ئەس ¨ ھوشىنى يىغىۋېلىپ بايىقى ئۆزى يازغان ۋە كەنجى ئارقىلىق رەخمىگە يەتكەن ئاشۇ ۋىجدانىي خەتلىرىنى ئېسىگە ئالدى . پەزىلەتنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ۋە يەنە گۇناھسىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىھۇدە قۇربان بولۇپ كەتكەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن ياشلار تەشكىلاتىنى قامچىلاپ يېزىلغان ئىسمىسىز خەتنى مانا مۇشۇ قىز ئۆز قولى بىلەن يازغان ئىدى . ئۇ ، كەنجىنىڭ باتۇرلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى ، شۇڭا ئۇنى سۆيگەن ئىدى . كەنجى ئېيتقان ئورمانلىق بۇ ئىككەيلەنگە كۆپ تونۇش ¨ مۇھەببەت قارارگاھى ئىدى . تاڭ سۈزۈلۈپ باراتتى . كەنجىنى يەنە ئارتۇقچە تەقەززا قىلىشقا بولمايتتى .

- ماقۇل ، - دىدى مۇبارەك قەتئىيلىك بىلەن .

- خەير ، خوش ، رەھمەت سىزگە ، - دىدى كەنجى ، جىگەرلىك مەھبۇبىغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ .

كەنجى يۈرۈپ كەتتى . قىز بولسا دەرىزە تۈۋىدە يىگانە قالدى . ئۇ ئەينەكتىن سىرتقا قارايتتى .

تاڭ ئېتىش ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق سىرتتىكى بىياپان دالىنى قاپلاپ تۇراتتى . ئۇ ، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى . قىمىرلىماستىن بىر ئىزىدا تۇرۇپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى . بىر ھازادىن كېيىن ئېسىنى يىغدى ¨ دە ، كەينىگە ئۆرۈلگەن پېتى ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى . لېكىن ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان ئىدى . ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەشلىك چۇلغاپ ، تىنىمسىز تولغىناتتى . تەشۋىش بىلەن غەزەپ قوشۇلۇپ يۈرىكىنى قاتتىق مۇجۇپ ۋە غىدىقلاپ ئۇنى چەكسىز بىئارام قىلاتتى .

بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ، << توپ ئاتار غوجام تاغلىرى >> تەرەپتىن ئۇنىڭ دەرىزىسىگە چۈشكەن يورۇقلۇقنىڭ ئەكسى تەشتەكتىكى گۈللەردە جىلۋىلىنىشكە باشلىدى . ئۇ ، ئورنىدىن تۇردى ¨ دە ، دەرىزىسىنىڭ ئىككىلا قانىتىنى ئېچىپ ، شەرق تامان كۆز تاشلىدى :

<< مانجۇلۇ >> كوچىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە بىنا قىلىنغان ياتاق ئۆيلىرى << دۆڭسەن >> تاغلىرى بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ تۇراتتى . مۇبارەك ھازىر يىگانە يېتىۋاتقان بۇ ياتاق شىمال تەرەپكىرەك كېلىدىغان بىر ئېغىز كىچىك ئۆي ئىدى . ئۆينىڭ كەينى ئوچۇقچىلىق ، قىلىن توپىلىق مۇنبەت زىمىن ، ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا جەنۇپقا سوزۇلىدىغان ياداڭلىق كۆزگە تاشلىنىدۇ .

يىراقتا دۆڭسەن تاغلىرى ئارقىسىدا - << توپ ئاتار غوجام >> چوققىسىنىڭ مەردانە قەد كۆتىرىپ تۇرغانلىقى غۇۋا كۆرۈنەتتى . << تەڭرى كۆلى >> تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئاپرېلنىڭ غۇر " غۇر شامىلى مۇبارەكنىڭ مەڭزىنى سۆيۈپ ، ماڭلاي چېچىنى يەلپۈپ ئۆتەتتى . مۇبارەك ئىككى جەينىكى دەرىزىگە تىرەپ ، ئالقىنى بىلەن قوش مەڭزىنى تۇتقان ھالەتتە بوغدا چوققىسىغا قاراپ ، يېڭىدىن كۆتىرىلىپ چىقىۋاتقان ئوتقاشتەك قۇياشقا نەزەر سالاتتى .

دەرىزە كەينىدە قۇشلار سايراشماقتا . ساмادا قالغاچلار بەھوزۇر پەرۋاز قىلماقتا . ياشارغان تال " تال تېرەكلەر ۋە رەڭگارەڭ ئېچىلىشقا باشلىغان دالا گۈللىرى كۆزگە تاشلىناتتى .

لېكىن ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى يەنىلا كەنجى يەتكۈزگەن ھېلىقى شۇم خەۋەر قاتتىق مۇجۇماقتا ئىدى . بىردىنلا كەنجىنىڭ دەرىزە كەينىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاياق ئىزىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى " دە ، ئۇ ئاستا ئايلىنىپ دەرىزە كەينىگە ئۆتۈپ ، ئاياق ئىزلىرىنى ئۆچۈردى ۋە قايتىپ كىرىپ يۈز " كۆزىنى يۇدى . ئەمما ئىشتىيى تۇتۇلغان مۇبارەكنىڭ ھازىر تاماققا تاۋى يوق ئىدى . ئۇ تەشتەكتىكى گۈللىرىنىڭ قېشىغا كەلدى " دە ، پەرۋىش بىلەن مەلىكە بولۇشقا باشلىدى . توساتتىن ئىشىكى چېكىلدى ۋە ھايال ئۆتمەي خىزمەتدىشى ھەلىمە كىرىپ كەلدى . ئۇ ، ئۆيگە كىرە " كىرمەيلا :

- ھوي مۇبارەك ! ئاخشام بولغان ۋەقەنى ئاڭلىدىڭمۇ ؟ غېمىڭدە يوق تۇرغىنىڭنى قارا ، - دىدى .

ئۇلار كارۋاتتا يېقىن ياندىش ئولتۇرۇشتى . مۇبارەك ئۇقماسلىققا سېلىپ ، بېشىنى چايقىدى . ھەلىمە جاۋىلداپ سۆزلىگىلى تۇردى :

- ئاخشامچۇ، قارا ، ھېلىقى ئاخوشۆنى خابادىكى كۆكتاتلىقتا مەلۇم كىشى ئاتقان ئىكەن ، چالا ئۆلۈك بولۇپ قاپتۇ. بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن بولغان پاتپاراقچىلىقنى دىمەمسەن . پۈتۈن گوڭشېن گوەنلىچۇدىكىلەر پۈتى كۆيگەن توخىدەك بولۇشۇپ كەتتى . باشقارمىدا ھازىر ئاپال خىزمەتچىلەرلا دىجورنى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ . قالغانلارنىڭ ھەممىسى سىرتقى تەكشۈرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى . تاڭ سەھەردىن باشلاپ ئۇلار ئادەم تۇتۇۋاتىدۇ . قاتىل تېخى قولغا چۈشمەپتۇ . ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى دارىلفۇنۇن ، دارىلمۇئەللىمىنلەرنىڭ زىيالىيلىرى قاچقىنى قېچىپ ، تۇتۇلغىنى تۇتۇلۇپ . شەھەر ئىچىدە قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. تېخى سېنىڭ ئۇقمايمەن دەۋاتقىنىڭنى قارا ، ھېلىقى دەيۈز ئۆلۈپ كەتكەنلا بولسىمغۇ خەقلەر بۇنچىزا بولۇپ كەتمەستى . ئەگەر ئۇنىڭ تىلى گەپكە كىرىپ قالغىدەك بولسا ئىشنىڭ

تۇگىگىنى شۇ دېمەمسەن. ئۇنىڭ سولپىسىغا تېپىلىپ كېتىدىغانلا ئاز بولمايدۇ. ئۇ ، ئېغىزغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ ، خىيالغا كەلگىنىنى چىشلەپ تارتىپ بالانىڭ چوڭىنى تېرىيدۇ دېگىنە .

ھەلىمە بىلەن كەنجىنىڭ ئاخشامقى دېگەنلىرى بىر يەردىن چىقىپ ، ۋەقەنىڭ راسلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى ، لېكىن مۇبارەك دەردىنى ئىچىدە بىلىپ ، ئۆزىنى چاك تۇتۇۋالدى ¨ دە ، ھەلىمەنىڭ ئالدىدا زىنهار زۇۋان سۈرمىدى . ئۇ ، يەنىلا بىلمەسكە سېلىپ ، جىمجىتلا ئولتۇراتتى . ھەلىمە ئۇنى << ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ>> دەپ گۇمان قىلدى .

- ھوي، مۇبارەك، كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتىسەنغۇ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ كۆزۈڭ ئولتۇرۇشۇپلا كېتىپتىغۇ؟ - دەپ سورىدى.

- مىجەزىم يوق، كېچىچە بىئارام بولۇپ ، كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزدۇم ، - دېدى مۇبارەك.

- قەيېرىڭ ئاغرىيدۇ؟

- ئايالار كېسىلى ھەم زۇكام، بېشىم قاتتىق ئاغرىپ كۆڭلۈم ئېلىشىپ تۇردۇ.

- ۋاي ئانامەي ، بالدۇرراق دېسەڭچۇ، ئۇنداق بولسا مەن ساڭا نان ، چاي ئەكىرىپ بېرەي ، ناشتا قىلىۋال ، ئاندىن ئۇخلاپ دەم ئال ، مەن سىرتتىن قۇلۇپ سېلىپ قوياي ، سورىغانلارغا سېنى ئاغرىپ دوختۇرخانىغا كەتتى ، دەيمەن، - دەپ ئىدام چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا ھەلىمە چەينەككە سۇتلۇك چاي ۋە توقاچ ئەكىرىپ ، شىرەگە قويدى:

- ئەمسە شۇنداق بولسۇن ، ئۇيقۇڭنى قاندۇرۇپ دەم ئال ، مەن كەتتىم.

ھەلىمە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ كەتتى . مۇبارەك دەرىزىگە كۆك پەردە تارتىپ قويدى . چاي ئىچكۈسىمۇ كەلمىدى . ئۇ ئۆيدە ئۇيان ¨ بۇيان ماڭاتتى . كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا << ئاھ ! چالا تەككەن ئوق! >> دەۋەتتى ¨ دە ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلىدى .

مۇبارەك ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ، كۈن چۈشتىن ھالقىغان ئىدى.

ئۇ ، ساندۇقتىن ئەلبومنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن ئەشۇ چاغدا پەزىلەتتىن ئېلىۋالغان سۆيگۈنى كەنجى ، ئوقۇتقۇچىسى گۈلەندەم ئاۋۇستاي ، يۇسۇپجان جەۋلانى ھەم پەزىلەتنىڭ سۈرەتلىرىنى تاپتى ۋە بۇ سۈرەتلەرگە قاراپ خىيالغا كەتتى...

<< ياخشىغا كۆن يوق ، يامانغا ئۆلۈم>> دېگەن راست ئىكەن ¨ دە ، - دەيتتى مۇبارەك كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ .

مۇبارەك << گۇڭگەن گۇەنلىچۇ >> دېگەن ئادەمخور قۇشخانىدا ¨ گېزەندىلەر ئۆۋىسىدا ئىشلەپ قالغىنىدىن قاتتىق زارلىناتتى.

لېكىن ، ئۇ خەنزۇچە ، روسچە بىلگىنى ئۈچۈن ئوقۇش تۈگەتمەستىنلا ئۇ يەرنىڭ << ئېھتىياج قارمىغى >> غا ئىلىنىپ قالغان ئىدى. شۇ چاغدا مۇبارەك جەۋلانغا مەسلىھەت سالغان ئىدى:

- مەن ئۇ يەردىن يىرگىنىمەن ، ئۇ ، بىر قاراڭغۇ دۇنيا ، تاش يۈرەكلەر دۇنياسى. ئۇنداق ئەزرائىل ئۆۋىسىغا يېقىن يولىمايمەن .

- قاراڭغۇ دۇنيا بىلەن يورۇق دۇنيا ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە ئالاقە پەرىشتىسى بولمىسا بولمايدۇ. بۇنداق پەرىشتىلەر ساۋاپلىق كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ ، - دەيتتى جەۋلانى ئۇنىڭغا.

جەۋلاننىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى مۇبارەك شۇندىن بۇيان يۈرەك ئابىدىسى قىلىپ يۈرەتتى . شۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ ، كېيىنكى كۈنلەردە زامانقۇللار بىلەن جان تىكىپ كۈرەش قىلغان ئىدى .

مۇبارەك ھازىر مېھرىبان ئوقۇتقۇچىسى گۈلەندەم ئاۋۇستاينىڭ سۈرىتىنى قولىغا ئېلىپ تەكرار سۆيەتتى ۋە كۆكسىگە باساتتى .

گۈلەندەم ئاۋۇستاي شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن تۇرپان ئاستانا ۋە چۆچەكتە بىر قانچە يېڭى مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغان مەشھۇر مائارىپچى بولۇپ ، چۆچەكتىكى << گۈلەندەمىيە>> مەكتىۋى ئۇنىڭ نامىغا ئاتالغانلىقى ئالاھىدە خاتىرىلىكتۇر .

مىنىڭ كۆزۈمنى ئاچقان ، ماڭا ئاڭ بەرگەن ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ¨ گۈلەندەم ئاپپاي، دەپ ئېغىزىدىن چۇشۇرمەيتتى مۇبارەك .

مۇبارەك << گۈلەندەمىيە>> مەكتىۋىدە ۋەتىنى ۋە خەلقى توغرىسىدا ، ئىنسانىنىڭ قەدىر ¨ قىممىتى ھەم ئەخلاق ¨ پەزىلەت توغرىسىدا ياخشى ساۋاتقا نائىل بولغان . گۈلەندەمنىڭ ئالىيجاناپ روھى مۇبارەكنىڭ قەلبىدە مۆھۈر بېسىلغاندەك تەسىر قالدۇرغان ئىدى .

بىراق ، مۇبارەك ئىجدىمائىي ئەمەلىيەتتىن نۇرغۇن يىرگىنچلىك ۋەقەلەرنىڭ كۆزەتتى . ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ئىپلاسلىقلار بىلەن تولغان ئىدى . ئاق كۆڭۈل ئىنسانلار يەتتە باشلىق قىيادىنىڭ ( <<ئوغۇزنامە>> دىكى يىرتقۇچ مەخلۇق ، ئوغۇزخان ئۇنى يوقىتىپ خەلقنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۇزۇن يىللار كۈرەش قىلغان.) قانلىق تاپىنى ئاستىدا مىجىلاتتى ، مەككار زامانىۋلار ئەنە شۇ ياۋۇز قىيادىنىڭ نەق ۋارىيانتلىرىدىن ئىدى.

مۇبارەك دوستى پەزىلەتنى ئەسلەپ ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى باغرىغا باستى " دە ، كۆزلىرىدىن مونچاق  مونچاق " ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى .

- جان " جىگەرىم دوستۇم ، قەلبىڭ پاك ، ئاق كۆڭۈل ۋە ۋىجدانلىق خوتۇن " قىزلارنىڭ نەمۇنىسى ئىدىڭ . سېنىڭ دەك گۈزەل پەرىنى ، يۈز گۈلدىن تېخى بىر گۈلمۇ ئېچىلمىغان غۇنچىنى يىرتقۇچلار ۋاقىتسىز نابۇت قىلىشۋەتتى ، - دەپ ئۆكسۈپ " ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى.

مانا دىگەن ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى . مۇبارەكنىڭ كەنجىگە ۋەدە قىلغان ۋاختى يېقىنلاشماقتا . ئۇ ، ھازىر ئۆزىنى كۆتۈۋاتقان سىناق داۋنى ئۈستىدە خىيال سۈرمەكتە .

مۇبارەك ئۆزىنى خىيالدىن يىغىپ پەزىلەتلەربىلەن ئوپچى چۈشكەن بايىقى سۈرەتنى ھەم كەنجى بىلەن ئايرىم چۈشكەن سۈرەتنى پاكىز بىر تەخسىدە كۆيدۈرۈپ كۈلنى چۈشۈردى ۋە ئۇنى قىزىل تاۋار تۇمارچىغا سىلىپ ئاغزىنى تىكتى " دە ، بويىنىغا ئاستى . ئاندىن بىر ئۆھ تارتىپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى:

تالانى گۈگۈم قاراڭغۇسى قاپلىماقتا ئىدى . مۇبارەك چىراق ياقتى . ئاندىن تۇم ئىككى تال ئۆرۈم چېچىنى قايچا بىلەن  كېسىۋەتتى ۋە كېسىلگەن چېچىنى نىپىز قىزىل ياغلىققا ئورىدى. باش " كۆزىنى يۇيۇپ ، جىددى جابدۇندى . ۋاقىت تېز ئۆتمەكتە ئىدى.

ئالدىمغا بىرەر ھۆقۇش ئۇچراپ قالسىچۇ؟ دەيتتى ئۇ، ئېھتىماللىقنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ.

ئەمەلىيەت جەريانىدا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان زىرەك قىز مۇبارەك دەرھال چامدىنىدىن مەرھۇم ئانىسىنىڭ تەۋەرۈكى " قاماتۇمغىنى ئالدى " دە ، ئۇنى بېشىغا ، پەزىلەتنىڭ ئانىسىغا قارىلىق تۇتۇش ئۇچۈن تىككۈزگەن ئاق كۆينەكنى ئۇچىسىغا كىيدى.

- ناۋادا بىرسى يولۇقىپ قالغىدەك بولسا ، - دىدى ئۇ ، كۆڭلىگە ھەر ئېھتىمالنى پۈكۈپ ، - ئانامنىڭ تۇپراق بېشىغا بارىمەن. . . .

خۇپتەنگە ئەزان ئوقۇلدى. مۇبارەك تەڭلا چىرىقنى ئۆچۈردى ¨ دە ، ئازراق نان ۋە مۇھىم كىيىم ¨ كېچەكنى ئورىغان يىنىك بوخچىسىنى ئالدى . ئۇ ، ياتىقىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆز يۈگۈرتتى ۋە دەرىزىسىدىن سىرىلىپ ئارقا تەرەپكە تېز چۈشتى.

ئۇنىڭ يۈرىگە گۈپۈلدىمەكتە ، مۇبارەك خۇدۇكسىرىگەندەك ئەتراپقا زەن سالدى . پىشانىسىدىن سوغاق تەر چىپىلداپ ئېقىشقا باشلىغان ئىدى . ئۇ دەرىزىنىڭ قاپقىسىنى پەم بىلەن ئەتتى ¨ دە ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ يارداڭلىققا قاراپ تۈنجى قەدىمىنى تاشلىدى ، ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچنەمە كۆرۈنمىدى . قەلبىدىكى كۆچلۈك ئەقىدە ئۇنىڭغا جۈرئەت ۋە جاسارەت بېغىشلىغان ئىدى . ئۇ ، تېز ئىلگىرلەپ جىلغا بويىغا يېتىۋالدى .

تاڭ سەھەرنىڭ مەيىن شاملى ئۇنى سۆيۈپ ھەريان ئۆتۈپ تۇراتتى . دۈگسەن تاغلىرى خۇددى قارا لىباس كىيىۋالغان قورقۇنۇچلۇق دىۋىدەك كۆرۈنەتتى . مۇبارەك جىلغىنىڭ ئەپلىك بىر يېرىدىن پەسلەپ چۈشۈپ شىمال تەرەپكە قاراپ قايرىلدى ¨ دە ، شىمگوغا كېتىدىغان چىغىر يول بىلەن ئۆرلەپ باراتتى . ئۇ ، بۇ تەرەپتىكى ھەربى گازارما قاراۋۇللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يىراقلاپ كەتكەن ئىدى. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ گۆرىستانلىق ئىچىگە كىرگەندە ، يۈرىگە جىغىلداپ ، تېنى سىقىراپ كەتتى . بۇ گۆرىستانلىقتا تۈن قۇشلىرىنىڭ ھۇۋۇلداشلىرى تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى . ھوقۇشنىڭ يىرگىنچلىك ئاۋازى شۇملۇقتىن دېرەك بېرەتتى . مۇبارەك گۆرىستانلىقتىن ئۆتۈپ بولغىچە قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى . تۈن تەڭ بولغان چاغدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ، لىيۇداۋەندىكى << يىپوچىڭگوك >> دەپ نام ئالغان قانلىق مۇنارنىڭ غەرب تەرىپىگە ئاران بېرىۋالدى ۋە بۇ يەردىكى بىر ئويمانلىقتا بىر ئاز دېمىنى ئالدى ، لېكىن بۇ يەردە كۆپ ئولتۇرمىدى . چۈنكى ، مۇناردىن جەسەت بۇسلىرى كېلىپ ، ئېلىشتۇراتتى . ئۇ ، پۈتنىڭ ئاغرىقىغا قارىماي ، لېۋىنى چىشلەپ ، غەرب تامان يەنە ئىلگىرلىدى . مۇبارەك مەنزىلگە ¨ قىزىلتاغ كەينىدىكى ئورمانلىققا يېقىنلاشقاندا ، تاڭ ئاقىرىپ قالغان ئىدى . ئۇ قەدىمىنى تېزلەتمەكتە، يۈرىگى يەنە گۈپۈلدەپ سالماقتا . توساتتىن ئالدىغا بىر خۇيزۇ بوۋاي ئۇچراشتى ¨ دە :

- نەگە كېتىۋاتىسىز؟ - دەپ سورىدى.

- ئاپامنىڭ شىيتىلىگىگە .

خۇيزۇ كىشى دىلغۇل بولۇپ ، سۆزنىڭ ئاخىرىنى دىيەلمەي قالدى . مۇبارەك ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىرالمايۋاتقان گېپىنى بىلىشكە ئىنتىلىپ تۇراتتى ، خۇيزۇ بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

- مېنىڭ ئۆيۈم شۇ ئورمانلىقنىڭ يۇقىرىسىدا ، باجاخۇنىڭ بېرىسىدىكى ئېقىن بويىدا ئىدى. ئاخشام سومۇڭزىدا بىر تۇققىنىمنىڭ تويىغا كەتكەنلىكىمنى ئاڭلاپ شۇ يەرگە ماڭغان ئىدىم ، كەلسەم ئورمانلىقنىڭ ئەتراپىغا ئەسكەر يېغىپ

كېتىپتۇ . نېمە ئىش يۈز بەرگەندۇ دېسەم ، كېچە شۇ ئورمانلىقتىن بىر ھەربى يىگىتنى تۇتۇپ كەتكەن ئىكەن . ھازىر ئۇ يەرنى ئاشۇنداق ساقلاۋېتىپتۇ . بارسىڭىز بالاغا قالارسىزمىكىن ، بالام.

خوْيزۇ كىشى ئەھۋالنى دەپلا يولىغا راۋان بولدى . مۇبارەك بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بەزگەك تۇتقان ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى . ئۇ تۇتۇلغان ئاشۇ ھەربى يىگىتنىڭ جەزمەن كەنجى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان ئىدى . دەرت ¨ ئەلەم ئوتلىرى بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكىدە لاۋۇلداپ ياندى . نېمە قىلىش كېرەك ؟ قايتايمۇ؟

ياق ، - دەيتتى ئۇ ، قەتئىي قارارغا كېلىپ ، - خورلىنىپ ياشىغاندىن ، مەغرۇر تۇرۇپ ئۆلگىنىم ئەۋزەل . مېنى بەربىر ساق قويۇشمايدۇ . بۇ پىشكەللىكلەر << چالا تەككەن ئوق >> سولپىسىدىن بولۇۋاتىدىغۇ ؟ . . . شۇنداق ، دېمەك ، كەنجى ئورمانلىقتا بىر سىرلىق سىرتماقىقا چۈشۈپتۇ ¨ دە ! مەن چوقۇم ئۇنىڭ يولىغا ماڭىمەن . ئانامنىڭ روھى ، پەزىلەتنىڭ ، جەۋلاننىڭ ۋە كەنجىنىڭ روھى مېنى ئەمدى جۇڭغارىيىدىن تاپسۇن . . .

كەنجى ئاخشام يېرىم كېچىدە دەرىزە تۈۋىدە مۇبارەك بىلەن ۋىدىلىشىپ قايتقاندىن كېيىن ، ھەربى مەكتەپنىڭ ئات دوختۇرى ئىسرايىلنىڭ ئۆيىگە كەلدى . ئۇلار ئۇزۇن سۆزلەشتى.

ئىسرايىل يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ ئەزاسى بولۇپ ، كەنجى ئۇنىڭ سەممىيىتىگە خېلى ئىشىنەتتى . ئۇ ، جۇڭغار ۋە ماناس تاغلىرىنىڭ يوللىرىنى پىششىق بىلەتتى . ئۇلار جۇڭغارىيە ئورمانلىقى ئارقىلىق قېچىشقا كېلىشىپ قەسەم ئىچىشتى . ئىككىيلەن ئىككى ھەربى ئاتنى مىنىپ ئاخشىمى مەخپى يولغا چىقتى . ئۇلار لىۋۇداۋەننىڭ غەربىدىكى ھېلىقى ئورمانلىققا كەلگەندە ئىسرايىل تۇساتتىن كەنجىگە :

- ئاداش ، ئەسلىسەم مۇھىم ئىككى ئىش ئۇنتۇلۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ - دېدى .

- نېمە ئىش ؟ - سورىدى كەنجى .

- بالا ¨ چاقىلارغا دەيدىغان بىر مۇھىم سۆزۈم دېيىلمەي قاپتۇ . يەنە يامغۇرلۇق چاپاننى ئۇنتۇپتىمەن . ئورماندا كۈتۈپ تۇر ، مەن ھېلىلا كېلىمەن .

كەنجى ھېچ ئىككىلەنمەستىن ماقۇل بولدى . چۈنكى كەنجىنىڭ بۇ ئورماندا مۇبارەكنى كۈتۈپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتىمۇ بار ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ئىسرايىل ئاتنى ئارقىغا قايتۇردى ¨ دە ، ئۇچقاندەك كەتتى . مانا ، ئىككى - ئۈچ سائەتمۇ ئۆتتى . كەنجى ئامرىغى مۇبارەك بىلەن دوستى ئىرايىلنى تۆت كۆز بولۇپ ، تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى . ئەتراپ جىمجىت

ۋە قاراڭغۇ . ئورمان ئارىسىدىن ئاسمان تۇرۇسىدىكى بىرنەچچە يۇلتۇزنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنىلا كۆرگىلى بولاتتى . كەنجى بىرەر كىشىنىڭ سىزىپ قىلىشىدىن خۇدۇكسىرەپ ، ئورمان ئىچىدە مىدىر " سىدىر قىلماي يىگانە ئولتۇرغان ئىدى . قارا قاغىدەك كەلگەن ئاتلىق ژاندارمىلار ئۇشتۇمتۇتلا ئورمانلىقنى قورشىۋالدى . ئىسرايىلنىڭ چىلان تورۇق ئېتى شۇئان ئورمانغا قاراپ قاتتىق بىر كىشنىدى . جاۋابەن كەنجىنىڭ قارا‌گىر ئېتىمۇ دەرھال ئۈنلۈك كىشنىدى . شۇنداق قىلىپ كەنجىنىڭ ئورمانلىقتا ئىكەنلىگى ھەربى ۋە ساقچىلارنىڭ ئالدىدا مانا مەن دەپ ئاشكارا بولدى . ئىسرايىلنىڭمۇ ، چىلان تورۇقنىڭمۇ خىزمىتى ئاياقلاشتى . ئەمدىكى ئىشنى خوجايىنلىرىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇپ ئىسرايىل غىپپىدە تىكىۋەتتى .

- كەنجى بۆيەرگە چىق ! يۇۋاش بولساڭ كەڭچىلىك!...

تۆت ئەتراپتىن خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ، قازاقچە خىتاپلار ياڭراشقا باشلىدى . كەنجىدە يان قورال بولسىمۇ ، بىراق ھازىر ئېتىشىپ تەڭ كېلىشىمۇ ، تىرىك قۇتۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئەمدى ئۇ ، ئىچ " ئىچىدىن ئازاپلىنىپ ، قەھر " غەزەپ ئوتىدا ئۆرتىنىشكە باشلىدى . بىردەم زامانقۇلنى چالا ئاتقان ئوڭ قولىنىڭ بارمىغىنى قەھرى بىلەن چىشلەيتتى . بىردەم ئىسرايىلنىڭ خائىنلىقىدىن غەزەپلىنەتتى .

- ھاراق سورۇنلىرىدا ئۇنىڭ قىلغان مەمەدانلىقىگە يۇزمىڭ لەنەت ، - دەيتتى ئۇ . بىراق ئەمدىكى پۇشمان ، ئەقلىگە دۈشمەن ئىدى .

قارا گىرنىڭ توختىماي كىشنەپ تۇرۇۋېلىشى ئۇنىڭ ئەلەملىك خىيالىنى ئۈزۈپ تۇراتتى . تەسلىم بولۇشقا ئۈدەگەن چوقانلار بارغانسېرى ئۆلغىيىپ باراتتى . ئۇ ، تاپانچىسىنى مېڭىسىگە تەڭلەپمۇ كۆردى . لېكىن يەنە تۇرۇپ بۇ خىيالدىن ۋاز كەچتى :

- ئۆلۈۋېلىش ئاسان . ئەمما بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قولغا ئېلىنغان نۇرغۇن يىگىتلەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئازاپلىنىشى ۋە بەلكى گۇمان بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىلىشى مۇمكىن ؛ شۇڭا ھەممىنى مەنلا ئۈستۈمگە ئېلىپ ، يارەنلىرىمنى ئاياپ قېلىشىم زۆرۈر . ئۆز ئۇقۇمدا ئۆلگەندىن ، دۈشمەن ئوقىدا ئۆلۈش ئەلا ، - دىدى ئۇ ، ئازاپلىق خىياللاردىن كېيىن .

كەنجى ئورنىدىن دەس تۇردى " دە ، قارا گىرنى يېتىلەپ دۈشمەنلەر ئالدىغا " ئورمان سىرتىغا ماڭدى .

2

زامانقۇلنىڭ تىلىگى ئىجاۋەت بولغاندەك << مەغپىرەت پەرىشتىلىرى >> يەنىلا ئۇنى قوللىماقتا . ئۇنىڭ دەپىن مۇراسىمىغا ماتەم ئوركېستىرىدىكىلەرنى قوشۇپ ھېساپلىغاندا بەش مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى . ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يازلىق زالىغا ئادەم سىغماي قالغان ئىدى . ئۇنىڭ <<نۇسرەتلىك ئۆلۈمى >> ئۈچۈن ھۆكۈمەت غەزىنىسى

ئايىماي تەسەررۇپ قىلىندى . <<مەرھۇمنىڭ ماتىمى >> ئۈچۈن ئاق باغلاش ۋە ئارتىشقا كەتكەن گەزماللار يۈز توپقا يەتتى . يازلىق زال بىلەن تاۋۇتنىڭ تۆت ئەتراپى <<مەرھۇمغا تەزىيە >> سۆزلىرى يېزىلغان گۈلچەمبىرەكلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى ، ماتەم ئوركېستىرىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى ۋە نادانلارچە ھېسسىياتقا بېرىلگەن شۇنچىزا كۆپ ئىشتىراكچىلارنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك تەزىيە مۇراسىمى رەسمىي باشلاندى :

- << مەرھۇم >> - جۇڭخۇا مىنگونىڭ ئەڭ سادىق پەرزەندى بولۇپ ، تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ . . .

- << مەرھۇم >> نىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇزۇقلار بىلەن ئاداققىچە كۈرەش قىلىمىز . . .

- بۇزۇقلارنىڭ تىغى بىلەن << شېھىت >> بولغان << مەرھۇم >> نىڭ ياتقان يېرى چوقۇم جەننەتتە بولىدۇ . . .

يۇقىرىدىكى ئۇزۇندىلەر خۇگوجۇن ، ناسىر ھەم بىر موللامنىڭ تەزىيە نۇتۇقلىرىنىڭ ئاساسلىق روھى .

دەل پېشىن مەھەلدە زامانقۇلنىڭ تاۋۇتى باخۇلياڭ شىھىتلىگىگە ئېلىپ مېڭىلدى .

ھايات سەھنىسىدە ھەمىشە نەپرەت بىلەن مۇھەببەت ، يىغا بىلەن كۈلكە ، تىراگېدىيە بىلەن كومېدىيە گويا ئوت بىلەن سۇدەك بىر ¨ بىرىگە زىت روللاردا نامايەن بولۇپ دەۋر قىلىدۇ . بىراق ، ھازىر زامانقۇلغا قىلىنىۋاتقان غەيرى نورمال ھۆرمەتلەر سايىسىدا يۇقىرىدىكى روللارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئەسلى خارەكتېرىنى يوقاتماقتا ئىدى . باخۇلياڭ گۆرىستانلىقىدا ئۇنىڭغا مەخسۇس سېمونت قەۋرە قاتۇرۇلدى [16] . كىچىكرەك بىر تىياتىر ئۆمىگى تېخى ئۇنى قەھرىمان دەپ پەدەزلەپ سەھنىگە چىقتى . ھەممىدىن كۈلكىلىكى ¨ زامانقۇلدەك مەلئۇننى تۇغقان ئايالمۇ <<قەھرىمان ئانا >> دېگەن نامغا نائىل بولۇپ ، كۆمۈش مېدال بىلەن مۇكاپاتلاندى . بۇ << قەھرىمان ئانا >> ئالاھىدە ھۆرمەت ۋە مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئۇرۇمچىگە ئالدۇرۇپ كېلىنگەن ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن تەزىيە دولقۇنى تېخىمۇ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى:

1945 ¨ يىل 6 ¨ ئاينىڭ 9 ¨ كۈنى مەركىزى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ يازلىق كۇلۇبى ئالدىغا << مەرھۇم ئاخۇشۇنىڭ روھىغا مەۋلۇت ئوقۇش مۇراسىمى >> دېگەن چوڭ خەتلىك لوزۇنكا ئېسىلغان ؛ ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىق ۋە تىنچىقلىقىغا قارىماي كۇلۇپنىڭ ئالدى ۋە روزى ھاجىنىڭ مىچىتى ئەتراپىغا

نۇرغۇن ئادەملەر توپلانغان ئىدى . ئۇلارنىڭ تولىسى بۇ كاتتا مۇراسىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەخسۇس باغاق بىلەن كەلگەنلەر ئىدى .

كۆن نەيزە بويى ئۆرلەش بىلەن تەڭ ئادەملەر تۆتتىن ¨ بەشتىن ئۆيۈشما زالغا كىرىشكە باشلىدى .

كۈلۈپنىڭ ئالاھىدە سەھنىسىدە سەللالىق ئاخۇنۇملار ، سىپايى كىيىنگەن بىرمۇنچە ئەرباپلار ئولتۇرۇشاتتى . سەھنىنىڭ تۆرىدە يەنە بايىقى << قەھرىمان ئانا >> پۈتۈن ئەزايى ئاق بىلەن ئورالغان ھالدا مۇسبەت تۇتۇپ ئولتۇرغان ئىدى . ئۇنى ياش ئىككى ئايال قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇراتتى . ھازىدار ئايال تۇرۇپ ¨ تۇرۇپلا << ئاللا تۇۋا >> سىلىپ ، ئۆكسۈپ يىغلاپ ، سەھنىنى بېشىغا كىيەتتى .

40 مىنۇتقىچە مەۋلۇت ئوقۇلۇپ ، پاتىھە قىلىنغاندىن كېيىن ، مۇراسىم رىياسەتچىسى :

- ھازىر ھۆكۈمەت ۋەكىلى سۆزلەيدۇ ، - دەپ بىر ئەرباپنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى . ئەرباپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، زامانقۇلنىڭ ئانىسىغا ھۆرمەت تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن :

- ھۆكۈمىتىمىز ئاخۇشۇنى << قەھرىمان >> دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ ، مەخسۇس ھۆججەت چىقاردى . ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى دۆلەت تەرىپىدىن مەڭگۈ تەمىنلىنىدۇ . نەزىر ¨ چىراقلىرىغا ھەممە چىقىم ھۆكۈمىتىمىز تامانىدىن بېرىلىدۇ . مەرھۇمنىڭ ئانىسى ئالدىدا بۇ قارارنى ئالاھىدە جاكارلىماقچىمەن ، - دېدى .

<<ھۆكۈمەت ۋەكىلى>> نىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا ، ھازىدار ئايال ئۆيىقىدىن ئۆندۈرگەندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ¨ دە ، قارارنى جاكارلىغان ھېلىقى ئەرباپنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تازىم بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن تېخمۇ چوقان كۆتەردى :

بالامنى ئۆلتۈرگەنلەرنى ئېتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن . ئۇلارنى ئېتىپ بەرمىسە مەن ھەرگىز رازى ئەمەس ، - دەپ زالنى يەنە ئەسەبىيلەرچە بېشىغا كىيگىلى تۇردى . ئۇ ، رەپىتىسنى ئوبدان قىلمىغىنى ئۇچۇنمىكىن ، سۆزلىرى قولاشماي ، بەزى سۇپلۇرلار ئارقىلىق ئوگىشالماقتا ئىدى . ئۇ ، بارغانسىرى بوغۇلۇپ ، ئاللا توۋا سالاتتى .

## يىگىرمە بەشىنچى باپ

1

ئېچىلغىنىغا تېخى بىر ¨ ئىككى كۈنلا بولغان ھاۋا بۇگۈن يەنە تۇتۇلۇشقا باشلىدى . پېشىندىن كېيىن ئاسماننى چاڭ ¨ توزاڭ ئارلاش ساغۇچ تۇمان قاپلىۋالدى . قۇياش گويا قارا پەرەنجە ئارتىۋالغان جۇۋانىدەك بولۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇندى . ئىقلىم ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان قويۇنتاز خۇددى پىرىخوندەك چۆگىلەپ ، شەھەر كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئارىلاپ ، ئەسكى ¨ تۇسكى تاشلاندۇق نەرسىلەرنى ئاسمانغا ئۇچۇراتتى . شەھەردىكى ھەربىي ھالەت جىددى تۈس

ئېلىپ ، كوچىلاردا ئادەم شالاڭ يۆرەتتى . ئۇلارنىڭ چىرايلىرى سولغۇن ، ۋەھىمىلىك كۆرۈنەتتى . بىر " بىرى بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ گەپ " سۆزسىز ئۆتۈشۈپ كېتىشەتتى . ئارامى خۇدا گەپلىششتىن ھېيىقشاتتى .

سۆرۈن چىراي قوراللىق پاترونلار كوچا " كوچىلاردا تىمسقلاپ يۆرەتتى . ئۇلار چىراي ئېچىپ سۆزلىشىۋاتقان بىرەتى " يېرىم كىشلەرنى كۆرۈپ قالغىدەك بولسا شۇ يەرگە جىندەك پەيدا بولاتتى .

خالتا كوچىلاردىكى مەھەللىلەردە پەيدا بولغان ياۋا سۆز " چۆچەكلەر يامراپ كەتكەن ئىدى . ئۇنىڭغا بەزى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن مىش " مىش پاراڭلار قوشۇلۇپ ، كىشلەرنىڭ روھى دۇنياسىدىكى ئەنسىزلىك ئاۋۇپ باراتتى :

<< قاچقان كەنجى بىلەن زۇلپىيارنى تۇتۇپ كېلىپ ، 4 " تۈرمىگە قاماپتۇ ، پات يېقىندا ئاتىدىكەن...>>

<< ئۇلار 4 " ئايدا قوزغىلاق كۆتۈرمەكچى ئىكەندۇق ، زامانقۇل ئۆلمەي قېلىپ ئىش بۇزۇلۇپتۇ ...>>

<< دارىلفۇنۇندىن ئەنۋەر باشلىق كىشلەر قېچىپ كېتىپتۇ...>>

<< ئايرودرومنىڭ بىنزىن ئىسكىلاتىغا ئوت كېتىپ ، ئون ئايروپىلان كۆيۈپ كېتىپتۇ . بۇ ئىشنىمۇ كەنجىنىڭ تەرەپدارلىرى قىلغان ئىكەن ....>>

<< تۈنۈگۈن تۈندە ھەربى مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىندىن نۇرغۇن ياشلار قولغا ئېلىنىپتۇ ...>>

دەر ھەقىقەت ، << شامال چىقمىسا دەرەخ مىدىرلىمايدۇ >> دىگەندەك <<زامانقۇل ئەنزىسى >> دىن كېيىن گوڭئەن گوەنلىچۈنىڭ ئىككى قارا رەڭلىك پىكاپ ماشىنىسى كېچە " كۈندۈز ئادەم تىرىشتۇرۇپ يۆرەتتى . ئۇنىڭ نامىنى ياكى ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئادەملەر : << ئەزرائىل كەلدى!>> دەپ ئەندىشىلىك پىچىرلىشاتتى " دە ، جېنىنى ئېپقاچاتتى . بىراق ، زامانقۇلنىڭ تىزىملىكىگە ئېلىنىپ قالغان ھېچبىر جان ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمايتتى . بىرەر ئاي ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈرمە زىندانلار مەھبۇسلار بىلەن تولۇپ كەتتى.

<< زامانقۇل ئەنزىسى >> گە چېتىشلىقلار ئاساسەن <<4 " تۈرمە >> ۋە << 2 " تۈرمە >> گە قامالغان ئىدى . سوراق قىلىش ، ئازاپلاشلار تولاراق <<4 " تۈرمىدە ئېلىپ بېرىلاتتى . تارىختا ئىزسىز يوقىلىپ پۈشتى " پاناھى مەڭگۈ داغدا قالغان كۆرمىك قەھرىمانلارنىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇ يەردە ھەل قىلىناتتى .

ياڭ زىڭشىڭ زامانىسىدا بۇ <<4 " تۈرمە >> نىڭ ئورنى كىچىكرەك ھەپسخانا بولۇپ ، ئۇنىڭ شەرق پاسىلى يومۇخاڭزا كوچىسى بىلەن ئارىتام كېلەتتى . يومۇخاڭزا كوچىسىدا يىڭشۇرۇن ۋە ئاشكارا پاھىشىخانىلار ، << چاڭخو >> ( قىمارخانا) لار ، ئەپيۇنكەش ۋە نەشكەشلەرنىڭ مەيدان - مەيخانىلىرى ھەم بەزى بايۋەچچىكەرنىڭ قارا مىلەڭزىلىك

تاماشاخانىلىرى يۈز نەچچىگە يېتەتتى . شاك شىسەي دەۋرىدە بۇ پاسكىنا جايلارنىڭ بىر قىسمىنى قوشۇۋېلىش بىلەن 4>> ¨ تۈرمە << كېڭەيتىلدى . ئېگىزلىكى تۆت مېتىر ، قېلىنلىقى بىر يېرىم غۇلاچ كېلىدىغان ھەيۋەتلىك تۆت چاسا سېپىل بىلەن قورشالغان ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئالتە جايغا قاراۋۇل پوتەيلىرى سېلىنغان بۇ تۈرمىنى كۆرگەن كىشىنىڭ يۈرىكى جىغىلدايتتى .

تۈرمىنىڭ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسىنىڭ ئېنى ۋە ئېگىزلىكى ئۈچ ¨ تۆت غۇلاچ بولۇپ ، ئۈچ يېرىدىن تۆمۈر بالداق ئۆتكۈزۈلگەن ئىدى ، ئۇنىڭغا ئاتنىڭ كاللىسىدەك يوغان ئۈچ قۇلۇپ سېلىناتتى ، بۇ قۇلۇپلار پەقەت ماشىنا كىرسە ¨ چىقسا ئېچىلاتتى . ئادەملەرنىڭ قاتنىشى ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىدىن كىچىك ئىشىك قويۇلغان ئىدى .

دەرۋازىنى كېچە ¨ كۈندۈز قورالىق قوش قاراۋۇل ساقلايتتى ، بۇ يەرنى كىشىلەر مەنىلىك قىلىپ << قارا دەرۋازا >> دەپلا ئاتىشاتتى .

دىمىسىمۇ قارا دەرۋازا ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق سۈرى بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان مەخلۇقلارنىڭ دىلى قارا ئىدى ، زىنداننىڭ ئىچى بولسا ئادەملەرنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويىدىغان قاپ - قارا ۋەيلۇن دوزاخنىڭ نەق ئۆزى .

ياش تالانت ئىگىسى جەۋلانى قاتارلىق ھېساپسىز مۇنەۋۋەر ئوغلانلارنى مانا مۇشۇ پانىي دوزاق يۇتۇپ كەتكەن ئىدى . ئەمدى بولسا كەنجىدەك ۋىجدانلىق نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ تەقدىرىمۇ مۇشۇ يەردە بىر تەرەپ بولۇش ئالدىدا تۇراتتى .

تۈرمىنىڭ ئۆيلىرى بىرقانچە گورۇپپىلارغا بۆلۈنەتتى : << يوشۇرۇن كامىر >> ؛ << قاراڭغۇ كامىر >> ؛ << يالغۇز كىشىلىك كامىر >> ؛ << ئازادە مەھبۇس >> ؛ << مەھبۇسلار تاماقخانىسى >> ؛ << جازا قوراللىرى ئىسكىلاتى >> قاتارلىقلار .

قاتمۇ قات چەمبەر سېلىۋېتىلگەن كامىر ئىشىگىنىڭ ئۈستىدە ھېجىر قاچا پاتقىدەك كىچىككىنە تۆشۈك بولۇپ ، مەھبۇسلارغا ئەنە شۇ كاماردىن تاماق بېرىلەتتى . ھەر قايسى كامىرلارنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە تەرەت تۇڭى قويۇلغان ؛ مەھبۇسلار پەقەت كۈندۈزىلا بىرەر قېتىم << فاڭفېڭ >> ( تەرەت سۇندۇرۇش ) ئۈچۈن ئوچۇقچىلىققا ئېلىپ چىقىلاتتى .

<< ئازادە مەھبۇسلار>> دىن باشقا مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئېغىر ئىشكەل سېلىنغان بولۇپ ، پۇتلىرىنى ئارانلا سۆرىيەلەيتتى .

باش جاۋاپكار كەنجى ، زۇليار قاتارلىقلار << يالغۇز كىشىلىك كامىر ۋە << يوشۇرۇن كامىر >> لارغا سولاندى . ياشلار تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق ئۇنسۇرلىرىدىن ھىلال << 5 ¨ نومۇرلۇق >> زىندانغا تاشلاندى ، بۇ يەردە بىرقانچە

مىللەتكە مەنسۇپ مەھبۇسلار بەنت ئىدى : ئۇلارنىڭ بىرى ياپون ، بىرى كورد ، بىرى خەنزۇ ، ئىككىسى ئۇيغۇر ، ئەمدى تاجىكتىن ھىلال قوشۇلۇپ ، مەھبۇسلارنىڭ مىللىي تەركىبىنى تېخىمۇ بېيىتتى .

ھىلال ئۆزىدىن بۇرۇن بۇ كامېردا يېتىۋاتقان « پېشقەدەم » مەھبۇسلارنىڭ تەرجىمھالى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى . بۇ مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك شاڭ شىسەينىڭ تۈرلۈك تۆھمەتلىرى بىلەن قامالغانلار ئىكەن .

ياپون بىلەن كورد ئەتىدىن " كەچكىچە كىتاب بىلەن ھەپىلىشىپ كۈن ئۆتكۈزەتتى . ھېلىقى خەنزۇنىڭ ئەپيۇن خۇرۇچى تۇتۇپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان ، ئۇچەيلىرى تارتىشقان ھالدا دەرماندىن كېتىپ ، ئىككى قولىدا قوسىقىنى مۇجۇپ ، بىر بۇلۇڭدا تولغىنىپ ياتاتتى .

يېشى ئاتمىشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان تارانچى بولسا مۇڭداشقاق ، گەپ خۇمارى كىشى ئىدى . ئۇ ، ئېغىر ئىشكەل سېلىنغان پۇتىنى بەنچاڭدىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ ، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇراتتى :

- ... ئەھۋال شۇنداق ئۇكا ، - دەيتتى ئۇ ، قويۇق چاڭگىلا قېشىنىڭ تەكتىدىكى خىرەلەشكەن چېقىر كۆزلىرىنى ھىلالدىن ئۈزمەي تۇرۇپ ، - سىز ھېلىقى « سۇلايمان يىغلىغان بىلەن ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى » دىگەن تەلكە ناخشىسىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭىز ؟

زېرىكىشلىك ۋە ئازاپلىق زىندان تارانچىنىڭ تۈگىمەس ھېكايىسى ۋە قىزىقارلىق چاقچاقلىرى بىلەن پات " پاتلا جانلىنىپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ھازىرقى ھېكايىسى ئەنە شۇ يۇقىرىدىكى سوئال بىلەن باشلاندى :

نادانلىقىمىزنى دىمەمسىز ، بۇنى خۇددى مايمۇننى قەپەزگە سولىغاندەك ياغاچ قەپەزگە بەنت قىلىپ ئېلىپ كېلىشكەن . كۆتەك ھارۋا ئۈستىگە بېكىتىلگەن ياغاچ قەپەز ئىچىدە پۇتىمىزدا ئىشكەل ، قولىمىزدا كويزا ، بويىنىمىزدا شال ، ئۇزۇن زەنجىر بىلەن باغلىنىپ تۇراتتۇق . ھارۋىكەشتىن باشقا بىزنى بىرلا يايى يالاپ ماڭاتتى . ئۇنىڭ قولىدا قارا مىلتىغى بارئىدى ، لېكىن بىز تازىمۇ ئەخمەق ، تازىمۇ نادان بەندە ئىكەنمىز . بولمايدىغان بولسا يايى بەزگەك بىر پەشۋاغا يارىمايتتى . شۇنچىزا ئاسمىنى كەڭ يەردە « موللام مۇشۇك » بولۇپ كېلىپ بۇ زەي زىنداندا « ئەلھۆكمىلىللا » - غا كۆنۈپ ، كىرپە بولۇپ ياتقىنىمىزنى قارىمامسىز . . .

- ئۇنىڭ ئۈستىگە ، - دىدى تارانچى ، ئارىدا موخۇركا چېكىۋالغاندىن كېيىن ، مېنىڭ بۇ تۈرمىگە بۇ دورەمقىسى بىلەن قوشقاندا بەشىنچى قېتىم چۈشۈشۈم . . .

تارانچى سەرگۈزەشتىلىرىنى ، بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئۆزۈندىن " ئۆزۈنغا قىزىقارلىق ھېكايە قىلاتتى . گاھ كۈلەتتى ، گاھ غەزەپلىنەتتى .

ھېكايە ئۆزۈلگەن چاغلاردا ھىلالنىڭ دىققەت نەزىرى ياپون بىلەن كوردقا چۈشەتتى .

ياپون مەھبۇسنىڭ ئىسمى زوكوتو بولۇپ ، مەلۇماتلىق بۇ كىشى بىر زامانلاردا سودا ¨ تىجارەت ھېرىسلىغىدا كېلىپ قالغان ئىكەن . ئۇ تۈرمىدە خەنزۇچىنى پىششىق بىلىۋالغانلىقى ئۈچۈنمۇ ، كونا كىتاپلارنى قولدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ ئولتۇراتتى . ئۇ كىتاپلار - << خەننامە >> ، << تاڭنامە >> ، << تارىخي خاتىرىلەر >> ، << قىزىل راۋاقتىكى چۈش >> ، << ئۈچ پادىشالىق توغرىسىدا >>،<< شۆەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى>> ۋە << غەرپكە ساياھەت خاتىرىلىرى >> قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر ئارقىلىق ھون ۋە ئۇيغۇرلارغا دائىر ساۋاتلارنى خېلى پىششىق بىلگەن شەخس ئىدى .

بىراق ، مۇشۇ دائىرىدە ئۇنىڭغا كامىر ئىچىدە سۆھبەتداش بولالىغىدەك بىرەر ئۇيغۇر مەھبۇسداشىنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىناتتى .

ئۇ ، يەنە توكىنىڭ تىلىنى پۇختا بىلىدىغان تېخنىك ¨ مانتىيور ئىدى . تۈرمىنىڭ توكى ئۈزۈلگەن ھامان تۈرمە دائىرىلىرى ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى ¨ دە ، بىلىمىنىڭ يۈزىدىن تالا تۈزگە چىقىشقا ، ئوبدان ئوزۇقلىنىشقا مۇۋەپپەق بولاتتى . ھازىر ئۇ كامىردىكى كورد بىلەن ئەھدىلىشىپ پارس تىلىنى قىزغىن ئۆگىنىۋاتاتتى .

كوردنىڭ تەرجىمھالى ھىلالنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى . ئۇ ئىراننىڭ ھەمەدان شەھرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە شۇيەردە ئوقۇپ مەرىپەتلىك بولغان ماھىر تىۋىپ ۋە ئۇستا رەسسام ئىدى . ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى گۈليار مەمەدانى ئىدى . ئۇنىڭ ئەجداتلىرىدىن مەشھۇر سەيياھلار چىققان ئىكەن . گۈليار ھەمەدانى بوۋىلىرىنىڭ ئۇن قەناغىچە بولغان نەسەپ تەركىزىسىنى پىششىق بىلىدىكەن . ئۇنىڭ بىر بوۋىسى سىبىر خانلىقىنىڭ پايتەختى سىبىردا ئۇرۇشتا ئۆلگەن ، يەنە بىر بورىسى قەشقەردە ۋاپات بولغان ئىكەن . ھەمەدانى شۇ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قامالغان ، ئىجدىھاتلىق گۈليار ھەمەدانى كامىرنىڭ ئىچىنى كۆتۈپخانىغا ئايلاندۇرۇۋالغان ئىدى . ئۇ مەشھۇر << شاھنامە>>نىڭ پارىسچە نۇسخىسىنى ، << بوستان >> ، <<گۈلىستان >>نى ، ھەتتا تەۋراتنى يوشۇرۇن ساقلاپ ئوقۇپ يۈرەتتى . كېيىنرەك ئۇ خەنزۇچىنى ۋە ياپونچىنى ئۆگىنىشكە قىزغىن كىرىشكەن ئىدى .

- نەچچە تىل بىلىسىز ؟ - سورىدى ھىلال .

- ئانچە كۆپ ئەمەس ، - دېدى ھەمەدانى ، - ئاسىيادىكى بىرقانچە مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئاز تولا يامدايمەن .

كورد كامىرنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىزىدىن سەل ئالدىغا سىلجىپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى :

- كۆپ تىللارنى بىلىش ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر . كۆپ تىل بىلگەن ئادەم ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپمۇ ئالەم بىلەن تونۇشالايدۇ. تىل بايلىقى ” ئالەم بايلىقى دېمەكتۇر . ئادەم پەرزەنتى تىل ۋاستىسى ، ئەقىل مۇھاپىزىتى ۋە قولىنىڭ ماھارىتى بىلەن ھەر يەردە ئەزىز بولالايدۇ . ماۋۇ ياپون ، تۈكنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن ، تۈرمىدە ئۇبدان پىقىلىۋاتىدۇ. مەن تۈرمىدە مۇپەتتىشنىڭ بالىسىنىڭ سۇنۇق پۇتىنى ساقايتىپ قويۇۋىدىم . قوسىغىم توق ئۆتۈۋاتىمەن . قوساقتىكى بىلىم بىلەن قولدىكى ھۈنەرنى ھېچكىممۇ مۇسادىرە قىلىۋالالمايدۇ ، - كورد ئاز سۆكۈتتىن كېيىن ، داۋام قىلدى ، - مەن ماۋۇ ئىككى قېرىنداشىمغا كۆيۈنۈپ ، ئىبن سىنانىڭ << نادانلىقنىڭ دورىسى >> ناملىق مەشھۇر كىتاۋىدىن ئىلمىي ھېكمەت سۆزلەپ بېرىپمۇ باقتىم . بۇ ئىككى بۇرادەر ئاغزىدا ھە دېيىشىدۇ ، لېكىن بىر - بىرىنى كوچىلاش ۋە بىر بىرى بىلەن غىژىلدىشى زادىلا تۈگىمەيدۇ .

ھەمەدانى ئاندىن بىر پارچە سىزما رەسىمنى ياتقان كىگىزى ئاستىدىن ئالدى ” دە ، ھىلالغا كۆرسىتىپ :

ئىبن سىنانىڭ دورىسى ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن ، مەن مۇشۇ دورا قەغىزىنى يېزىپ چىقتىم، - دېدى .

ھىلال رەسىمنى نۇقتا بويىچە كۆرۈشكە باشلىدى .

رەسسام ھەمەدانى بۇ ئىجادىيىتىنى مەشھۇر رافا ئېللو (17) غا تەقلىت قىلىپ ئىشلەپچىققان ئىدى .

ئۇ ، تەڭرى تېغىنى مۇقەددەس ئانا سىماسىدا ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈپ سىزغان . ئانىنىڭ ئوڭ كۆكسىدىن ئاققان ئاپپاق سۈت جەنۇپتىكى ئالتە چوڭ دەرياني ؛ سول كۆكسىدىن ئاققان سۈت شىمالدىكى ئالتە دەريانى ھاسىل قىلاتتى . تارانچى بىلەن ھېلىقى تارىم دولانى ئەمەلدە شۇ بىر ئېقىننى ” بىر ئانا سۈتىنى ئىمىپ چوڭ بولغان ئىدى .

ھىلال ماھىر رەسسام ھەمەدانىغا بارىكاللا ئوقۇدى . ئاندىن تارانچى بىلەن ئاۋۇنىڭغا رەسىمنىڭ ماھايىتىنى چۈشەندۈردى ، گۈزەل رەسىم ئۇلاردا ئازراق بولسىمۇ يېڭى سەزگۈ پەيدا قىلغاندىمۇ ؟...

2

مەھبۇسلار ” پىت ، بۈرگە ، ئاچلىق دەستى ھەم ھەرخىل نالە ” پەريات ، تۈرلۈك تاراق ” تۇرۇق ئاۋازلار ئازاۋىدىن كېچىلىرى زىنھار ئارام ئالالماي ، بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ باراتتى .

ئىيۇننىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۈرمىلەرنى كەڭ كۆلەمدە << رەتلەش >> يۈگۈرۈلدى . ياشلار تەشكىلاتى ئەزالىرى كامىرلارغا يەككە ” يەككىدىن سولاندى . ھىلال ئاۋۋالقى كامىردا تەنھا قالدى . گۈليار ھەمەدانى چىقىپ كېتىۋېتىپ :

- << ئۆلۈكتىن قەۋرە قالىدۇ ، مەھبۇستىن سەۋرى >> دېگەن مەشھۇر سۆز بار . سەۋرى ¨ تاقەتلىك بولۇڭ ، خەير ¨ خوش ، - دىدى .

هىلال بىلەن ھەمەدانى ئايرىلىشقا قىيشماي كۆزلىرىنى نەم قىلىشتى .

دەھشەتلىك سوراق باشلىنىپ ، جىددى داۋام قىلماقتا ئىدى . ھەرخىل جازا قوراللىرى ¨ كالتەك ، سىم قامچىلار جاننى ئۆپرىتىپ باراتتى .

خوشنا كامىر - << قاراڭغۇ كامىر >> دىكى زۇلۇمغا ئادەم ئۆزىنى تارتىپ يولنىڭ قانلىق ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ ماڭدى :

- قانخور جاللاتلار ! . . . مېنى چاپسان ئۆلتۈرۈۋەت ! ئېتىۋەت !

<< قاراڭغۇ كامىر >> - شۇنچىلىك تار ، قاراڭغۇ ئىدىكى ، ئادەم ئۇنىڭدا ھېچقانداق سوزۇلالمايتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە زۇلۇمنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىتما ¨ تىتما قىلىپ تاشلانغان ئىدى . ئۇ ، دەھشەتلىك ۋارقىراپ ، بىر ھازادىن كېيىن جىمىپ كەتتى . ئۇنىڭ ھازىرقى جىمىپ كېتىشىمۇ قورقۇنۇچلۇق ئىدى .

هىلال بىتاقەت بولاتتى . ئۇ گويا قەپەزنىڭ ئىچىدە ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان كەكلىكتەك بىردە ئۆرۈدىكى تامغا ، بىردە بولسا سولىدىكى تامغا يۈگۈرەيتتى . كامىر تاملىرىنى چېكەتتى . قۇلىغىنى تاملارغا يېقىۋېلىپ تىڭشايتتى .

- بىزنىڭ ئادەملەردىن كىملەر قامالغاندۇ ؟ سوراق نېمىلەر ئۈستىدە بولۇۋاتقاندۇ ؟ - دەيتتى ئۇ ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ .

بىر كۈنى << فاڭفېك >> پۈرستى كەلدى ¨ دە ، سىرتتىن بىر تال ئىنچىكە تۆمۈرنى كامىرغا يوشۇرۇن ئېلىپ كىرىۋالدى . ئۇ ، شىمال تەرەپتىكى خوشنا كامىر بىلەن ئارىتام بۇلۇڭىغا ئورنىتىلغان قەلەي مەش يېنىدىن تۆشۈك ئېچىشقا كىرىشتى . مۇشۇ تۆشۈك ئارقىلىق خوشنا كامىرلار بىلەن ئالاقە ئورناتماقچى بولدى . تۆشۈك ئاخىرى ئېچىلدى .

- مەن ھىلال ، سىز ؟

هىلال ئىككىنچى ، ئۈچىنچى قېتىم << تېلىفون >> ئۇردى (بۇ ئۇسۇلنى مەھبۇسلار << تېلىفون >> دەپ ئاتىشاتتى ) ، جاۋاپ تېلىفون كەلدى .

- مەن ، ھامۇت . . .

ئىككىيلەن ھەربى مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدى . ھامۇت ئىلگىرىمۇ مۇشۇ تۈرمىگە بىر قېتىم قامىلىپ چىققان . بۇ قېتىمقى يەر ئاستى ياشلار تەشكىلاتىغا ھىلال بىلەن بىرگە قاتناشقان ئىدى . << زامانقۇل ۋەقەسى >> دىن كېيىن ، ئۇ يوشۇرۇن ھالدا قېچىپ كۆچەي جىلغىلىرى ئارقىلىق توخسۇنغا باردى . ئۆزى بىلەن بىرگە قاچقان ئەخمەت دېگەن بىر يىگىتنى باشلىۋېلىپ ، توخسۇنلۇق ساۋاقدىشى ۋاھاپ ئامىرنى تاپتى ۋە ئۇنىڭدىن ئارغى بولاقتىن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئۆتۈندى .

ۋاھاپ ماقۇل بولۇپ ئۇلارنى ئوبدان كۈتتى . بىر ھەپتىچە پىيادە يۈرۈپ چارچىغان يىگىتلەر ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر سوتكىدەك ئۇخلىدى . ئۇلار غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغۇنۇپ تۇرۇشىغا ئىلمەك بۇرۇن، كەكە ساقال ، دىقماق گەردەن " مەھەللە بوجىڭى كىرىپ كەلدى " دە ، جىددى ھالدا :

- ئۇيقۇڭلار قانغاندۇر ، ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىپ تىزىملىتىپ كېلەيلى ، - دېدى .

ساھىپخان سۈكۈت قىلىپ تۇردى . << مېھمانلار >> بوجاڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ ماڭدى . ساقچى مەھكىمىسىدە ئۇلارنى كويزا بىلەن ئىشكەل كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇلار مۇشۇ<<4 - تۈرمە>> گە يەتكۈزۈپ بېرىلدى .

ھامۇتنىڭ نېرى تەرىپىدىكى كامىرلاردا ياشلار تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن قاسىم ، قۇربان، رەخىم قاتارلىقلارنىڭمۇ يېتىۋاتقانلىقى بىلىندى .

لېكىن كەنجىنىڭ تەقدىرى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى . ھىلال ۋە باشقا ياشلار ئۇنىڭ ھەققىدە ئۇچۇر ئاڭلاشقا تەقەززا بولاتتى . << فاڭفېڭ >> پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ يولۋاس ئىسىملىك بىر مەھبۇس ، كەنجىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزدى .

يولۋاسمۇ << ئالتۇنچى يىگىتلەر >> قاتارىدىن ئىدى . ئۇ قورال بىلەن ئالتۇن تاغلىرىدىن قاچقاندا تۇتۇلۇپ قالغان ۋە يېقىنغىچىلىك كەنجى بىلەن << 2 " تۈرمە >> دە بىر كامىردا ياتقان .

ھىلال ئۇنىڭدىن كەنجى توغرىسىدىكى پاجىئەلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ قايغۇ " ھەسرەت ئىچىدە ياتاتتى . . .

3

ئۈرۈمچى تارىخىدا دەھشەتلىكتە ئاتىغى چىققان << 2 " تۈرمە >> - داشىمىن كوچىسىنىڭ غەربىدىكى خالتا كوچىدا بولۇپ ، ئۇ ، 4 " تۈرمىگە بىر يېرىم چاقىرىمچە كېلەتتى .

ئۇ شۇنچىلىك تار ، زەي ، سېسىق ، قاراڭغۇ ۋە شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدىكى ، كىتاپخانلىرىمىزغا ئۇنىڭ ئوقۇبەتلىرىنى قەلەم بىلەن تەسۋىرى "تەپسىلات قىلىپ ، تەل "تۆكۈس چۈشەندۈرۈپ كېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ، ئۇنى پىلانلىغان خەن سىساجاڭ ۋە ياساپ پۈتتۈرگەن شانىياز ئۇستاملارمۇ دەل ئۆزلىرى ياسىغان مۇشۇ تۈرمىدە ئۆلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە 72 خىل قىيناش ئۇسۇلى ئىشلىتىلەتتى . كەنجى ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى . قىيىن " قىستاقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ تاۋلاپ پولاتقا ئايلاندۇرۇپ باراتتى .

بىز بۇ يەردە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى تىرگاۋچىلارنىڭ رەسىمنى سىزىپ پاك سەھىپىمىزنى بۇلغاپ ئولتۇرمايمىز ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسىم كۆرۈنۈشلىرىنى قىستۇرۇپ كېتىمىز :

س : كۆكتاتلىقتا ئاخو شۆنى سەن ئاتتىڭمۇ ؟

ج : زامانقۇلنى مەن ئاتتىم .

س : نىمە بىلەن ؟

ج : << رېۋالۋېر >> بىلەن .

س : نىمە ئۈچۈن ؟

ج : مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قېنىنى ئىچكىنى ئۈچۈن .

س : گېنىرال جۇشاۋلياڭنى[18] ئاتماقچى بولغىنىڭ راستمۇ ؟

ج : راست .

س : << 12 " ئاپرىل >> [19] دا قوزغىلاڭ كۆتەرمەكچى بولغان پىلانىڭنى تاپشۇر؟

ج : . . . . .

س : ئايرودۇرومغا ئوت قويۇش پىلانىڭنى تاپشۇر ؟

ج : . . . .

س : قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغانلارنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇر ؟

ج : . . . . .

كەنجى ئۆزىگىلا تەئەللۇق مەسلىنى مەيلى ئۇ قانچىلىك خەۋپلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇرەكلىك ئۇستىگە ئالدى . لېكىن ، تەشكىلاتنىڭ پىلانى ۋە ئىسمىلىگى توغرىسىدىكى سوراققا باشتىن ¨ ئاخىر قاتتىق تۇردى . ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاۋابى :

- گېپىم شۇ ، گۆشۈمنى قورۇپ يېسەڭمۇ سۆزۈم شۇ ؛ تېنىمنى قىيما ¨چىيما قىلىشساڭمۇ دەيدىغىنىم شۇ ، - دەپ چىڭ تۇردى .

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ئالتە جاللاتلار كۆزلىرىگە قارا ئەينەك تاقىۋېلىپ ، قارا كىيىم بىلەن كىرىپ خاس سوراقخانىدا كەنجىگە ۋەھشىيانە تەدبىر يۇرگۈزدى :

<< جاۋاپكار >> يالىڭاچلاندى ، جاللاتلار مىخ قېقىلغان مەخسۇس توقماق بىلەن كەنجىنى ھارغىچە ئۇرۇپ ، پۈتۈن بەدەنلىرىنى قىپقىزىل قانغا بويىۋېتىشتى . ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى ھەرە كۆنىكىدەك تېشىلگەن ئىدى . ئاندىن ئۇلار لازا سۈيىدە ھۆللەنگەن داكا بىلەن كەنجىنىڭ قان چاچراپ تۇرۇۋاتقان ئۆتمە ¨ تۆشۈك تېنىنى تاڭدى . ئەتىسى داكىنى سويغاندا بىر قەۋەت تېرە بىلەن سويۇلۇپ ، << جاۋاپكار >> نىڭ بەدىنى قىپقىزىل گۆش ھالىتىدە قالاتتى . بۇنى << تېرىسىنى تەتۈر سويۇش دەپ ئاتايتتى .

مۇشۇنداق ئۈچ تەكراردىن كېيىن كەنجىنىڭ تېرىسى تامام سويۇلۇپ بولغان ئىدى . ئاخىرىدا ئۇنى ھۇشسىز ھالىتىدىلا يېرىك تۇزغا دومىلىتاتتى .

مانا مۇشۇ كۈنلەردە كەنجى بىر پاي ئوقنى بەكمۇ سېغىناتتى . ئەس ¨ ھوشىغا كەلگەندە زامانقۇلنى چالا ئېتىپ قويغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلاتتى ؛ << دوسلۇق خائىنى >> ئىسرايىلنى يادىغا كەلتۈرۈپ ئۆرتىنەتتى . ئۆز قولىنى چىشلەپ ئۇزەتتى . ئىسرايىلنىڭ كۆپ ھاللاردا كۆرەڭلەپ ئۆزىنى << غەيۇر >> قىلىپ كۆرستىپ ، ئەمدى يۇشۇرۇن ئادەم تۇتۇپ بەرگەن مۇناپىقلىقىغا ، رومكا ئەتراپىدىكى ئاجايىپ ئىغۋالىرىغا قانغا مىلەنگەن غەزەپ مۇشتۇملىرىنى قادىماقتا ئىدى .

بىراق ، ياشلىقتىكى سەۋەنلىك بىلەن ھايات دۇنياسىدىكى سېھرىگەرلىك بىرلىشىپ ھازىر ئۇنى ھالاكەت گىرۋىكىگە ئىتتىردى .

رامزان ئېپىنىڭ مەلۇم بىر كېچىسى ¨ تۈن نىسپىشەپتىن سەل ئۆتكەن چاغ ؛ تېرىسى تەتۈر سويۇلۇپ ئالىلقاچان ھوشسىزلاندۇرۇۋېتىلگەن بۇ يىگىت 2 ¨ تۈرمىنىڭ يەر ئاستى زىندانىغا سۆرەپ بېرىلدى ¨ دە ، تۈك جادۇسى بىلەن تۈغراپ تاشلاندى .

بۇ قانلىق قىسمەتكە قاتتىق غەزەپلەنگەن قازاق شائىرى تاڭجارىق تۈرمە تاملىرىنى تىترىتىپ تۆۋەندىكى قوشىقىنى ئوقۇدى :

قولغا ناگان ئالغانسەن ،

ئوقنى ئوبدان سالغانسەن .

ئاھ . . . ئۈچ ئاتماي نىمىشكە ،

يەكپاي ئېتىپ قالغانسەن ؟!

ئاڭلاپ تۇردۇم ئېلىشتىڭ ،

پالۋانلارچە چېلىشتىڭ .

ئەزمەتسەن - يىگىتسەن ،

تىز پۈكمەستىن سىلىشتىڭ .

ئاناڭ تۇققان ئەر سىنى ،

ئېلىڭ باتۇر دەر سىنى .

يۇمشاق بولۇپ بەرسەڭمۇ ،

بۆرى ھامان يەر سىنى ! . . .

ئىنسانى قېلىپتىن چىققان رەھىمسىز ئازاپ ¨ ئوقۇبەتلەرگە قارشى قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان بەزى مەھبۇسلار زىندان تاملىرىغا يەنە تۆۋەندىكىدەك يۈرەك خىتاپلىرىنى قان بىلەن يېزىپ كەتكەن ئىدى :

لەختە قان ¨ كۆكسۈمدە داغ ،

ھەر كۈن زۇلۇم ، ئۈستۈمدە تاغ .

ياشلىق زەبۇن ¨ خازان بۇچاغ ،

گۈلخان قىلىپ كۆيدۈردى ياغ .

بىلمىدىم شۇ كەمگىچە ، كۈن چىقتىمۇ ، كۈن پاتتىمۇ ؟

ياكى زىنداندا قاراڭغۇ كۆز - نۇرۇم يوقاتتىمۇ ؟

قانچە يىل بوپتۇ ماڭا ئۆشبۇ دوزاختا ياتقىلى ،

بىلمىدىم مۇنكىر ، نىكىر شۇنداق جازانى قاتتىمۇ ؟

شاڭ شىسەينىڭ دەۋرىدە ، باش ئەگدۈردى ئالتىغا (20) .

كاللا كېسىپ ، زەر يېغىپ ، سىلىپ ماڭدى خالتىغا ؛

ۋۇجۇڭشىن كېلىش بىلەن ئالتە بولدى ئون ئىككى (21) ،

ساپ تالىدى ھجىيىپ قولىدىكى پالتىغا . . .

## ئۈچىنچى قىسىم

## يىگىرمە ئالتىنچى باپ

بىز ئەمدى ئىرپاننىڭ كېيىنكى تەقدىرى توغرىسىدىكى سەھىپىمىزگە قايتىپ كېلىمىز :

زامانقۇل كۆكتاتلىقتا چالا ئۆلۈك بولۇپ يېتىپ قالغان ھېلىقى ئاخشىمى ئىرپان دەككە ، دۈككە ئىچىدە ئۇدۇل سوپى چەندازا قوراسىغا قايتىپ كەلگەن ئىدى . ھازىر ئۇنىڭ روھى دۇنياسىدا غەزەپ ۋە بىئاراملىق ھۆكۈم سۈرەتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى غەيرى نورمال سالاتتى

ئۇ قورا ئىچىگە كىرگەن پېتى سوپى چەندازا ياتىدىغان ئۆينىڭ دەرىزىسى يېنىغا كېلىپ تىكشاپ باقتى . بىراق ، سوپاخۇن تېخى ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەن ئىدى .

ئىرپان دەرىزە تۈۋىدىن بۇرۇلۇپ ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ، دە ، ئىشىگىنى مەھكەم ئەتتى . ئاندىن ھېلىقى << تۇخۇمچى ئايال >> چە كىيىم ، كېچىگىنى چاقىلان يەڭگۈشلىدى ۋە كارۋاتقا ئۈستىدە ئولتۇرغان پېتى مۇرەككەپ خىياللار ئىلكىگە ئەسىر بولۇشقا باشلىدى :

<< ئامەت قۇشى قاچقاندا تەلەي قۇشى يار بولماس . دالۋاي ئاتا كارقىلماس . . .>> ، دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ .

ئىرپاننىڭ ئۇزۇن ۋە گىدىرماچ خىياللىرىنىڭ خۇلاسە مېغىزى ئەنە شۇ ئىدى .

دىمىسىمۇ ، بۇ ئاخشامدىكى ئوڭۇشسىزلىق كۈتۈلمىگەن دىشۋالىقلارغا هامىلدار ئىكەنلىگى ناهايىتى ئېنىق ئىدى . هەر قانداق پالۋاننىڭمۇ غەزەپتىن بۇ پۇشايماندىن تېنى سىقىرماي مۇمكىن ئەمەستى ¨ دە ! ئۇ تولغىناتتى . گاھ كارۋىتىدىن چۈشۈپ ، هوجرا ئىچىدە ئۇيان ¨ بۇيان ماڭاتتى . دەل شۇنداق بىر پەيتتە سىرتتىن قايتىپ كەلگەن سوپى چەندازا هوجرا ئىشىگىنى قاقتى . ئاۋازىدىن تونۇۋالغان ئىرپان دەررۇ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى .

- هوي ، نىمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ، هېلىمۇ سىز بار ئىكەنسىز ! ئېسى ¨ يادىم سىز بىلەن بولۇپ ، ئەنسىرەپ هالىم قالمىدى .

سوپاخۇن هوجرىغا كىرە ¨ كىرمەيلا ئاشۇ سۆزلەرنى قىلغىنىچە كېلىپ ، ئىرپان بىلەن كارۋات ئۈستىدە ياندىشىپ ئولتۇردى . شۇ تاپتا هەر ئىككىسىنىڭمۇ تىنىقى خۇددى دۆلىگەن زىققى كىشىدەك ئىگىز ¨ پەس ئىدى . سوپى چەندازا بىر ئازدىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇردى :

- بۈگۈن ئاخشام يۈز بەرگەن پاتىپاراقچىلىقتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ، ئۇكا ؟

ئىرپان بىلمەسكە سېلىپ جاۋاپ بەردى .

- مۇنداق دەڭ ، سىز تېخى بىخارامان يۈرۈۋېتىپسىز ¨ دە ؟

سوپى چەندازا ئاندىن ئاڭلىغانلىرىنى بىر باشتىن سۆزلەپ ، ئاخىرىدا يەنە :

- ئۇكام سىزنى مەن بىرنەچچە كۈن يوشۇرۇپ قوياي . ئۇنداق بولمىسا بۇ چايانلار گۇمان قىلغانلىكى ئادەمنى تىرىك قويمايدىغاندەك تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان ، - دىدى .

ئىرپان ئەھۋالنى مۆلچەرلىدى ، هەر ئېهتىماللىنىڭ يۈز بېرىشىگە كۆزى يەتتى ¨ دە ، غەمخورچى ئاكىسىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ :

- رەھمەت تاغا ، مېنىڭ ئاتامۇ ، ئانامۇ سىلە . مەن سىلىدىن ئۆمۈرۋايەت رازى . هازىر ئەھۋال ئۆزلىرى دىگەندەك ، بىزدەك يىگىتلەر ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك . بىراق ، << غايىسىز كىشى بىچارە بولغىنىدەك ، ئەتە نىمە قىلىشنى

بىلمەيدىغان كىشىمۇ بىچارىدۇر >> . مەن ھەممەت ئاسمىندا پەرۋاز قىلىشنى خالايمەن . مېنى يۇشۇرۇپ قويۇشتىن كۆرە ، ئەتىكى جۇرئەتلىك قەدەممگە يار ¨ يۆلەك بولۇشلىرىنى ئۆتۈنىمەن ، - دېدى .

سەزگۈر سوپاخۇن بۇ مۇددىئانى دەرھال چۈشەندى ۋە ئىرپاننىڭ رايىغا ماقۇل بولۇپ ، ئۇنى << يوشۇرۇپ قويۇش >> تىن يېنىپ ، يوشۇرۇن يولغا سېلىۋېتىش قارارىغا كەلدى . ئىككىيلەن جىددى ھازىرلىق كۆردى . سوپى چەندازا بوز ھاڭگىسىنى توقۇپ تەييارلىدى . ئىرپان ھېلىقى << تۇخۇمچى ئايال >> كىيىمنى قايتىدىن كىيىپ جابدۇندى . سوپى چەندازا ئۇنىڭغا 20 سەر كۆمۈش پۇل يوللۇق تۇتتى .

ۋاقىت تۈن ھەسسىدىن ئاشقان ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چاغ ئىدى . ئىرپان بوز يورغىغا مىندى ¨ دە ، قەدىرىدان تاغىسى بىلەن خوشلاشتى .

جەنۇبىي ئۆلانباي تەرەپتىن سوقۇۋاتقان سوغۇق شامال يول بويلىرىدىكى ئەمدىلەتىن كۆكرىشكە باشلىغان تال ¨ تېرەك ۋە قارىياغاچلارنى يىنىك تەۋرىتىشتىن ئاڭلانغان ئاۋازلار بوز يورغىنىڭ ئاياق ئۇنلىرىگە قوشۇلۇپ ، تەبىئەت مۇزىكىسىنىڭ قوش سادالىق مېلودىيىسىنى ھاسىل قىلاتتى .

ئىرپان ئېشەكنى دېۋېتىپ مېڭىشنى تېزلەتەتتى . ئۇ تاڭ سۈزۈلگىچە جەنۇبىي ئۆلانباينىڭ بوران يولى دائىرىسىدىن ئۆتۈپ ، نەنسەن تاغلىرىغا تۇتىشىدىغان چۆللۈككە يېتىۋالدى . بۇ يەردىكى باياۋان ¨ دەشتلەر ئۇنىڭغا ئوبدان تونۇشلۇق ئىدى . ئۇ كونا ئۆستەڭ ئىزىدىن ئۆتۈۋاتقاندا ، شېغىل دۆۋىلىرى ئاستىغا كۆمۈۋېتىلگەن سان ¨ ساناقسىز << ئالتۇنچى >> قېرىنداشلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى يادىغا يېتىپ ، ئىچى سىيرىلەتتى ۋە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالاتتى .

ئىرپان شۇ كۈنىسى نامازدىگەر ۋاقتىدا نەنسەن بىلەن داۋانچىڭ تاغ تىزمىلىرى تۇتىشىدىغان << كۆكتال >> ئېغىزىغا بېرىۋالدى ۋە جىلغا ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ ، يۈرگىمۇ سەل ¨ پەل سەگگەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئايالچە گىرىم قىلىپ كىيىۋالغان كىيىم - كېچەكلىرىنى خۇرجۇنغا جايلىدى ¨ دە ، يولغا بەخۇدۇك راۋان بولۇۋەردى .

ئىككى ياقىسى ياپيېشىل قارىغايزارلىق بۇ جىلغا يولى خۇددى ئۈچەيدەك ئەگرى ¨ بۈگرى سوزۇلغان بولۇپ تاكى ئېۋىرغول ¨ كوجەي ئېدىرلىغىچە تۇتىشاتتى . ئەتراپتىكى ئېدىرلاردا ئاندا ¨ ساندا ئاق ئۆيلەر كۆرۈنەتتى .

ئىرپان ¨ مىنۋا[22] لىق ماھارىتى بىلەن 1945 ¨ يىلى ئىيۇننىڭ ئوتتۇرلىرىدا ، مۇۋەپپىقىيەتلىك

هالدا قارا شەھەرگە يېتىپ باردى ، لېكىن ئۇ ، كېلىپلا بۇ يەردىكى ۋەزىيەتنىڭ يامانلىقىنى بايقىدى ، قارا شەھەر جىددى هالەتتە ئىدى . ئىلغار زىيالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈرمىگە ئېلىنغان . مەھەللە كوچىلارنى گەيجاك " بوجاڭلار ئارقىلىق كۆچلۈك تەقىپ ئاستىغا ئېلىشقان . ياقا يۇرتلاردىن يېڭى ياچى كەلگەن كىشىلەر سېزىلگەن هامان چېقىمچىلار ساقچىغا مەلۇم قىلىپ ، شۇئان تۇتۇپ كېتەتتى . ئىرپان ئاز - تولا ئۇزۇق جايلىشۋالغاندىن كېيىن ، كەچقۇرۇنلىقى غىپپىدە تىكىۋەتتى .

قارا شەھەر دەرۋازىسىدىن خۇپپيانە ئۆتۈۋالغان ئىرپان جەنۇپ تەرەپتىكى قۇمۇشلۇق ئارىسىدا پانا جاي تاپتى ۋە خېلى كۆنلەرگىچە شۇ يەرنى << ماكان >> قىلدى ، لېكىن يەنىلا خاتىرجەم بولالماي ، ئاقىۋەت كورلا تاغلىرى ئىچىگە كىرىپ كېتىش قارارىغا كەلدى .

قارا شەھەر دەرياسىنىڭ جەنۇبى بىلەن كورلا ئارىلىغىدا " شىمال تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرى تېغىدىن ئايرىلىپ چىققان . نۇرغۇن پاكار تاغ تىزمىلىرى سوزۇلۇپ تۇرىدۇ . بۇ پارچە " پارچە ئېدىرلىقلار ئىچىدە كىچىك " كىچىك ئويمانلىقلار كۆزگە تاشلىنىدۇ . ئويمانلىقلارنىڭ ئىچى ۋە يانباغىرلىرى يايلاق چىمەنلىرى بىلەن چۆمكەلگەن . چىمەنلىكلەر ئارىسىدا چارۋا پادىلىرى ئوتلاپ يۈرۈشىدۇ .

ئىرپان بوز يورغىسىنى گاھ مىنىۋېلىپ ، گاھ يېتىلەپ ، ئېدىر ئارىلاپ باراتتى . ئۇنىڭغا كۆندۈزلىرى ئاھۇ . كېچىلىرى يۇلتۇز ھەمرا بولاتتى .

تەبىئەتنىڭ بۇ يەردىكى پىنھان قوينىدا ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلى خاتىرجەم ھېس قىلالاتتى . << تۆگمەندە تۇغۇلغان چاشقان گۆلدۈرمامدىن قورقمايدۇ >> دىگەندەك ئۇ ، هازىر يۈرەكزادىلىكتىن خالى ئىدى .

بىر كۈنى " دەل چۈش مەزگىلىدە ئىرپانغا بىر پادىچى ئۇچرىشىپ قالدى . پادىچى ياش يىگىت ئىدى . ئۇ كېلىپ سالام بەردى :

- ئەسسالام ئاكا ، مەن ئاۋۇ ئېدىرلىقتا كالا بېقىۋاتاتتىم . بىر كالام يوقاپ كەتتى . كۆزىڭىزگە چېلىقىقاندەكمۇ ؟

پادىچى ئەمدىلا لەرنىڭ قارىسىنى ئالغان ، زىلۋا بوي ، ئۇزۇنچاق يۈز ، بېشىغا چېكىت گۈللۈك بۆك كىيىۋالغان ساددا ئوغۇل ئىدى .

- ئاۋۇ دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىكى ئۆستەڭ بويىدا بىر كالا ئوتلاپ يۈرىدۇ ، - دېدى ئىرپان ، ئۇڭ قولى بىلەن شۇ ياقنى كۆرسىتىپ .

پادىچى خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە هايال ئۆتمەي كالىسىنى يېيىپ يەنە كەلدى .

ئىككىيلەن چىمەنلىكتە يانمۇ ‥ يان ئولتۇرۇپ مۇڭدىششقا باشلىدى :

- ئاكا ، نەدىن كېلىپ ، نەگە كېتىۋاتىسىز ؟ - سورىدى پادىچى .

- يىراقتىن كېلىۋاتىمەن . كورلىغا كېتىۋاتىمەن ، - جاۋاب بەردى ئىرپان .

پادىچىنىڭ قۇرغۇي كۆزلىرى ئىرپاننىڭ خۇرجۇنىدىن دەستىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان راۋاپقا چۈشتى ‥ دە ، يەنە قىزىقىپ :

- راۋاپ چېلىشنىمۇ بىلىدىكەنسىز ‥ دە ، ئاكا ؟ - دەپ سورىدى .

- ئانچە ‥ مۇنچە . . .

ئىرپان دەرھال راۋاپنى ئالدى ‥ دە ، ھەۋەسكار پىدىچىنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن چىمەنلىكلەر ئارا يۈرەك ئارمانىنى ئىزھار قىلىپ ، مۇھەببەت مەرغۇلىنى ئەۋجىگە كۆتەردى :

باھارغا ئىنتىزار قۇشتەك ،

ئۇچارمەن چۆل ، ئېدىر تاغدا ؛

يېتەلمەي ۋەسلىگە يارنىڭ ،

يۈرەرمەن ھەر قاچان داغدا .

جاپا دەشتىدە ساز يارىم ،

يېتەر ئەرشىگە مۇڭ ‥ زارىم ؛

مۇھەببەت كۈيى مۇڭ ئەسرارىم ،

ئېچىلماي سولدى گۈل ‥ باغدا .

يۈرەكنى ئۆرتىدى ھىجران ،

بولۇپ يار ئىشقىدا نىمقان ؛

تۇمەن ھەسرەت يۇتەر ئىرپان ،

پىراقىم ئۆرلىگەن چاغدا .

ئىرپاننىڭ ناخشا - ناۋاسى بىلەن ئىشقى ¨ پىغانى پەللىمۇ پەللە ئەۋجىگە كۆتىرىلەتتى . ئارمان سادالىرى تەبىئەت قوينىغا گويا خۇشبۇي ئەتىر چېچىۋاتقاندەك تۆيۈلاتتى . زەخمەكتىن ياڭرىغان مۇھەببەت كۈيلىرى ئەرشكە ئۇچاتتى . ئېدىرلىقتىكى مەستانە قۇشلارمۇ گويا ئىرپانغا جۆر بولۇپ ئۇن قوشۇۋاتقاندەك ۋىچىرلىشاتتى . مۇزىكا ۋە ناخشا تەرەننۇمىدىن پادىچى بالىنىڭ يۈرەك باغرى يايراپ باراتتى .

- ئاكا ، - دېدى پادىچى ، ناخشا توختاش بىلەنلا ئىرپانغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ ، - مېنىڭ ئۆيۈم مۇشۇ يەرگە يېقىن - << تاغ سارىخان >> دېگەن يەردە . يۈرۈڭ بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى ! بىرلا ئانام بار . هال ¨ كۈنىمىز يامان ئەمەس . سىزنى بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ يولغا سېلىپ قويغىچىلىكىمىز بار .

بالىنىڭ كۆڭلى خۇددى تەبىئەتتەك ساپ ۋە غەيرى غەرەزلەردىن خالى ئىدى . ئىرپان ئۇنىڭ سەممىي تەكلىپىگە ئىشەندى ۋە تارتىنشمايلا ماقۇل بولۇپ ، پادىنى بىللە هەيدىشىپ << تاغ سارىخان >> غا ماڭدى .

باش ئەگىم يېنىدىكى مەشهۇر << قالغا مازىرى >> نىڭ شەرقى جەنۇبى ۋە كورلىنىڭ شەرقى شىمال تەرىپىگە بىرنەچچە چاقىرىم كېلىدىغان تاغ ئېدىرلىغى تارىختا << تاغ سارىخان >> دەپ ئاتىلىپ كەلگەن . بۇ يەردىكى ساپ هاۋالىق تەبىئەت ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر ئۇچۇن سەيلىگاھ ۋە << تاۋا بۇلقۇدۇس >> بولۇپ هېساپلىناتتى . ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدە پاكار تاغ تىزمىلىرى مەردىيان سىزىق بويلاپ سوزۇلغان . غەربىدە باغراش كۆلىدىن ئېقىپ چىقىدىغان باشئەگىمنىڭ مەرۋايىت سۈيى ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇراتتى . تاغ بىلەن دەريا ئوتتۇرىسى بولسا ئالتۇندەك مۇنبەت زىمىن . ئىشچان بىلەكلەر بۇ ئالتۇن تۇپراقتا گۈزەل باغۇ ¨ بوستانلىقنى بەرپا قىلغان ، شىرىن مېۋىلىك باغلار ، ئۈجمىزارلىقلار ، ياپيېشىل تالزارلىقلار هەمدە خۇشپۇراق چېچەپ تۇرىدىغان تۇتاش چىمەنزارلىقلار كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى .

ئىرپاننى ساهىپخان موماي ئۆزىنىڭ ئاززۇلۇق ئوغلىدەك كۈتۈۋالدى ¨ دە ، خۇشاللىقىدا پۇت ¨ قولى تېگىشمەيلا قالدى . مېهماندوست بۇ ئۆيدە بىرنەچچە كۈن ئۇبدان ئارام ئالغان ئىرپان ئارلاپ مومايىنى گەپكە ۋە هېكايىگە سالاتتى . ئۇنىڭدىن << تاغ سارىخان >> نىڭ تەزكىرىسىنى سورايتتى . ئەمما موماي بۇ ئاجايىپ سوئاللارنىڭ هۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقانلىقىنى هېس قىلاتتى ¨ دە بەزىدە پەلە ¨ پەتىش جاۋاپلارنى بېرىپ قويىسىمۇ ، كۆپ هاللاردا كۈلۈپلا ئۆتكۈزىۋېتەتتى . ئۇ ساددا ، ئاق كۆڭۈل ، ئوڭلۇق ئايال ئىدى .

بىر كۈنى ئەتىگەندە بۇ ئۆيگە مويسىپىت كىشى كىرىپ كەلدى . چايدىن كېيىن موماي ئىرپانغا :

- بالام ، ئەمدى سوئالىڭنى مۇشۇ كىشىدىن سورا ، سەن بىلمەكچى بولغان ئىشلارنىڭ ئاچقۇچى ¨ مانا مۇشۇ ئۆلىما تاغاڭنىڭ قولىدا ، دېدى .

پېشۋا زات لاردىن ئاشقان ، بېشىغا چاققانغىنا سەللە ئورىۋالغان ، كەكە ساقىلى چارلاشقان ، ئېگىز بوي ، كىچىك پېئىل ، ئوچۇق مىجەز كىشى ئىدى . بۇ زات ئادىتى بويىچە بۇ يىلمۇ << تاغ سارىخان سەيلىسى >> گە كەلگەن مۇئەررىخ مەرۇپ ھىجرانى دىگەن ئىكەن .

ھىجرانى ئىرپاننىڭ ھەربىر سوئالىغا ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن جاۋاپ بېرەتتى :

- تاغ سارىخان تەركىزىسى ، - دىدى مەرۇپ ھىجرانى قىزغىن ھېكايە قىلىپ ، - مەشھۇر مۇھەببەت قۇربانلىرى << لالە - قۇربان >> ۋەقەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . 1850 ¨ يىللىرى چىك سۇلالىسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ¨ كۇلپەتلىرىگە تاقەت قىلالمىغان كۇچار دىخانلىرى ئامبال ئورچىك ئۇستىدىن ئىلى جاڭجۇڭىگە ئەرز ئېيتىش ئۇچۇن مەمتىلى قاتارلىق ۋەكىللىرىنى تەلەمەت داۋنى ئارقىلىق غۇلجىغا مەخپى ئەۋەتىدۇ . بۇ ئەرز شكايەتلەر بىداتلىق ھالدا قىلىۋىرىدۇ . خەلق ئۇستىدىكى ئالۋاڭ ¨ ياساق ھەددىدىن ئېشىپ ، دىخانلارنىڭ ئۇۋە دىگۇچىلىگى قالمايدۇ . بولۇپمۇ << قۇشقاچ ئالۋىڭى >> (23) ۋە ئۇگەن دەريا (24)ھاشىرى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغايدۇ .

- << ئۇگەن دەريا ھاشىرى >> ، - دىدى مەرۇپ ھىجرانى تېخىمۇ غەزەپلىنىپ ، - سانسىزلىغان دىخانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئىدى . ھاشاچى دىخانلارنىڭ شۇ كۇنلەردە ئوقۇغان قوشاقلىرى زۇلۇم ¨ كۇلپەتنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىگىدىن دېرەك بېرىدۇ :

سۇ ئورنىدا قان ئاقتى ،

ئەزىم دەريا ئۇگەندە ؛

پۇت ¨ قولىمىز چۇشەكلىك ،

بېشىمىزمۇ يۇگەندە .

قېنىمىزنى شورايدۇ ،

ئورچىك دىگەن نەس ئامبال ؛

بەگلەر تاۋاڭ ¨ دۇردۇڭدا ،

بىزدە قالمىدى تامبال . . .

مۇئەررىخ ھىجرانى قوشاقنى ھېسسىياتلىق ئوقۇيتتى . ئۇ غەزەپلىك ھاياجىنىنى باسالماي توختاپ ئېغىر نەپەس ئالدى . موماي ئۇنىڭ ئالدىغا كۆك ھېجىردا سوغاق سۇ كەلتۈردى . ھىجرانى سۇنى ئىچىپ بولۇپ ، ھېكايىسىنى يەنە قىزغىن داۋاملاشتۇردى :

- ئامبال ئورچىك زەھەرلىك پىلان قۇرۇپ مەمتىلى قاتارلىقلاردىن ئۈچ ئېلىش كويىدا بولۇپ يۈردى . ئامبالنىڭ ھىيلىسىنى سەزگەن مەمتىلى ئۆزىنى قوغداشقا جىددى تەييارلاندى . ئامبال بۇنى بىلىپ قاتتىق قەھرلەندى ¨ دە ، مەمتىلىنىڭ كۆچىرىقتىكى قوراسىنى مۇسادىرە قىلىش ۋە قىزى لالەنى ياموۇلغا قاماشقا بۇيرۇق چۈشۈردى . بۇنى لالە ئاڭلاپ ئۆز ئامرىقى قۇربان بىلەن كېچىسى كۆچارنىڭ شىمالىدىكى <<ھاسا ئاتام>> مازىرىغا قېچىپ كەتتى ۋە تىيانشاننىڭ << لالە كۆلى >> ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ يۈردى . ئورچىك ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن چېرىك ئەۋەتكەندە بۇ ئىككى قەھرىمان ئاشىق ¨ مەشۇقلار مۇشۇ كورلىغا قېچىپ كېلىۋالغان ئىدى ، - ئەنە شۇ چاغدا ، - كورلىلىق پالۋان ئىسلام مەھەممەتخان بۇ ئىككى ۋاپادار ئاشىقلارنى ئۆزىنىڭ يولدىشى سارىخان ئارقىلىق مۇشۇ ئېدىرلىققا يوشۇرۇپ ساقلىغان ۋە باشپاناھ بولغان ئىدى . ئىسلام مەھەممەتخان ۋە بايلىق ئەيسا گۇمبەز قاتارلىق باتۇرلار مەمتىلىنىڭ جانجىگەر بۇرادەرلىرىدىن ئىدى . ئەيسا گۇمبەز بايدا ، مەمتىلى باشلىق دىخانلار ئۇگەن دەرياسى بويىدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خەۋەر كورلىغا ئاڭلانغان ھامان لالە بىلەن قۇربان كورلىدىن كۆچارغا ئاتلىنىپ كۆرەش سېپىغا قوشۇلغان ۋە مەيداندا مەرتلەرچە قۇربان بولغان .

مۇئەررىخ مەرۇپ ھىجرانى سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر پەس دېمىنى ئېلىۋالدى . ئىرپان ئۇنىڭ كۆزىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرەتتى . ئۇ سۆزىنى يەنە باشلىدى :

- 1860 ¨ يىللارنىڭ تازا تومۇز كۈنلىرىدە ، - دېدى ھىجرانى ، - كۆچار قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرىدە كورلىلىق پالۋان ئىسلام مەھەممەتخان باشچىلىقىدىكى كورلا ، لوپنۇر خەلقى رەسمىي قوزغىلاڭ كۆتەردى ③ ۋە كۆچار قوزغىلىڭى بىلەن بىرلەشكەن زور كۈچ بولۇپ ئۇلغايدى . تەگرى تېغىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى خان لەشكەرلىرى تۈشمۇ ¨ تۈشتا يېڭىلىپ ، قارا شەھەرگە كېلىپ توپلانغان ئىدى . قوزغىلاڭچى دىخانلار يەر ¨ جاھاننى تىترەتكەن قالتىس ھەيۋەت بىلەن قارا شەھەر دەرياسى بويىغا قىستاپ كەلدى .

قارا شەھەر دەرياسىنىڭ سۈيى دولقۇنلاپ ئاقاتتى ، يۈلتۈز ۋە بايىنبۇلاق جىلغىلىرىدىن قوشۇلغان چوڭ سەل دەريا سۈيىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇلغايتىۋەتكەن ئىدى . خان لەشكەرلىرى قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توساپ قويۇش ئۈچۈن دەريا كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلىدى ، رىست دىگەندەك ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ يولى ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى .

- لېكىن ، - دەۋ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەرۇپ تاغا ، - مۇشۇ بىز تۇرۇۋاتقان جايدا ئېچىلغان جىددى ۋە مەخپى يىغىندا كورلىلىق پالۋان ۋە پاراسەتلىك ئىسلام مەھەممەتخان ئۆزىنىڭ جەڭ پىلانىنى ئوتتۇرغا قويىدى . ئۇنىڭ پىلانى

قوزغىلاڭچى باشلىقلار تەرىپىدىن بىردەك قوبۇل قىلىندى . مۇشۇ پىلان بويىچە قوزغىلاڭچىلار خان لەشكەرلىرىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ ، باغراش كۆلىنىڭ جەنۇپ تەرىپى بىلەن ئايلىنىپ كۆمۈشنىڭ سېپىغا يېقىنلاشتى . قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاتلىرى سۆرەپ ماڭغان شاخ " شۇمبا توزۇتقان چاڭ " توزانلار ئالەمنى قاپلاپ ھەيۋەتلىك بىر تۇس پەيدا قىلدى . خان لەشكەرلىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنماقتا ئىدى . ئۇلار شەھەرنى تاشلاپ كۆمۈشكە چېكىنگەندە قوزغىلاڭچىلارنىڭ زەپەر مارشى كۆككە ياڭرىدى . ئۇن مىڭدىن ئارتۇق خان لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكى سايدا قالدى .

مانا مۇشۇ شانلىق جەڭدە قۇربان بولغان يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى باش ئەگمىدىكى << قالغا مازىرى >> دا قويۇلغان ؛ ئىسلام مەھەممەتخاننىڭ خوتۇنى سارىخان بىلەن ئارزۇلۇق ئوغلى شىرئەلىخاننىڭ جەسىدى مانا مۇشۇ تاغ باغرىغا قويۇلغان . شۇندىن باشلاپ بۇ جاي - << تاغ سارىخان >> دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە . . .

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا ئىرپان يۈرىگىدىن ئۇرغىغان ھاياجىنىنى باسالماي قالغان ئىدى . ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى " دە بۇ تارىخچى ئاتىغا چەكسىز ئۆرمەت ۋە ئېھترام بىلدۈردى .

تارىخچى ئاتا خوشلىشىپ ماڭدى ، لېكىن ئىرپاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان كۈچلۈك ھېسسىي ھارارەت لاۋۇلدىماقتا ؛ ئۇنىڭ يۈرەك تومۇرىدا ۋىجدان غورۇرى بىلەن قىزىغان قانلار ئىسيان قوزغىماقتا ؛ ئۇنىڭ تەپەككۇرىدە << لالە " قۇربان >> داستانىنىڭ جەڭگىۋار سەھىپىسى نامايەن بولماقتا ئىدى .

تال باراڭلىغىنىڭ شادىلىرىغا قونۇۋېلىپ ۋىچىرلاشقان قالغاچلارنىڭ ئاۋازلىرى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ تاشلىغان چاغدا كەچ پېشىن بولغان ئىدى . ئۇ ، موماينىڭ تال باراڭلىغىدىن ئاستا تالاغا چىقتى " دە ، تاغ باغرىنى سەيلە قىلدى .

باغراش تەرەپتىن كېلىۋاتقان غۇر " غۇر شاماللار ئۇنىڭ ئوتلۇق مەڭزىنى يېقىملىق سۆيۈپ ئۆتەتتى . ئېدىرلىقنىڭ يان باغىرلىرىدا ھۆپپىدە ئېچىلغان خۇشبۇي گۈللەر گويا ئۇنىڭغا ئەركىلىگەندەك لەرزان تەۋرىنەتتى . گۈللەرنىڭ خۇشپۇراقلىرى كۆڭۈلنى ھوزۇرلاندۇراتتى . جىرالاردا ئۆسكەن يۇلغۇن ۋە ئازغانلار ئارىسىدا جاغالمان ، غورۇلاي ۋە تاغ قۇشقاچلىرى جۈپلىرى بىلەن قوغلىشىپ ھەريان ئۇچۇشماقتا ئىدى .

كۈن پېتىش تەرەپتىكى ئاق تاغ " خوتۇن قورو (25) ۋە خان قورو تاغ تىزمىلىرى ئۈستىدە سۈزۈك ئاسمان

خۇددى تىنچ دېڭىزدەك يالتىرايتتى . ئاسمان قەرىنى بويلىغان بىرقانچە سار قاناتلىرىنى سوزۇپ ، گويا قارا قەغەزدىن ياسالغان لەگلەكتەك چەمبەرسىمان چۆگىلەيتتى .

ئىرپان نامازدىگەر بولغان مەھەلدە >> تاغ سارىخان >> دىكى سەيلىسىنى ئاياقلاشتۇرۇپ ، مومايىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلدى ¨ دە بۇ يەردە ياتقان بىرقانچە توغراق ياغىچىنىڭ يېنىدىن كۆكلەپ چىقىرىۋاتقان ياش نوتىلىرىغا ئۆزۈندىن ¨ ئۆزۈنغىچە قاراپ قالدى .

بۇ توغراقلارنىڭ ئالتۇن تۇپراق باغرىدىن ئوزۇق ۋە كۈچ ئېلىپ نەسىل يېتىشتۈرۈۋاتقانلىقى ئىرپان ئۈچۈن ئۈمىد بېغىشلىغان ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ ، ئۈمىد دەرياسىدا ئۈرغۈغاندەك شىرىن ھېسسىياتقا چۆمدى ¨ دە ، گۈگۈم چۈشۈش بىلەن تەڭ تاغ سارىخاندىن ئايرىلىپ ، >> لالە ¨ قۇربان >> ئىزىدىن كۆچار تامان يۈرۈپ كەتتى .

## يىگىرمە يەتتىنچى باپ

>> ياشاش ئۈچۈن كۈرەش >>

- ل . مۇتەللىپ

1

ئىرپان ۋاپادار بوز يورغىسىغا مىنىپ ، >> تاغ سارىخان >> دىن ئايرىلغان چاغدا ، قۇياشغەربى تەرەپتىكى >> جەينەك چوققا >> كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ، زېمىن يۈزىگە زاۋال كۆلەڭگىسى پەردە يېيىشقا باشلىغان چاغ ئىدى .

ئۇ يول بويى پات ¨ پاتلا مۇئەررىخ مەرۇپ ھىجراننىڭ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالاتتى ¨ دە ، يۈرىگى ياناتتى . ئۇ ، >> لالە ¨ قۇربان >> ئىزى بىلەن سۆيگۈ ۋادىسىنى كېزىپ ، ماڭغانسېرى غەزەپ ¨قەھرى ئېشىپ ۋىجدانى قايناپ تاشاتتى .

خار ¨ زارلىق ۋە ھاقارەت ۋىجداننىڭ ئېچىتمىسى ، دەيتتى ئۇ ، كېتىۋېتىپ ئۆز ¨ ئۆزىگە پىچىرلاپ .

بۇ تۈيغۇنى ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ رەھىمسىز زەربىسى ئۆگەتتى . ھايات ئۇنى پەرھات كەبى تاغ ¨ جەزىرىلەرگە ئىتتىرىپ تاشلىدى . ئىرپان تەگرى تېغىنىڭ كۆنگەي باغرىنى بويلاپ غەرىپ تامان ئىلگىرلەپ باراتتى . بۇ ، ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى .

ئىرپان ئايقۇمۇش ۋە موللاقچى جىلغىلىرىدىن ئۆتۈپ ، كۇچارنىڭ شىمالىدىكى >> زادۋال تاغلىرى >> قاپتىلىغا يېقىنلىشىپ قالدى . بۇ چاغدا قاندداقتۇر يوشۇرۇن بىر كۈچ ئۇنى >> توختىماي ماڭ ! >> دىگەندەك ھېچ ئارام بەرمەيتتى . بۇچاغدا ئۇنىڭغا >> ئوقۇر بۇلاق >> تەرەپتىن كەلگەن بىر ئىشەكچى ئۇچراشتى . ئىرپان سالام بەردى ۋە يول سورىدى .

ئىشەكچى گويا بىر نىمىدىن تەشۋىشلەنگەندەك ئەتراپىغا قارىۋىلىپ ، جىددى جاۋاپ بەردى :

بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز ، ئۇكام ؟ تېزرەك كىتىۋىلىڭ ، ئاۋۇ قاغا ¨ قۇزغۇنلارنى كۆرمەيۋاتامسىزا ؟

ئىشەكچى ئۇڭ قولى بىلەن نېرىراقتىكى بىر پوتەي ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان قاغا ¨ قۇزغۇنلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

- ئۆلۈشكۈندىن تارتىپ تۈنۈگۈن ئاخشامغىچە بۇ يەرلەردە ئىلى پارتىزانلىرى بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى . گومىنداڭ نۇرغۇن ئۆلۈكلىرىنى تاشلاپ شەھەرگە قاشتى . پارتىزانلار تاغ يولى بىلەن بايىنىڭ قىيىر (26) دېگەن يېرىگە ئۆتۈپ كەتتى . جەڭ بولۇۋاتقاندا مەن تاغ كامىرىغا مۆكۈۋېلىپ ئاران بالادا قۇتۇلۇپ قالدىم . ئەمدى مېنى گەپكە تۇتماي ، تېز كىتىۋىلىڭ ؛ خوش مەنمۇ كەتتىم ، - دىدى .

ئىشەكچى سۆزىنى چوس ئۈزۈپ ، بوگۇر تامان ماڭدى .

ئېرپان ئىشەكنى چاپتۇرۇپ ياندىشىپ باردى ¨ دە ، ئۇنىڭدىن يەنە :

- ئاكا ، قىيىرگە قايسى يول بىلەن ماڭغىلى بولىدۇ ؟ - دەپ سورىدى .

- ئۇكام ، بېشىڭىزنىڭ دەردى بارمۇ نىمە ؟ - دىدى ئىشەكچى كايىپ ، - بۇ يەردە تۇرۇش خەتەرلىك دەۋاتسام نىمىشكە گەپكە تۇتۇۋېرىسىز ؟ قاراڭ ئەنە ، ئاشۇ كۆرۈنگەن قىيىر تاغلىرى !

ئىشەكچى ئەمدى ئېرپانغا قاراپمۇ قويماي يۈرۈپ كەتتى . ئەمما ئۇنىڭدىن ئاڭلىغانلىرى ئېرپان ئۈچۈن ئۈمىد بەلگىسى بولدى . ئۇ ، ھەۋەس ۋە ھاياجان بىلەن قىيىرغا قاراپ ماڭدى .

قورۇل ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىككە گومىنداڭ تەرىپىدىن ياسالغان << فېنخوتەي >> (27) ( ئوت بەلگە بېرىش ) مۇنارىسىدىن ئاسمان ¨ پەلەك تىك كۆتۈرۈلگەن بىرخىل يېشىل ئىس يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى . بۇ بۆرە تېزىكىنىڭ تۈتۈنى ئىدى .

ئېرپان بىرھازادىن كېيىن قورۇل ئېغىزىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئېگىزلىكتە قاراۋۇل بولۇپ تۇرغان مىللى ئارمىيە كىشىلىرىگە ئۇچراشتى .

قاراۋۇل جەڭچى ، ئېرپاننىڭ تەرجىمھالىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلگەندىن كېيىن ، ھەمرىيىغا قوشۇپ قىيىرنىڭ قازانچى مەھەللىسىگە ئورۇنلاشقان مىللى ئارمىيە قىسىم ئىشتاۋىغا يەتكۈزدى .

ئىريان چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈپ دەرھال پىدائىيلىققا يېزىلدى . ئۇنى تىزىملىغۇچى جەڭچى يىگىت ئۇنىڭ تەرجىمھالىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرغان پېتى ئۇنى قۇچاقلاپ ھۆرمەت بىلەن قولىنى تىقىپ ئىريانىنى باشلاپ ماڭدى .

تىزىملىغۇچى جەڭچىنىڭ سول پۇتى سەل " پەل ئاقسايتتى . يۈز ۋە بويۇنلىرى خۇددى ئەسۋاب بىلەن بەلدەنگەن ياغاچتەك قاتمۇ " قات تارتۇق ئىدى .

ئىككىيلەن قازانچىنىڭ يېنىدىكى بىر چىمەنلىك دۆڭلۈككە چىقىپ ، ئەكچى ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە چۈشتى :

- ئىريان ، سەن مېنى تونۇيالمىدىڭ " ھە ؟ مەن ئەكبەر .

- ئەكبەر !

ئىريان ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى ، كېرىلگەن قوللىرى تىترەيتتى . ئۇ ، دەرھال قەدقىردان دوستىنى قۇچاقلاپ ، پىشانىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى ، ھەر ئىككىيلەن ھاياجان ئىلكىدە بىر " بىرىگە قارىشىپ قالدى . ئۇلارنىڭ كۆڭۈل كۆزلىرىدىن قانلىق قىسمەت كارتىنىلىرى بىر " بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى .

كىتاپخانلىرىمىز يۇقۇرىدىكى باپلىرىمىزدا بۇ ئىككى دوستنىڭ قارا قۇرۇم تاغلىرىدا تونۇشقانلىقى ، كېيىن << ئالتۇن ئالۋىڭى >> غا تۇتۇلغانلىقى ، جەنۇبىي ئۇلانبايدىكى ئۆستەڭ ئەمگىكىدىن كېيىن كېزىكتە ئۆلمەي قالغانلار ئارىسىدىن ئىلغاپ ئەكبەرنىڭمۇ ئالتاي سوقۇشىغا ئەۋەتىلگەنلىكى توغرىسىدا ئاز " تولا خەۋەردار بولغان ئىدى . لېكىن بۈگۈنكى ئۇچرىشىش ئۇلارنىڭ قىسمەت بىلەن تولغان تارىخىغا ئاجايىپ ھاياتى سەھىپىلەرنى قوشماقتا ؛ چىمەنلىك چوققىنىڭ ئۈستىدە " تەڭرى تېغىنىڭ قوۋۇرغىسىدا ئولتۇرۇپ ، ئۇلار شۇ سەھىپىلەرنىڭ قانلىق قۇرلىرىنى بايان قىلىشماقتا ئىدى :

- شۇ چاغدا بوغدا قانلىدىن ھەيدىگەن پېتى ، - دېدى ئەكبەر ، - بىز ئۆلمەي قالغان 2000 دىن ئارتۇق ئالتۇنچىنى گۇچۇڭغا ئېلىپ باردى . ئۇ يەردە دۇنيادىكى بۇزۇقچىلىقنىڭ ھەممە خىللىرى ئەۋج ئالغان ئىكەن : قىمار ، پاھىشە ، ئوغرىلىق ، بۇلاڭچىلىق ، قاتىللىق ، ئەپيۇنكەشلىك ، ئۇرۇش ، قىيناش ، ۋە باشقا كۈلپەتلەرنىڭ كۆپلۈگىدىن چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس . گومىنداڭچىلارنىڭ ۋەھشىيلىگى چېكىدىن ئاشقان ئىدى . بىزنى قەھرىتان قىشتا ئالتاي سوقۇشىغا ھەيدىدى ، مەن مەلۇم بىر يىلىڭ قاتارىدا ئىدىم . بىز گۇچۇڭنىڭ شىمالىدىكى << ئاغمىخان قۇملۇغى >> دەپ ئاتىلىدىغان گوبىدىن ئۆتۈپ ، مىڭ بىر تەستە << جاڭجۇن گوبى >> سىغا كىردۇق . بۇ يەر تاشلىق - بىپايان غىلىڭ ساي ، قاتتىق شۇۋرغان ، دەھشەتلىك بوران ئادەمنى ئۇچۇراتتى . نە سۇ ، نە گىياھتىن ئەسەر يوق ئىدى . ماڭدامىدا دىگۇدەك ئادەم ئۆلۈكلىرى ئۇچرايتتى . بەزى جايدا ئادەم ۋە ھايۋان ئۇستىخانلىرى دۆۋىلىنىپ ياتاتتى . لەك

ئاشلىغى توشۇپ ماڭغان ئەيسا كارۋان بىلەن موسا كارۋاننىڭ ھېساپسىز تۆگە ۋە ئاتلىرى مانا مۇشۇ جاڭگىلسىز گوبىسىدا ئۆلۈپ تۈگىگەن .

<< ئالتۇنچى يىگىتلەر >> نىڭمۇ تولىسى مۇشۇ گوبىدا ئاچ ¨ زارلىق ۋە لېيەنجاڭ ، يىڭجاڭلارنىڭ تاپىغى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن . شۇلارنى كۆرۈپ ئۈستىخانلىرىم سىقىرايتتى . ئەسلىسەم ھېلىمۇ يۈرەكلىرىم جىغىلدايدۇ . ئۆلۈم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى . << ئالتۇنچى يىگىتلەر >> نىڭ ئۆلۈكلىرىنى يىپىشۋاتقان بۆرىلەرنى ، قاغا ¨ قۇزغۇنلارنى كۆرۈپ ھوشۇمنى يوقىتىپ قوياتتىم . كەينىمىزدە پەيجاڭ ، لېيەنجاڭلىرىمىز دۈمبىمىزگە مىلتىق ¨ نەيزىسىنى سانجىپ ، سارتوقاي كۆۋرۈكى ئۈستىگە ھەيدەپ ئېلىپ باردى . بۇ يەردىمۇ نۇرغۇن << ئالتۇنچى يىگىتلەر >> قۇربان بولغان . دەريا مۇزلىرى قانغا بويالغان قاقاس چۆللەر قان بىلەن سۇغۇرۇلغان . بىز كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ ماڭدۇق . << داپسۇن >> دېگەن يەردىكى جەڭدە بىر قېتىم قىرىلدۇق . << ئالتۇن قازۇق >> دېگەن يەردىكى جىلغىدا مۇھاسىرىدە قالدۇق . بىردەمدىن كېيىن ئۈستىمىزدىكى تاغدىن مۆلدۈردەك ئوق يېغىپ كەتتى . پۇتۇمغا ئوق تەگدى . ئۆلۈكلەر ئارىسىغا يىقىلدىم . بەيتاك تەرەپتىن ۋىژىلداپ ئۇرۇلغان سوغاقنىڭ دەردى ، يارىدار بولغان پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى ¨ ئىككى دەرت بىر بولۇپ ئازاپلايتتى . ئۆلۈكلەر ياتقان مەيدانغا ئاتلىق قازاقلار يېتىپ كەلدى . ئۇلار قورال ¨ ياراقلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغان ئىدى . مەن ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن << مېنى قۇتقۇزۇڭلار ! >> دەپ ۋارقىرىدىم . مۇقاش ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق قازاق يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە :

- ئورنۇڭدىن تۇر ! ¨ دەپ قاتتىق بۇيرۇق قىلدى .

مەن چىشىمنى چىشلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇشقا جىدەللىشىپ باقتىم ¨ يۇ ، يىقىلىپ چۈشەتتىم . ئۇ ، يۆلەپ تۇرغۇزدى . مەن ئۆزەمنىڭ مەجبۇرى تۇتقۇن بولۇپ كەلگەنلىكىمنى ، بۇ ناھەق ئۇرۇشقا قارشى ئىكەنلىكىمنى ئۇقتۇردۇم . ئۇ مېنىڭ يۈرەك سۆزۈمگە ئىشەندى . ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى . ئوق تەككەن پۇتۇمنى داۋالىدى . بىراق ، مەن قاتتىق سوغاقتا قاتتىق زەخىملەنگەن ئىدىم . سول پۇتۇم مانا ئۆزەڭ كۆرۈنۈۋاتقاندەك ئاقساق بولۇپ ساقايدى . كېيىن مەنمۇ ئالتاي پارتىزانلىرى بىلەن بىللە مىللىي ئارمىيىگە قاتناشتىم . داۋالىنىش ئۈچۈن غۇلجىغا كېلىپ ساقايغاندىن كېيىن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ سەپكە كەلدىم . . .

- << ئالتۇنچى يىگىتلەر >> دىن تىرىك قالغانلىرى يەنە بارمۇ ؟ - سورىدى ئىرپان .

- بىر قانچىسى بار . بۇگۈن كەچتە سىنى ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن .

- ماقۇل .

ئارقىدىن ئىرپانمۇ كەچۈرمىشلىرىنى ، مۇناپىق زامانقۇلنىڭ << سېھىر ¨ كارامەتلىرى >> نى بايان قىلىپ ئاخىرىدا :

- بۈگۈن مەنمۇ ئۆزەمنى دۇنياغا يېڭىۋاشتىن تۆرەلدىم دېسەم بولىدۇ ، - دېدى .

ئىككى دوست كەچ پېشىن مەھەلدە چوققىدىن تۆۋەنلەپ ماڭدى . ئۇلار مۇڭداشقاچ تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ باراتتى :

تىيانشاننىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى ئاقيايلاق ۋە خانيايلاقلىرى بىلەن ئومۇرتقىداش بولغان بۇ يەرنىڭ گۈزەل تاغلىرى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىدى . مۇزاتنىڭ قارلىق چوققىلىرىغىچە قەد كۆتۈرگەن قارىغايزارلىقلار خۇددى رەسسامنىڭ تەسۋىرىدەك كۆزنى قاماشتۇراتتى . مۇزاتتىن ئۆركەشلەپ چۈشىدىغان << ئالتۇنقۇش دەرياسى >> مەرۋايىتلار چاچرىتىپ ئويناپ باراتتى . شىمال تەرەپتىكى ¨ ئالتۇنقۇش ، بوز كېرىگى ۋە كىچىك غول تاغلىرىغىچە سوزۇلغان دولقۇنسىمان پەلەمپەي دۆڭلۈكلەردە ئېچىلغان رەڭدار يايلاق گۈللىرى ئەتىردەك خۇشپۇراق چېچىپ ، خۇددى << پارلاق باھار پەسلى مەدھىيىسى >> گە ئوخشاش كۆڭۈللەر زەۋقىنى جەلىپ قىلاتتى :

<< گۈزەل مەنزىرە ¨ يەردە گۈل خىلمۇ ¨ خىل ،
دالا ، تاغ ، ئېدىر ، قىر يۈزى كۆك ¨ يېشىل .

غاز ، ئۆردەك ، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن ،
قاقىلداپ ئۇچۇشار يۇقىرى ¨ تۆۋەن .

تومەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلغان كۈلۈپ ،
ئىپار ، كاپۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ . . . >>

2

مىللىي ئارمىيىنىڭ بۇيەردىكى ئىشتاۋىغا ياشلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ پىدائىيلىققا يېزىلماقتا ئىدى . نۇرغۇن كىشىلەر ئات ¨ ئارغىماقلىرىنى غازات ئۈچۈن ھەدىيە قىلاتتى . قېيىرلىقنىڭ قەيسەرلىك روھى مىللىي ئارمىيە

جەڭگىۋارلىرىنىڭ جاسارىتىگە يېڭى ئىلھام بېغىشلىماقتا ئىدى . چۈشتىن كېيىن ئىرپان ئارمىيە ئىشتاۋىدىن ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى :

- بۈگۈن كەچتە << شامال بوۋا >> بىلەن بىللە بايغا ماڭىسىلەر . ئۇ يەردىكى دۈشمەن ئەھۋالىنى ئىگەللەپ كېلىسىلەر ، - دېدى كوماندىر ، جىددى قىياپەتتە .

<< شامال بوۋا >> - ئەپچىل ۋە يارامىلىق كىشى ئىدى . ئۇ خېلى ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئۈزايىدىن تېخى تىمەن ۋە جاغدا چىراي كۆرۈنەتتى . بۇ ئىككىيلەن بەلگىلەنگەن مۇددەتتە مەنزىلگە ¨ بايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى .

بايدا بازار قىزىغان بىركۈن ئىدى . ئىرپان بىلەن<<شامال بوۋا >> سودا ¨ سېتىق ئۈچۈن سەھرادىن كىرگەن دىخان قىياپىتىدە بازار كوچىلىرىنى ئارلىدى . دۈشمەن بۇيەردە بىر لىيەن ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ ، قالغانلىرىنى يۆتكەپ كەتكەن ئىكەن . بۇ لىيەننىڭ بىر قىسمى ئاشلىق ئىسكىلاتىدا ، بىر قىسمى بولسا << هاي ¨ هاي چاپان ئەمەتخان >> دىگەن سودىگەرنىڭ سارىيىدا مۇداپىئە ئىستىھكامى قۇرغان ئىكەن .

ئىرپان بىلەن << شامال بوۋا >> شۇ ئەھۋاللارنى كەچقۇرۇنلىقى ئىشتابقا يەتكۈزدى . ئەتىسى تۈن يېرىمىدىن زەربىدارلار شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىگە ئۈن نەچچە چاقىرىمچە كېلىدىغان <<چوغتال>> دىگەن دەرەخلىك مەھەللىگە ئورۇنلاشتى ¨ دە، تاڭ بىلەن تەڭ شىمال ۋە جەنۇپ تەرەپتىن ¨ ئىككى لىنىيە بويىچە دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا تېگىش قىلدى . ئاشلىق ئىسكىلادىغا قاتمۇ قات پوتەي سېلىۋالغان دۈشمەن پىلموتچىلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلاشتى. پوتەينى پارتىلىتىش جىڭى قاتتىق داۋام قىلدى . ئۇق ئاۋازى قوماچ قورىغاندەك قايىنىماقتا ، قارشىلىقمۇ قاتتىق بولماقتا ئىدى. كۈن كۆتىرىلىشتىن بۇرۇن هاي ¨ هاي چاپان سارىيىدىكى گومىنداڭ ئەرۋاھلىرى ئۇرغۇن جەسەتلىرىنى قالدۇرۇپ ، ياقىرىق تامان قاچتى .

ئەكبەر ئىجازەت بويىچە پوتەيگە قاراپ غەزەپ بىلەن ئۆملىدى . پوتەي ئىگىزدە ئىدى.

- ئىرپان تېز بول ! ¨ دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ كەلگەندە سىستىرا ئېغىر ياردارلانغان ئەكبەرنىڭ جاراھىتىنى تېڭىۋاتاتتى.

بىراق هازىر ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان ، قاپ ¨ قارا كىرپىكلىرى ئۈزراپ كەتكەن ، تىنىقى سۇس ئىدى . ئۇ ناسىلكىغا سىلكىندى . بىر بېسىنى ئىرپان كۆتەردى . ئۆيغۇر ئۇيۇشمىسىغا ئورۇنلاشقان دوختۇرخانىغا بارغاندىن كېيىن يەنە جىددى قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلدى . ئىرپان ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولاتتى :

- ئەكبەر ئاداش كۆزۈڭنى بىر ئېچىپ قارىغىنا ؟ - دەيتتى ئىرپان يىغلامسىراپ .

ئەكبەر كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ، بۇ مۇلايىم ئاۋاز تامان قولىنى سەل ¨ پەل مىدىرلاتتى . ئەمما ئۇ دەرمانسىز ئىدى . ئىرپان سەپدىشىنىڭ قولىنى ئىللىق تۇتۇپ ، ئۇنىڭ كۆزىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرەتتى ، لېكىن ئۇ ، كۆزىنى ئاچماي نىمجان ياتاتتى . پەقەت قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ تەشنالىقىنى بىلدۈرەتتى . ئىرپان بىر پىيالە تەشنالىق سۈيىنى ئىچكۈدى . ئەكبەر گويا تەشنالىقى قانغاندەك چىرايىنى سۈزۈپ تەبەسسۇم قىلدى .

ئاردىن بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتكەن روزىگادا ئاشلىق ئىسكىلاتى ئۈستىگە غەلبە بايرىقى قادالغان خۇش خەۋەر يېتىپ كەلدى . ئەكبەر كۆزىنى ئېچىشقا ، بىر نىمە دېيىشكە ئىنتىلەتتى . لېكىن بولالمىدى . ئۇ ئاخىرقى قېتىم تەبەسسۇم قىلىپ ، << ئاھ !>> دىگەن پېتى لەسسىدە جان ئۈزدى . ئۇنىڭ << ئاھ ! >> تىن كېيىنكى مەنالىرى ئىچىدە قالدى . ئېھتىمال ئۇ ئاھ ئانا ! ئاھ سەپداشلار ئاداققىچە كۆرىشڭلار ، دىمەكچى بولغىيدى !

3

مىللىي ئارمىيە پارتىزان ۋە پىدائىي قىسىملىرى بايىدا قازانغان غەلبە ئىلھاملىرى تۆرتكىسىدە بۇ يەردىن ئاتلىنىپ ياقىرىق ، قارا باغ ، قىزىلبۇلاق ۋە بوز دۆڭ قاتارلىق جايلارغىچە سەپ تارتىپ ئورۇنلاشتى .

ئىرپان بىلەن شامال بوۋا قاتارلىق رازۋېتچىكلار يەنە بۆيرۇق بويىچە قارا يۇلغۇن ۋە جام تەرەپكە مەخپى يورۇپ كەتتى . ئىرپاننىڭ چارلىغۇچى گورۇپپىسىدا ئاپتومات ، بەش ئاتار مىلتىق ۋە گىرانات قاتارلىق قوراللار تەق ئىدى .

ئۇلار چارۋىچى قىياپىتىدە كىينگەن ، كۈندۈزى غارلاردا يوشۇرۇنۇپ ، كېچىدە بىمالال يورۇش قىلاتتى .

ئاۋغۇستىنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسىنىڭ دەسلەپكى كۈنى ئاخشىمى ئىرپان ھەمرالىرى بىلەن قارا يۇلغۇنغا يېقىنلىشىپ باردى . ئەتراپ بەئەينى گۆردەك قاراڭغۇ ؛ تەبىئەت ئېغىر ئۇيقىدا ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى . ئاسماننى << مىڭتىكە >> تاغلىرى تەرەپتىن تۇرۇلۇپ كەلگەن بولۇتلار قاپلىماقتا ئىدى . ھاۋانىڭ ئەلپازى بۇزۇلۇپ ، ئالدىن كەلگەن كۆكۈلسىز شامال يامغۇردىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى .

- زامان ¨ زامانلاردىن تارتىپ ، - دەيتتى شامال بوۋا ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاپ ، - يېغىلىق غەۋغالىرى بىلەن مۇشۇ يۇرتتا ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىككى جايىنى تالىشىپ كەلگەن ئۇنىڭ بىرى مۇشۇ قارا يۇلغۇن ؛ يەنە بىرى باش ئەگىم ، بۇ ئىككى جايىنى << تۆمۈر قاپقا >> دەپ ئاتىشىدۇ . ئۆزىمىزگە پەخەس بولايلى ، بۇ يەردە چوقۇم دۈشمەن بار . . .

شامال بوۋا بۇ يەرنىڭ ئەل ¨ تەمنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى . ئۇنىڭ سۆزى تېخى تۈگە ¨ تۈگىمەستىنلا قېرىشقاندەك يامغۇر شارىلداپ قۇيۇۋەتتى . رازۋېتچى باتۇرلار بىر مەھەل يامغۇردا قالدى . ئىسسىق كۈنلەردە يامغۇرنىڭ

ئىللىق تامچىلىرى تەنگە ھوزۇرلۇق تېگەتتى . ئۇلار گويا ساماۋى پارلىق مۇنچىغا چۈشكەندەك يامغۇر سۈيىگە چۆمۈلۈپ ، دالىدا خېلى تۇرۇپ قېلىشتى . شىلمىسىمان پاتقاقلىقتا مىدىرلاشمۇ قىيىن ئىدى .

تاڭ سۈزۈلەي دېگەندە يامغۇر پەسلەپ باراتتى . ئىرپان بىلەن شامال بوۋا ھەمراھلىرىنى كۆزەتكە قالدۇرۇپ ، ئۆزلىرى كۆۋرۈك تامان يۈرۈپ كەتتى .

قارا يۆلغۇن كۆۋرىگى بۇ يەردىن ئىككى " ئۈچ چاقىرىمچە يەردە ئىدى . ئۇلار كۆۋرۈككە يېقىنلاپ كەلگەنـدە بـۇ جايدا پوستا تۇرغان بىر دۈشمەن ئەسكىرى مىلتىغىنى قۇچاقلىغان پېتى يوغان دەرەخنىـڭ تىگىـدە شۈمـشىيىپ ئۇخلىماقتـا ئىدى . ئۇ ئۆزى تامان كېلىۋاتقان ئىككىيلەننىڭ شىپ " شىپ ئايـاق ئاۋازىـدىن چۆچـۈپ قوزغالـدى " دە مىلتىغىنـى كۆتىرىپ ھاڭۋېقىپ قارىدى . شامال بوۋا ئۇنىڭغا :

- ھويلامنى سۇ بېسىپ كەتتى . شاخ " شۇمبا ئالاي دەپ كېلىشىم ، - دېدى .

- ئۆيۈڭ نەدە ، ئىبتىڭ نىمە ؟! " ۋاقىراپ سورىدى ئەسكەر .

- . . . . . . . .

ئۇنىڭغىچە چۇمەر ئىرپان پەم بىلەن ئارقا تەرەپتىن ھىلقىننىڭ گېلىنى بوغۇپ ئۆلگۈردى " دە ، ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ، بايىقى ھەمراھلىرى ساقلاپ قالغان جايغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن ئاخبارات ئىگەللىدى .

بۇ جايدا ھازىر قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتقان تۆت كىشى ئىكەن ، قالغان ئۇچىسى ئۇيقىدا . . .

پارتىزان باتۇرلار ئۇلار ئۇخلاپ ياتقان يەرگە بېسىپ كىردى ۋە ئۇيقۇ ئەرۋاھلىرىنى مىدىرلاتماي تۇرۇپ باغلاپ ، ئـۇدۇل ئىشتاپقا ھەيدەپ ماڭدى .

ئىشتاپ دۈشمەندىن ئىگەللىگەن يېڭى ئاخبارات بويىچە ئىرپان بىلەن شا،ال بوۋىغا يەنە بىرقانچە كـىشىنى قوشـۇپ ، قازان ئاسما ۋە تاز لەڭگەر تەرەپلەرنى چارلاشقا ئەۋەتتى .

4

گومىنداڭ ئاقسۇدىكى بارلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ، يار بېشىغا مۇداپىئە لىنىيىسى قۇرغان ئىـدى . بـۇ لىنىيە شىمالدا كونا ئايرودرومدىن تارتىپ ئىچتاچى ، خىنىدا ، مـوللا قوغـۇنچى ۋە ئايـاق كىرىـشكىچە كەڭ تـۇزلەڭلىككە

سوزۇلاتتى . ئۇلار بۇ يەرلەرگە قاتمۇ ¨ قات ئاكوپ ، خەندەك قېزىپ ، پوتەيلەرنى قۇرۇپ ئورۇنلاشقان ، يەنە بىر بۆلۈك كۈچلىرىنى بولسا سۆگەتئېرىقتىكى قوناقلىقتا بۆكتۈرمىگە قويغان ئىدى .

ئىرپان گورۇپپىسى بۇ ئەھۋاللارنى قازان ئاسمىدا ئوتۇنچى دىخانلاردىن ئۇقتى - دە ، دەرھال ئىشتاپقا يەتكۈزدى .

مىللىي ئارمىيىنىڭ ئىشتاپ كوماندىرلىرى يىغى لاھىيە تۈزدى . بۇ لاھىيە بويىچە پارتىزان ، پىدائىيلارنىڭ بىر قىسمى كۆۋاس ، كۆكبۆرە ۋە تۆمشۇق ئارقىلىق كونىشەھەرگە شىمال تەرەپتىن كىرىش ؛ يەنە بىرقىسمى يەرلىك پىدائىيلار بىلەن بىرلىكتە جام ۋە تاز لەڭگەر ئارقىلىق چوڭ يول بويلاپ ، ئۇدۇلدىن تىگىش پىلانلاندى .

لېكىن ، گومىنداڭچىلار پارتىزانلارنىڭ غەرىزىنى سېزىۋېلىپ ئۆزلىرىنىڭ يار بېشىدىكى مۇداپىئە پىلانىنى يىگى شەھەردىكى سېپىل مۇداپىئەسىگە ئۆزگەرتتى . جام تەرەپتىن ئىلگىرلەپ كېلىۋاتقان پىدائىي قىسىملارغا توساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۈچتۈرپاندىن يۆتكەپ كەلگەن << بېيەنچادۈي >> چېرىكلىرىنى << ئالتۇنلۇرۇم قەۋرىستانلىقى >> ئەتراپىغا بۆكتۈرمە قىلغان ئىدى .

قوياش چاشكا بولغان چاغدا مىللىي ئارمىيىنىڭ پىدائىي قىسىم ئاتلىقلىرى ئايرودۇرۇمنىڭ شەرىق تەرىپىدىكى ئون نەچچە كىلومېتىر ئارلىقتا ئاسمان ¨ پەلەك چاڭ ¨ توزاڭلارنى توزىتىپ ئىلگىرلىمەكتە ئىدى . ئۇلار ئايرودۇرۇمغا يېقىنلاپ بارغاندا ئالتۇنلۇرۇمغا بۆكتۈرۈپ قويغان بايىقى دۈشمەن چېرىكلىرى ئاق بايراق چىقىرىپ << تەسلىم بەلگىسى >> بەردى ۋە مىلتىقلىرىنى تەتۈر تۇتۇپ يېقىنلاپ كەلدى .

پارتىزانلار غەپلەت غالىپ كەلدى - دە ، ئاق بايراققا ئىشىنىپ ، بىخارامان تۇرۇۋېرىشتى .

ئەتراپ توپ ¨ توز ئىدى . ھىلىگەر << ئاق بايراقچىلار >> نىڭ نەچچە يۈز ئادىمى پارتىزانلار توپلىشىپ تۇرغان يەرگە تەلۋىلەرچە يېقىنلاپ كەلدى ¨ دە ، بىردىنلا ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى . پارتىزان ، پىدائىيلار ئۆزلىرىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرەلمەي قېلىپ بىھۇدە نۇرغۇن قانلار تۆكۈلدى . چېكىنىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى . بۇ چاغدا كۈچاردىن كەلگەن ما تۈەنجاڭنىڭ ۋەھشى چېرىكلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ

<< توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاش >> ئادەتلىرى بويىچە باي ناھىيىسىنى ئېغىر دەرىجىدە تالان ¨ تاراج قىلدى .

ئەھۋال بەك ئېچىنىشلىق ئىدى . ياۋۇز گومىنداڭچىلار قان كېچىپ دۇنيا يىغماقتا ، كۆرۈنگەننى قىرماقتا ، ئاتا ¨ ئانىلارنىڭ باغرىنى تىلماقتا ، بالىلارنىڭ بېشىنى نەيزىگە ئىلماقتا . نارەسىدىلەرنىڭ چاتلىرىنى يىرماقتا . . . ئىدى .

بەختكە يارىشا ، پارتىزانلار سېپىگە يېڭى كۈچلەر ئۇلگۈرۈپ كەلدى . پىدائىيلار قايتا ماغدۇر تېپىپ جانلاندى . سەپ ئۇلغايدى .

مىللىي ئارمىيە كۈچلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى شىددەتلىك ھۇجۇمى تاغۇ ¨ تاشلارنى لەرزىگە كەلتۈردى . ئەجەل ھودۇقۇشىدا قالغان دۈشمەن خەيلىرىنى قولتۇقلا قىستۇرغان پېتى بەدەر قاچتى .

# يىگىرمە سەككىزىنچى باپ

1

ئاۋغۇستنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسى ¨ بازار كۈنىسى ئىدى .

قۇياش ھارارىتىنىڭ تەپتىدىن يەر ¨ جاھان چوغدەك قىزىپ تۇراتتى . شەھەرنىڭ شەرقىي شىمالىنى بويلاپ قىڭغىر ¨ قىيسىق كۆتۈرۈلگەن يارداڭلىقنىڭ ئۈستى ۋە << ئالتۇنلۇرۇم زاراتكالىغىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاق ماموقتەك تۈزلەڭ يەردە تاۋلانغان تونۇردەك ھارارەت يالقۇنلايتتى .

يارداڭلىقنىڭ ئاستىدا ، تاكى غەرپتىكى دولان دەرياسى بويلىرىغىچە تۇتاش سوزۇلۇپ كەتكەن بوستانلىقلار كۆرەش قەھرىمانلىرىغا تازىم قىلغاندەك ئەۋرىشىم شاخلىرىنى ئېگىپ لەرزان تەۋرىنىمەكتە ئىدى . شىمال تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرى تېغىدىن ئۆركەشلەپ تىرەڭ دەرياسى ، كۆكيار ۋە ئاتئويناق دەريالىرى ھەيۋەتلىك شاۋقۇن سالاتتى . باتۇرلار بولسا << ئالغا ! >> سادالىرىنى ياڭرىتىپ يەنە ئىلگىرلەپ كەلمەكتە ؛ ئۇلار دۈشمەننى سۈر توقاي قىلىپ ، شەھەر سېپىلىگە قاراپ سەلدەك ئاقماقتا ئىدى .

ئوڭ قانات قىسىملار ¨ دولان دەريا بويىغىچە يېرىپ ئۆتۈپ ، ياتالماس ۋە توگمەنبېشى ئورمانلىقى ئارقىلىق گۈلباققا ئورۇنلاشتى . سول قانات قىسىملار << ئاياقكىرىش >> ۋە << قارا ساقال ئاتام >> قەۋرىستانلىقىدىن ئۆتۈپ سېپىلنىڭ كۈچار دەرۋازىسى قارشىسىدا ئىستىھكام قۇردى . ئوتتۇرا يۆلىنىشى بولسا كەپتەرخانا يېنىدىكى << قوشقار پاتماس >> ناملىق تارچۇق ئېغىزدىن چۈشۈپ ، جىرىمچىل ئارقىلىق مېڭىپ لەنگەردە جايلاشتى ؛ باش ئىشتاپ كونىشەھەرنىڭ كىندىگىدىكى نىيازخاننىڭ بېغىغا ئورۇنلاشقانىدى .

باغنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىگىدىن كىرگەندە كۈن چىقىش تەرىپىگە سېلىنغان چوڭ مېھمانانا ۋە ئۇنىڭغا يانداش بىنالار كۆزگە تاشلىناتتى . ئۈستى تاختايلىق بۇ ئىمارەتلەرنىڭ روجەكلىرى باغقا قاراپ ئېچىلغان ، ئالدى پېشايۋانلىق ئىدى .

ئۆزۈملۈك باراڭلار پىشايۋانغا يامىشىپ تۇراتتى . باراڭ تىگىدە نەي بولۇپ پىشقان شىرنىلىك ئۈزۈم دانلىرى مارجاندەك پاقىرايتتى . پۈتۈن باغنىڭ ئىچىدە ئانار ، ئەنجۈر ، ئەينۇلا ، بادام قاتارلىق مىۋە ¨ چىۋىلەر تولۇپ تۇراتتى .

ئەتىسى مۇشۇ يەردە ئىشتاپ قوماندانلىغى جىددى يىغىن ئېچىپ ، كۈرەش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى :

- ... بىزنىڭ ھازىرقى كۈرەش نىشانىمىز ، - دىدى كومىسسار ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ، - ھەرگىزمۇ بىرەر مىللەتكە قارشى قويۇلغان ئەمەس ، پەقەت ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتىلغان . بىزنىڭ سېپىمىزدە ھەرمىللەت پىدائىيلىرى بولغىنىدەك ، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سېپىگىمۇ تۈرلۈك مىللەتنىڭ مۇناپىقلىرى ، ئەكسىيەتچىلەر توپلانغان . كەڭ ئاممىغا مۇشۇ نۇقتىنى ئۇقتۇرۇشىمىز كېرەك . بىز خەلقىمىزنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى كۆز قارچۇغىمىزنى ئاسرىغىنىمىزدەك ئاسرىشىمىز ، بۇنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشىمىز لازىم . پىدائىيلىرىمىزنىڭ سانى كۆپەيمەكتە . بىز ئۈيۈلتاشتەك ئىتپاق بولۇپ ، يېڭى كۈرەشكە ئاتلىنايلى ...

ئىشتاپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە سېپىلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى بىلەن بىللە تەشۋىقات دولقۇنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى . مۇنەۋۋەر قىز ¨ يىگىتلەر تۇشمۇ ¨ تۇشتىن كېلىپ ، پىدائىيلىققا قاتنىششقا ئىلتىماس قىلىپ تۇراتتى .

بۈگۈن جۈمە كۈنى ، چوڭ خانىقا ئادەم دېڭىزىغا ئايلانماقتا ئىدى . ۋاقىت چۈش بولاي دىگەندە ئۇ يەرگە ئوتتۇرا بوي ، ياش ۋە تۈرگۈن بىر مۇئەللىم يېتىپ كەلدى ¨ دە ، تولۇپ تاشقان قىزغىن ھېسسىياتتا تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى :

تېڭىرقمايمەن دوستلار ، تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى ،
چۈشۈرمەيمەن كۈرەشكە دەپ تۈرگەن بىلەكلەرنى .

مەرت باغۋەن خازان قىلماس ۋاقتىسىز باغنى ،
تەربىيىسىز سۇلدۇرۇپ ، گۈل ¨ چىچەكلەرنى .

خىيالىم خۇددى تەلپۈنۈپ تۇرغان بىر سەبى بالا ،
ئىمىش ئۈچۈن قەدىردان ئانىدىكى قوش ئەمچەكلەرنى .

لەززەتلىك خىيال ئارىسىدا بىقىپ ئاسمانلارغا ،

تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرمەن روشەن بۆجەكلەرنى .

جانان ناز ئۆيقىدا يېتىپ نىچۇك تولغانماس ،

ئاشىغى كۆتۈپ تۇرسا ئېچىپ يورۇق روجەكلەرنى .

نىمشكە يازماي تىلەك ئارلاش مۇڭلۇق لىرىكلارنى ،

سۆيگۈ ئىشقى ئۆرتەپ كۆيدۈرسە يۈرەكلەرنى .

سۆيگۈ دېڭىزىدا مەن بىر قايىنام تۇرسام ،

ئۇسسىزلىغىم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كۆلچەكلەرنى .

. . . . . . .

بۇ ياڭراق خىتاپنى ئاڭلىغان ئاممىا ھاياجان دېڭىزىغا غەرق بولماقتا ئىدى . مۇئەللىم پىدائىي بولۇپ كۆرەشكە ئاتلىنىدىغانلىغىنى بىرىنچى بولۇپ جاكارلىدى .

ئارقىدىنلا تۇركۇم " تۇركۇم نەۋقىران ئەزىمەتلەر قوللىرىنى بەس " بەس بىلەن ئېگىز كۆتىرىشىپ " ۋارقىرىشىپ پىدائىيلىققا يېزىلدى .

دەل شۇ ئەسنادا خانىقا دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەن ياش قۇرامى 50 لەر قارىسىنى ئالغان بىلىنەر بىلىنمەس چىچەك ئىزلىق ، بۇغداي ئۆڭلۈك ، روھى تېمەن بىر ئانا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ، ياڭراق ئاۋازدا كۆپچىلىككە خىتاپ قىلىشقا باشلىدى " دە ئۇنىڭ جاراڭلىق ساداسى بىردىنلا ئاممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى :

- مانا مەنمۇ پىدائىيلىققا يېزىلىشقا كەلدىم ... مېنىڭ يەنە ئاق سۈت ئەمگۈزۈپ ئۆستۈرگەن نەۋبەر ئوغۇل قىزلىرىم بار . ئۇلارمۇ ئىشقا يارايدۇ . باللىرىمنىڭ ئاتىسى بىلەن ئاكىسى گومىنداڭ تۈرمىسىدە " ئازاپ زىندانىدا يېتىۋاتىدۇ . ۋە بىگۇناھ زۇلۇم تارتىۋاتىدۇ . بىزنىڭ يۈرىگىمىزنى ئىنتىقام چوغلىرى ئۆرتەپ كەلمەكتە ...

ئانىنىڭ ئوتلۇق خىتابى كۆرمىڭلىغان ياش يىگىتلەرنىڭ قەلبىگە بىردىنلا ئىسيان ئوتىنى ياقتى " دە ، پىدائىيلىققا يېزىلىش دولقۇنى تېخىمۇ قايىنام تاشقىنلىققا كۆتىرىلىپ كەتتى .

يېزىلاردىن كەلگەن يىگىتلەر بۇ جىگەرلىك ئانىنىڭ جاسارىتىگە بارىكاللا ئېيتىشىپ :

- بۇ ئانامنىڭ ئىسمى كىمدۇر ؟ - دەپ بىر ¨ بىرىدىن سورىشاتتى .

بۇ ھىممەتلىك ئانا ¨ ھازىر تۇرمىدە ئازاپلىنىۋاتقان مەرىپەتپەرۋەر زات ۋە قەيسەر جەڭچى تۇرداخۇن خەلپىتىمنىڭ ئايىلى ھەم ل : مۇتەللىپنىڭ ئۇستازى مەۋلانجاننىڭ ئانىسى ¨ نۇرخان ئىدى .

جاسارەتلىك نۇرخان ئانىنىڭ ۋىجدانىي ساداسى ئادەملەرگە ھاياتنىڭ قەدىر ¨ قىممىتىنى مۇنازىرىسىز چۈشەندۈرمەكتە ئىدى .

بۈگۈن ئۇنىڭ ھەممە ئەۋلادى ئەڭ ئاۋۋال پىدائىي سەپكە تۇردى ...

2

شۇ كۈنلەردە شەھەر سېپىلىنى قورشاش جېڭىگە قاتناشقان پىدائىيلار بىر نەچچە مىڭغا يەتكەن ئىدى . ئۇلار مەردانىلىك بىلەن ئالغا ئېتىلاتتى ۋە سېپىلغا چىققىشقا ئۇرۇناتتى .

دۈشمەن سېپىل ئەتراپىدىكى بىر يېرىم كىلومېتر ئارلىقنى ئاللىبۇرۇنلا كۆيدۈرۈپ ، تۈپ ¨ تۈز قىلىۋەتكەن ئىدى . بۇ يەرلەردە ھازىر تۇخۇم قويسا كۆرۈنەرلىك ئىدى . سېپىلنىڭ يېنىغا بېرىش كۈندۈزى تولۇق كېچىسىمۇ مۇمكىن بولمىدى . چۈنكى سېپىل بېشىغا بېكىتىلگەن ئاسما چىراقلار سېپىل ۋە ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ ، پارتىزانلارغا ھېچ ئىمكان بەرمەيتتى . لېكىن ماھىر مەرگەنلەر كېچىلىرى << ئاسما چىراقنى چىنەش ، كۆرۈنگەن باشنى قارىغا ئېلىش >> ۋە سېپىل ئۈستىگە چىقىۋالغان گومىنداڭچى مالايلار بىلەن << تىل ئۇرۇشى >> قىلىش قاتارلىق روللىرىنىمۇ جاسارەت بىلەن ئورۇنلىماقتا ۋە بەزىدە ئېپى كەلگەن يەرلەردىن شوتا ئارقىلىق سېپىلگە چىقىپ ، قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ ھەم نەيزىۋازلىقلارمۇ قىزىپ باراتتى .

ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىركىشىش ¨ دۈشمەننى ھالسىزلىتىپ ، ئۇلار ئوزۇق ¨ تۈلۈكتىن قىسىلىپ جېنى تومشۇغىغا يېتىپ قالغان ئىدى . ئۈرۈمچىدىن ھەر كۈنى دىگۈدەك دۈشمەننىڭ بىر ئىككى ئايروپىلانى مۇھاسىرىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا ئوزۇق ¨ تۈلۈك ۋە لاۋازىمات تۇشۇپ ھاۋادىن تاشلاپ تۇراتتى .

1945 ¨ يىل 8 ¨ ئاينىڭ 27 ¨ كۈنى ئەتىگەندە ئاقسۇ گېزىتخانىسى بېغىغا ئورۇنلاشقان ئىنقىلاپچىلار ئارىسىدا دۈشمەن ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈش ھەققىدە جىددى مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى :

- قولۇڭدىكى ئاددى مىلتىق بىلەن ، - دېدى ئىرپان يېنىدىكى پارتىزان يىگىتكە ، - قانداق قىلىپ ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈرەلەيسەن ؟

- قانداق ئېتىپ چۈشۈرەلەيمەن ، سەن قاراپ تۇر جۇمۇ ؟ دېدى ھېلىقى يىگىت ، - قېنى ئايروپىلان كېلىپ باقسۇنچۇ . . . !

ئىشەنچلىك سۆزلەۋاتقان بۇ پارتىزان ئالتاي سوقۇشىدىن قېچىپ كېلىپ ماياقىتا ئورۇنلاشقان ، كېيىن مىللىي ئارمىيەگە قاتناشقان ، ئالتۇنقۇش جىلغىسىدىكى سوقۇشتا بەك باتۇرلۇق كۆرسەتكەن قەيسەر جەڭچى ئىدى . ئۇ ، سەپداشلىرىغا تۆۋەندىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى :

- كىچىكلىگىمدە بىزنىڭ ئاۋاتتا ھادى خەنجەر يىغلىغى ، مۆيدىن پەلۋان يىغلىغى دىگەن ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن . شاڭ شىسەينىڭ ئايروپىلانلىرى ئاۋات بازىرىغا كۈندە دىگۈدەك كېلىپ بومبا تاشلايتتى . مېنىڭ تۇققانلىرىمدىن شاۋازخان دىگەن مەرگەن شەھەر مەھەللىسىدىكى قۇربان ھاجىمنىڭ يوغان قاپاق تېرىگى ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ پەس ئۇچۇپ كەلگەن ئايروپىلاننى بەدەڭگە مىلتىغى بىلەن موللاق ئاتقۇزۇۋەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن . بۇ ۋەقە ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە . ئۇ ئايروپىلان سىدىق كۆۋرۈكنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدىكى << توققۇز ئورتاق >> دىگەن يەرگە چۈشۈپ گۇم بولغان . ئىككى نەپەر ئۇچقۇچى تىرىك تۇتۇۋېلىنغان ئىدى . ئۇ كەمدىكىگە قارىغاندا ھازىر قولىمىزدىكى قوراللار سەرخىل ئەمەسمۇ؟

پارتىزان يىگىتنىڭ ھېكايىسى ئەمدىلا تۈگەپ تۇرۇشىغا شىمالىي تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . بايىقى يىگىت دەرھال مىلتىقىنى ھازىرلاپ ، ئېگىز سەگە تېرەككە ياماشتى ¨ دە ئاچماق شاخىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي سۈزۈك ئاسماندا قوش قاناتلىق بىر ئايروپىلان پەيدا بولدى ۋە سېپىلنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى . لېكىن ئايروپىلان ئېگىزدە ئىدى . تەخمىنەن چارەك سائەت ئۆتكەن مەھەلدە پەسلەپ گىبزىتخانا بېغىنىڭ ئۈستىگە ئۈدۈللاپ كەلگەندە بايىقى يىگىت چەنلەپ تۇرۇپ ئارقا ¨ ئارقىدىن ئۈچ پاي ئاتتى . ئايروپىلان باغ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئەسنادا ئاسمان قەرىدە خۇددى يوغان ئاق ئەديالدەك غەلىتە بىرنەرسە كۆرۈندى . ئۇ ئاستا ¨ ئاستا پەسلىمەكتە ئىدى . ھەممىنىڭ دىققىتى شۇ نەرسە بىلەن بەنت بولۇپ ، ھېلىقى ئايروپىلاننىڭ نەگە كەتكەنلىگى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى .

- ئاتقان دىگەن مانا ، گۇمپام بارمىكەن ؟

پارتىزان يىگىت ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان نەرسىنى كۆرۈپ ، تېرەك ئۈستىدە تۇرۇۋېلا ۋارقىرىۋەتتى ۋە تېزلىكتە يەرگە چۈشتى . ئۇ ئىرپان ۋە يەنە بىر قانچە پىدائىيلار بىلەن بىللە لەنگەر كوچىسىدىن يۈگۈرگەن پېتى دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ ئۇچتى . ئايروپىلاندىن تاشلانغان نەرسە دوختۇرخانا بىلەن " سېپىل ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ ، چاك " تۇزاك كۆتۈرۈۋەتتى . ئارقىدىنلا گۈمبۈرلىگەن بىلەن پارتىزانلار ئوتتۇرىسىدا ئولجا تالىشىپ ، كەسكىن جەڭ داۋام قىلدى . ئىككى تەرەپنىڭ مەرگەنلىرى توختىماي ئوق ياغدۇراتتى . كۈندۈزى ھېچقايسى تەرەپنىڭ ئادىمى ئولجىنىڭ يېنىغا بارالمىدى .

خۇپتەن بولدى . ئاي قاراڭغۇسى . دۈشمەن بەش ئادىمىنى قارامىلىق بىلەن سېپىلدىن سىرىلدۇرۇپ ، پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى . ئاۋاتلىق پارتىزان يىگىت ، بۇ بەش دۈشمەننىڭ ھەممىسىنى سېپىل تېمىغا چاپلاپ قويدى . ئارقىدىنلا ئۆزى ئولجىغا قاراپ ، ئۆمىلىگەن پېتى يۈگۈردى . ئىرپان قاتارلىق يەتتە يىگىت ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

سېپىل ئۈستىدىكى دۈشمەنلەر چىداپ تۇرالماي پارتىزانلارغا مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرۇپ تۇراتتى . شۇنداق ئېغىر خەۋپكە پىسەنت قىلماي ئالغا ئىلگىرلىگەن قەيسەر يىگىتلەر بايىقى ئولجىنىڭ يېنىغا بېرىۋالغان ئىدى . ئۇلار ئولجىنى سۆرەپ ، بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى يەر بېغىرلاپ مېڭىپ ، ئۆز تەرىپىگە كېلىۋاتاتتى . مەركىزى مەكتەپنىڭ جەنۇبى يول بويىغا يېقىنلاپ قالغاندا دۈشمەن ئاچچىقىدا ئوت كۈچىنى ئۇلارغا مەركەزلەشتۈردى . بەختكە قارشى ئاۋاتلىق پارتىزاننىڭ ئارقا مېڭىسىگە ئوق تېگىپ ، شۇ يەردىلا قۇربان بولدى . ئىرپان دوستىنى قۇچاقلىغان پېتى يول ئۈستىگە يەتكۈزۈۋاتقان چاغدا ، يەنە بىر پاي ئوق كېلىپ ، سول پۇتىنىڭ يوتىسىغا تەگدى " دە ، ئىزىدا يېتىپ قالدى .

غەلبە كەينىگە يۈشۈرۈنغان بەختسىزلىك ھەممىنى ئېچىندۇراتتى . سېستىرالار ئىرپاننىڭ پۇتىنى تېڭىۋاتقاندىمۇ ئۇ تېخىچە بىھوش ياتاتتى .

3

ئاۋاتلىق پارتىزاننىڭ جەسىدى دەپنە قىلىنغان كۈنى ، ئىرپاننى ئىككى سېستىرا ھارۋا بىلەن كونىشەھەردىكى دوختۇرخانىغا يەتكۈزدى . بۇ دوختۇرخانا دۆلەتباغ كوچىسىنىڭ ئوق تەرىپىدىكى بانكا قوراسىدا ئىدى . بانكا خادىملىرى پارتىزانلار كېلىشتىن بۇرۇن ، بانكىنىڭ پۇل ، غەزنىلىرىنى يۆتكەپ ، سېپىل ئىچىگە كىرىۋالغان .

بۇ ۋاقىتلىق دوختۇرخانىدا 50 تىن ئارتۇق پارتىزان مەجرۇھلار بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ئىمكانى بارلىرى بەنتلەكلىك ملتىق ، ئاپتومات ۋە يېنىك پىلىموت قاتارلىق قوراللىرىنى بالىنىست روجەكلىرىدىن سىرتقا قارىتىپ قويۇپ ، جەڭگىۋار ھالەتتە تۇرۇشاتتى .

يېزا ۋە شەھەر ئاھالىسىدىن نەچچە يۈزلەپ كىشى ھەر كۈنى دىگۈدەك كېلىپ ، بۇ مەجرۇھلاردىن ھال سورايتتى . قوغۇن ¨ تاۋۇز ، ئۈزۈم ¨ شاپتۇل ۋە نان ¨ توغاچ قاتارلىق يىمەكلىكلەر بالىنىست ئىچىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئىدى .

ئىرپان بالىنىستقا كېلىپ ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئوق تەگكەن پۇتىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرا بوي ، ئاقۇش چىراي ، ياش بىر ۋىراچ كىرىپ كەلدى ¨ دە ، دەرھال ئوپىراتسىيە قىلىپ بولجۇك گۆش ئىچىدە تۇرۇپ قالغان ئوقنى ئېلىۋەتتى . پۇتىنى ياخشلاپ تاڭغاندىن كېيىن ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا :

- ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ يىگىت ، مەسىلە ئانچىزا چوڭ ئەمەس ، بۈگۈن بالىنىستىمىزغا ئاتاقلىق پىشقۇا بىر زات كېلىدۇ . ئۇ پۇتىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ . بىرنەچچە كۈنگە قالماي بىجىرىم بولۇپ كېتىسىز ، - دىدى .

بۇ ياش ۋىراچ ¨ پىدائىيلار سېپىگە ئەڭ دەسلەپ قاتناشقان تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى يۈسۈپجان تۇردى ئىدى .

مىللى ئارمىيە پارتىزان قىسىملىرى بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ، ئۇ شەخسى داۋالاش كەسپى بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن ؛ ئانىسى نۇرخان ئۇنى سىرتىدىن پىدائىيلىققا تىزىملىتىپ قويغانلىقىنى << تاغاق >> دىگەن يېزىدا تۇرۇپ ئاڭلايدۇ ¨ دە ، خوشاللىغىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ . ئۇ ئۈچقاندەك قايتىپ كېلىپ ، ھازىر ئىشلەۋاتقان مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئالىدۇ . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتىغان ھالدا سوتكىا ¨ سوتكىلاپ ئىشلەيتتى . دۈشمەن تۇرمىسىدە ئازاپ چېكىۋاتقان ئاتىسى تۇردى خەلپە ، ئاكىسى مەۋلانجان تۇردى قاتارلىق ئىنقىلابىي زىيالىيلار ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆكسىدە ئىنتىقام ئوتى كۈچلۈك تاناتتى .

شۇ كۈنى پېشىندىن كېيىن يۈسۈپجان بىشارەت بەرگەن بايىقى پىشقۇا كىشى ¨ سىراجىدىن مۇنەججىم كىرىپ كەلدى . بويى ئېگىز ۋە ئۇستىخانلىق ، ئىسسىق كۈنلەردىمۇ بېشىغا سەرپۇش ، ئۈچىسىغا ئەستەلىك يەكتەك كىيىپ يۈرىدىغان بۇ زاتنىڭ بىر قولىدا ساتار ، بىر قولىدا << شىپاھۇلقۇلۇپ >> (28) نامىلىق كىتاپ بار ئىدى . ئۇ بالىنىستقا كىرىپلا بوش بىر كارىۋاتتا ئولتۇردى ¨ دە ، مەجرۇھلارنىڭ سالامەتلىگى ئۈچۈن دۇئا قىلدى .

- ئاندىن ئۇ ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىرپاننىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئوق تەگكەن يوتىسىنى تەكشۈرۈپ كۆردى :

- سۆڭەك ئازراق بەرھەم يەپتۇ ، لېكىن ، ئانچىلا ئېغىر دىگۈدەك ئەمەس . ئۆتۈپ كەتسە بىر ھەپتىگىمۇ قالماي سەللىمازا بولۇپ كېتىدۇ ، - دىدى سىراجىدىن مۇنەججىم .

ئىرپان ۋە باشقا ياربدارلار بۇ ھۆكۈما زاتنىڭ ئاتىلارچە غەمخورلىقىدىن كۆپ مىننەتدار بولاتتى . سىراجىدىن مۇنەججىم كۈن ئارلاپ دىگۈدەك كېلىپ ، مەجرۇھلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ ، مىجەزىنى تەڭشەيدىغان دورىلارنى بېرىپ

تۇراتتى . ساتار چىلىپ ، پارتىزانلارنىڭ روھىنى كۆتىرەتتى . تارىخى ھېكايىلەرنى ئېيتىپ ئىلھام بىرەتتى . ئۇ تارىختىكى مەشھۇر ئالىملارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ، ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرەتتى .

ئىرپان بۇ كىشىنىڭ تىرەن بىلىمىدىن ھەيران بولۇپ ، بۇ ھەقتە سوئال بىرىۋىدى ، مۇنەججىم كۈلۈپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى :

- ئىنسانىنىڭ قانىتى " ھىممەت . قەدىمكى ئالىملار بۇنى بىلگەن . ئۇ ئالىملارنى ئۆزىمىز بىلەن سېلىشتۇرساق ، ئۇلار پىل بولسا ، بىز چۈمۈلە . ئۇلار ھىممەتنى قانات ياسىغانلىقتىن كۆپنى بىلىدىغان ئالىملاردىن بولۇپ يىتىشكەن ۋە ئالەمشۇمۇل روياپ تاپقان . مەسىلەن ، ئەبۇنەسىر فارابى ، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ، ئەمىر خۇسراۋ دېھلىۋى ۋە ئەلىشىر ناۋايى قاتارلىقلار ھىممەت ۋە ئىجىدىھا ئارقىلىق ھۆكۈما ، شائىر ۋە مۇزىكانت ھەم يىتىلگەن ئالىملار ئىدى . مەن شۇلارنىڭ نامىغا تاۋاپ قىلغۇچى شاگىرتىمە ، - دىدى .

جىددى ھالەت مەزگىلىدىكى بۇ دوختۇرخانا بەزىدە مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەرگىمۇ سازاۋەر بولۇپ تۇراتتى .

1945 " يىل 3 " سىنتەبىر كۈنى ئىدى . پۈتى خېلىلا ساقىيىپ قالغان ئىرپان دوختۇرخانا بىلەن خوشلىشىش ھازىرلىقىدا بولۇۋاتاتتى . شۇ كۈنى دەل چۈش مەھەلدە دوختۇرخانىنىڭ ئالدى قوراسىدا ئۈشتۈمتۈت ۋاڭ " چۈڭ كۆتىرىلدى . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ يەرگە چىرايلىقىنا كەلگەن بىر ئوغۇل قولىغا كالتەك ئالغان 20 گە يېقىن بالىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى " دە ھېلىقى باشلامچى بالا ھاسىراپ " ھۆمۈدەپ سۆزلەيتتى :

- پارتىزانلار بىر ئايروپىلاننى ئېتىپ چۈشۈردى ! يوغان بىر نىمە پۇلاڭلاپ مۇشۇ دوختۇرخانا تەرەپكە پەسلەپ چۈشۈۋاتىدۇ . . . .

- ھوي ، ئىمىق ! (29) راستمۇ ؟ - جىددى سورىدى دوختۇر يۈسۈپجان ، ئۆز ئىنىسىدىن .

- ئىشەنمەيۋاتقىنىڭنى قارا ، راست بولمايچۇ ، ئىشەنمىسەڭ چىقىپ كۆر . . .

ئىمىق جاۋابىنى تۈگەتتى " دە ، پىدائىي باللارنى دەرھال باشلاپ يەنە تالاغا يۈگۈردى . دوختۇر يۈسۈپجان تۇردى بىلەن ماڭغۇچىلىكى بار بۆلەك مەجرۇھلارمۇ دەرھال تالاغا چىقتى . دۆلەتباغ كوچىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە سانجاق " سانجاق ئادەملەر ئاسمانغا قارىشىپ تۇرغان ئىدى .

راست دىگەندەك ، ئاپئاق دۈگىلەك يوغان بىر شار شىمال تەرەپكە قاراپ لەيلەپ كەلمەكتە ئىدى .

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ شامالنىڭ يۆنۈلۈشى بويىچە دۆلەتباغ كوچىسىنىڭ ئۈستىگە يېقىنلاپ پەسلەپ ، كىشىلەرنى

ھەيرانۇ ھادىرۇسكۈن قىلىشقا باشلىدى . ئۇ ، تېرەك بويى تۆۋەنلىدى . ئاندىن دۆلەتباغنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى ئاۋۇت كۆكتاتچىنىڭ بېغىغا بېسىپ چۈشتى ‥ دە ، بىردىنلا دەھشەتلىك ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسمان ‥ پەلەك چاك ‥ تازان كۆتىرۋەتتى . ھايت ‥ ھۆيت دىگۈچە نەق مەيدانغا يۈزلىگەن ئاتلىق پىدائىيلار ھازىر بولىدى ۋە باغنىڭ ئەتراپىغا قاراۋۇللار ئورۇنلاشتۇرۇلدى . باغدىكى بىر قانچە توپ ئۈرۈك دەرەخلىرىنى كۆكۈم ‥ تالقان قىلىپ ، كەڭ يەردە ياتقان بۇ پالاكەت مەخلۇق باغ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

بۈگۈن پارتىزانلارنىڭ ئالدىغا ئۆزلىگىدىن ئۇچۇپ كەلگەن بۇ غايىپ غەزنە - << سېخى سوغا >> ھارۋىلار ئارقىلىق دەرھال قوماندانلىق ئىشتاۋىغا يەتكۈزۈلدى . ئۈنىڭدىن تاغارلاپ پۇل ، كېسەك ‥ كېسەك قارا چاي ۋە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ خۇمارىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن كاللەك ‥ كاللەك ئەپيۇن ، نەشە قاتارلىق نەرسىلەر چىققان ئىدى .

ھەممىدىن مۇھىمى سېپىل ئىچىدە مۇھاسىرىدە قالغان گومىنداڭ پولكىنىڭ كوماندىرى جاۋخەنچى ۋە سىياسى كومىسسارى ۋۇشاۋبىڭ قاتارلىقلارغا ئۈرۈمچى قوماندانلىقىدىن يېزىلغان تۆۋەندىكى مەخپى گەپ ئىدى :

قەتئىي مەخپى

- سىلەر مۇھاسىرە ئىچىدە قىينىلىپ جەڭ قىلىۋاتىسىلەر . جاسارىتىڭلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمىز . بىز سىلەرنىڭ تۆھپەڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز . بىراق ، << ئوغرىلار >> ھازىر شەرقىي سەپتە ئۈرۈمچىگە بېسىم ئىشلەتمەكتە ، غەرپتە پامىر تاغلىرى ۋە << ئوردام >> ئەتراپىدا مالىمانچىلىق سالماقتا ، شۇڭا سىلەرگە ياردەم ئەۋەتەلمەيمىز ، پەقەت ئۆز كۈچۈڭلارغا تايىنىشتىن بۆلەك چارە يوق ، سىلەرگە ئوڭۇشلۇق ۋە نىجاتلىق تىلەيمىز . . .

## يىگىرمە توققۇزىنچى باپ

دۈشمەن پاراشوتى يەتكۈزۈپ بەرگەن مەخپى ئاخبارات پارتىزان ‥ پىدائىيلار ئۈچۈن نۇسرەت ۋە ئۈمىد بېغىشلىغان ئىدى . قوماندانلىق ئىشتاپ بۇ خۇشخەۋەرنى جەڭچىلەردىن مەخپى تۇتمىدى ، غەلبىگە ئاتلىنىش چۇقانلىرى پۈتۈن شەھەر ئەتراپىنى زىلزىلىگە كەلتۈرەتتى .

ئىرپان ساقىيپ چىققاندىن كېيىن جانلىرى سۆيۈنۈپ ، يەنە ئۈمىدۋارلىق بىلەن يېڭى كۈرەشكە قەدەم قويدى ، ئۇ ، قورالىنىپ لەنگەردىكى ئالدىنقى سەپ بازىسىغا باردى . سوقۇش يەنىلا تىركىشىش باسقۇچىدا كېتىۋاتاتتى ، لېكىن ، ئۇن مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قورشاۋىدا قالغان دۈشمەن ئەسكەرلىرى جاھىللىق بىلەن جان تالىشاتتى .

1945 ¨ يىلى 9 ¨ ئاينىڭ 7 ¨ كۈنى تۈن ھەسسىدىن ئۆتكەن چاغدا ، يەتتە نەپەر قەھرىمان پارتىزان قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ ، كۆچار دەرۋازىسى تەرەپتىن سېپىلگە شوتا قويدى . بۇ قېتىممۇ ئىش ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدى . ئىككى پارتىزان قۇربان بولدى . بىر كوماندىر بىلەن بىر پىدائىي جاراھەتلەندى . ئۇلارنى يۆتكەپ كېلىۋېلىشتا جاسارەت كۆرسەتكەن ئىككى سېستىرانىڭ قەھرىمانلىقى مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا داستان بولۇپ يۈردى . ئۇلار ئۆتكەن قېتىممۇ ئىرپاننى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان باتۇر ھەمشىرىلەر ئىدى . ئىرپان ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن بۇ قەيسەر قىزلارنى ئىزلەپ يۈرەتتى . ئۇزۇن ئۆتمەي ئىرپان تەشكىل تەرىپىدىن يېڭى ۋەزىپىگە بۇيرۇلدى :

- ئاخشام دۈشمەن تەرەپتىن ۋاقىپ بولدۇق ، << قەشقەردىكى گومىنداڭچىلار ئىككى يىلدىك ئەسكىرىنى مارالبېشى ۋە قاخشال تەرەپ بىلەن ئاقسۇغا ماڭغۇزدى >> دىگەن خەۋەر كەلدى . شامال بوۋا ياشىنىپ قالغان كىشى بولغاچقا يۇرتىغا قايتۇردۇق . سىزگە قۇتلۇق دىگەن يىگىتنى قوشىمىز . سىلەر گومىنداڭ ساقچى كىيىمى بىلەن گىرىم قىلىپ يولغا چىقىسىلەر ، بىردىن يان قورال ئېلىۋېلىڭلار . رازۋېت دائىرىسى ¨ جەنۇپ تەرەپتە مارالبېشى تۇمشۇق ، شىمال تەرەپتە ئۈچتۇرپان ئاقيارغىچە ، ۋاقتى ئۈچ كۈن ! ¨ دىدى كوماندىر .

ئىرپان بىلەن قۇتلۇق شۇ ئاخشىمى سەپەرگە ئاتلاندى ، مىنگەنلىرى قېيىرنىڭ ئۈچقۇر تۇلپارلىرى ئىدى . ئاقسۇ دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئېشىپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە . گاھ شېغىل تاشلىق يوللار ، گاھ پوپاڭ توپىلىق چۆللەر پات ¨ پات ئالمىشىپ تۇراتتى . كۆپ ¨ كۆك ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى . غەرپ تەرەپتىكى پاكار تاغلار قاپ ¨ قارا كۆرۈنەتتى . ئاي ئاللىقاچان تاغ كەينىگە يوشۇرۇنغان ، كېچىلىك ھاۋا سالقىن ۋە كۆڭۈللۈك ئىدى . تۆمۈر چوققىدىن كېلىۋاتقان ئىزغىرىم شاماللار يۈرەكنى ھوزۇرلاندۇراتتى . بىپايان چۆللەرگە چىقىۋالغاندىن كېيىن ، ئىرپان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ سۆز ئاچتى :

- مەنزىل خېلى بار ، << ئىلى يولى يامان يول ، چىلان بىلەن چۆل قۇدۇق >> دىگەن مانا مۇشۇ جايلار . بۇنداق چۆللەرنى پەقەت << ئاتنىڭ ياخشىسى ، يىگىتنىڭ ناخشىسى >> لا تۈگىتەلەيدۇ . بىراق ھازىر بولسا جەڭ ۋاقتى ، ناخشا توۋلاش بىئەپ . ئۇنىڭ ئورنىغا ھېكايە ئېيتىشىپ ماڭغىنىمىز تۈزۈك .

- بولىدۇ ، قېنى سەن ئاۋۋال سۆزلە ، - دىدى قۇتلۇق ھەۋەس بىلەن .

ئىككىيلەن ئاتلىرىنى يورغىسىغا قويۇۋېتىپ ، كەڭتاشا يولدا قاتارلىشىپ ماڭدى . قۇتلۇق تېرەك دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئېقىنى ¨ ئۇلۇغيارىدا ھاشادا ئىشلەۋاتقان جايىدىن << ئالتۇن كولاش >> ئالۋىڭغا تۇتۇلغان ۋە ئىرپان بىلەن شۇ قىسمەتلىك كۈنلەردە تونۇشقان . قارا يۇلغۇندىكى رازۋېت كۈرىشى داۋامىدا ئۇلار يەنە بىر سەپتە بولغان ئىدى .

- ھېلىقى كۆنسى ، - دېدى ئىرپان سۆزىنى باشلاپ ، - سېپىل تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۆلدۈردەك ئوقلارغا پىسەنت قىلماي مېنى قۇتقۇزۇپ ، جېنىمغا ئارا بولغان بايىقى سىپىترا قىزغا چەكسىز رەھمەت ئىزھار قىلىش مەجبۇرىيىتىم ۋە ۋىجدانى قەرزىم بار ئىدى . بىراق مەن ئۇنى ئىزلەپ تاپقۇچە بۇ ياققا چىقىپ قالدۇق . سىنىڭ شۇ قىز توغرىسىدا ئاڭلىغان ¨ ئىشتىكەنلىرىڭ بارمۇ ؟

- ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ نىمە قىلىسەن ؟ - دېدى قۇتلۇق ، چاخچاق ئارلاش سوئال بىلەن .

- بەللى ، بەللى ، قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى سىنىڭدىكەن - دە !

ئىككى سەپداش بىر قاپاس چاخچاق قىلىشىۋالغاندىن كېيىن ، قۇتلۇق بايان قىلدى :

- مىللىي ئارمىيە پارتىزانلىرى ئايرۇدۇرۇمدىكى قانلىق پاجىئەدىن كېيىن كۈچ توپلاپ ، ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇم باشلىغاندا مەن سول قانات سەپ بويلاپ ، >> موللا قوغۇنچى >> دىگەن يەردىن ئايلىنىپ ئۆتتۇم . بىر قوغۇنچى ماڭا : بەش نەپەر گومىنداڭچىنىڭ سۆگەتېرىق يېزىسىدىكى قوناقلىققا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلدى . . مەن دەرھال كوماندىرغا يەتكۈزدۇم . ئۇ ماڭا ئون پارتىزاننى قوشۇپ ، دۈشمەننى دەرھال جىمىقتۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى . بىز >> ھەيرانباغ >> ئەتراپىدىكى قوناقلىقنى مۇھاسىرىگە ئالدۇق ، لىكىن دىخانلارنىڭ زىرائەتنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ۋاقىت كۈتتۇق . ئارىمىزدىن سەمەت سەۋرى قىلالماي ، ئاپتوماتنى كۆتىرىپ قوناقلىق ئىچىگە كىردى ¨ دە : >> تەسلىم بول >> دەپ ئۈيغۈرچە ، خەنزۇچە ۋاقىردى . دۈشمەن ئوق چىقاردى . سەمەت جاراھەتلەنگەن ئىكەن . بىز جىددىيلىشىپ قالدۇق . تۆت تەرەپتىن تەڭلا ئوت ئاچتۇق . ئىككى دۈشمەن قوناقلىق ئارىسىدىكى ئېرىق بويىنى ياقىلاپ قاچقاندا ئۆلدى . يەنە ئىككىسى >> تەسلىم ، تەسلىم ! >> دەپ ۋارقىراپ ، قول كۆتىرىپ چىقتى . ئەڭ ئاخىرقى جاھىلدىن بىرى قېچىپ ، قوناقلىقنىڭ شىمال ياقىسىدىكى بىر موماينىڭ ياقىسغا كىرىپ مۆكۈۋاپتۇ . ئۇ پىلىموتنى تىكلەپ ، قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بوپتۇ . بىز ئۇنىڭغىچە بىر نەچچىمىز قوناقلىقنى ئاختۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدۇق . سەمەتنىڭ بىلىگىدىن شۇقىراپ ئېقىۋاتقان قان توختىمىغاندىن كېيىن ، مەن پىلىموت بىلەن ئالدىدا ، ئۇچەيلەن ئۇنى كۆتىرىپ كەينىمدە يېقىن جايدىن ئۆي ئىزلەپ ماڭدۇق . قوناقنىڭ شالدۇر ¨ شۇلدۇرىدىن چۆچىگەن دۈشمەن پىلىموتچىگى بىزنىشان ئوق ياغدۇردى . بىز ئىزىمىزدا جىم توختىدۇق . ئارىمىز خېلى يىراق ئىدى . بىز يىراققا چالما ئېتىپ ، پىلىموتچىنىڭ دىققىتىنى بۇزۇۋەتتۇق . مەن ئۇنىڭ ئوقىنىڭ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى مۆلچەرلىدىم ¨ دە قالغان سەپداشلىرىمنى جايىدا توختىتىپ قويۇپ ، غەرپ تەرەپ بىلەن ئەگىپ دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتتۈم . ئۇزۇن ئۆتمەي دۈشمەن پىلىموتى جىمىپ قالدى . ئۇنىڭ ئوقى راستىنلا تۈگىگەن ئىكەن ، >> تەسلىم بول >> دەپ ئاۋۋال ئۇيغۇرچە ، كېيىن خەنزۇچە ، ئاندىن قازاقچە توۋلىدىم . كاج دۈشمەن زۇۋان سۈرمىگەن ئىدى . مەن تەۋەككۇل قىلىپ ئالدىمغا

ماڭدىم ¨ دە هويلىغا كىردىم . قارىسام دۈشمەن ئەسكەرنىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ، تام تۈۋىدە يېتىپتۇ . ئۇنىڭ پىلموتى بىر قىزنىڭ قولىدا تۇرىدۇ . . .

قۇتلۇق دېمىنى ئېلىۋېلىپ ، يەنە داۋاملاشتۇردى :

- مەن قىزنى كۆرۈپلا سالام بەردىم . قىزمۇ ماڭا تەبەسسۇم بىلەن جاۋاپ قايتۇردى ۋە ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ، مەن كىردىم . قىزنىڭ ئانىسى ¨ 70 لەردىن ئاشقان قېرى موماي كاڭ سۇپىسىدا كۆز ئاچماي يېتىپتۇ . مەن ئەھۋالنى ئۇقتۇم : دۈشمەن ئەسكىرى هويلا تېمىدىن پىلموت ئاتقىلى تۇرغاندا ئانا ¨ بالا ئىككىيلەن ئۆينى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ ، ۋەقەنى بىلىپ تۇرغانىكەن . مومايىنىڭ يۈرىگى سىلىپ ، بولالماي قاپتۇ . قىزنىڭ ئاتىسى تېرەك دەريا ئالۋىڭىدا ئۆلگەن ئىكەن . بىرلا ئاكىسىنمۇ يەرلىك بەگلەر << ئالتۇن ئالۋىكى >> غا تۇتۇۋېلىپ ، هېلىغىچە ئۆلۈك ¨ تىرىگىدىن خەۋەر بولماپتۇ . موماي ئوغلىنىڭ دەرت ¨ پىراقىدا ئۆزۈندىن بېرى كېسەل ئىكەن . مومايىنىڭ قىزىدىن باشقا تارتىشىدىغان هېچنىمىسى يوق ئىكەن . موماي ئاخىرى قىزىغا : << قىزىم ، يۇگۇر ئاۋۇ هويلىدىكى ئاپەتنى يوقات >> - دېيىشى بىلەنلا ، قىز ئايپالتىنى ئېلىپ چىقىپتۇ ¨ دە ، ماغدۇرىدىن كېتىپ قالغان دۈشمەننىڭ بېشىغا تازا كەلتۈرۈپ ساپتۇ . دۈشمەننىڭ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ئىزىدىلا جەھەننەمگە ئۇزاپتۇ . مەن قىزنىڭ پىلموت تۇتۇپ تۇرغان بەستىگە مەس بولۇپ نەزەر سالاتتىم . ئۇ ، 18 ياشلار قارىسنى ئالغان ، كۆزلىرى چوڭ ، قاپاقلىرى كەڭ ، چاچلىرى قويۇق ، چىشلىرى شۇ يەرنىڭ تەبىئىتى بويىچە ساغۇچ ، يۈزى ئاندا ¨ ساندا چېچەك ئىزلىق ۋە ئېگىز بەستىگە يارىشا مۇسكۇللىرى تەرەققى قىلغان قىز ئىدى . ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە قەهرىمانلىقنىڭ نىشانىسى بەلگە بېرىپ تۇراتتى .

موماي ئاستا كۆزىنى ئېچىپ ماڭا قارىدى :

- ئوغلۇم سەن نەدىن بولىسەن ؟

مەن مۇشۇ سۆگەتبېرىق دارىلمۇدەررىس مۇھەممەت دىيارخانىغا شىرەم تۇغقان ئىكەنلىكىمنى سۆزلەپ بەردىم .

موماي خۇرسەنلىك هېسسىياتتا يەنە :

- بالام سەن ئۆيلەنگەنمۇ ؟ - دەپ سورىدى .

- ياق دېدىم .

- ئۇنداقتا مۇشۇ قىزىمنى بۇگۈندىن باشلاپ ساڭا قوشتۇم . قىزىم مېنى دەپ بۇ يەردە قالسا چوقۇم دۈشمەنلەر پېيىگە چۈشىدۇ . سېنىڭ بىلەن نىمە بولسا ئىككىلا دۇنيا مەن رازى . ماڭا سىڭلىم قارىشىدۇ . قىزىمنىڭ ئىسمىنى بۈگۈندىن باشلاپ ئوغۇلسان دەپ ئاتىغىن . مەنسىنى كېيىن بىل . . .

موماي سۆزلەۋاتقاندا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم گۈلخان بولۇپ يېنىشقا باشلىدى . تېنىمگە تۇتاشقان هارارەت زەپتىدىن يۈرگىم گۈپۈلدەپ سالاتتى . مەن يەرنىڭ تېگىدىن ئوغۇلخانغا ئىنتىزار كۆزلىرىمنى يۆگۈرتكىنىمدە ئۇ ، قىزلارغا خاس نومۇسچانلىق بىلەن رۇخسارىنى ئوڭ تەرەپكە قىيا بۇراپ ئاستىنقى كالپۇكىنى يىنىك چىشلەپ تۇراتتى . ئۇنىڭ ئايدەك رۇخسارىدىن نۇر ياغاتتى ، ئوتلۇق كۆزلىرى چاقنايتتى . ساغۇچ چىشلىرى كۆز ئالدىمدا ئالتۇندىن ئاپىردە بولغاندەك جۇلا قىلاتتى . ئۇنىڭ رۇخسارىدا پەيدا بولغان بۇ خىسلەتلەر ئۇنىڭدىكى پاك ۋىجدان هەم قەهرىمانلىقنىڭ يادىكارى ئىدى .

- سېنى هېلىقى كۈنىسى قۇتقۇزۇۋالغان قەهرىمان سىپىستىرالارنىڭ بىرى ئەنە شۇ ئوغۇلخان ، - دېدى قۇتلۇق ، - يەنە بىرى ئىلىدىن كەلگەن مېهرىۋان . ئۇلارنىڭ هەر ئىككىلىسىلا ئەرەنچە كىيىنىپ يۈرىدۇ . چاچلىرى قىرقىۋېتىلگەن ، ئۇلارنىڭ قولىدا ئاپتومات ، مۈرىسىدە دوختۇرلۇق سومكىسى ئېسىقلىق ، بۇنداق قىزلار ئارىمىزدا ئاز ئەمەس . دىلبەر بىلەن گۈلنىسانىڭ خوتەن دەرۋازىسىغا شوتا قويۇپ ، جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولغانلىقىدەك باتۇرلۇق كىمنىڭمۇ يۈرىگىنى هاياجانلاندۇرمىسۇن ، قايسى يۈرەكنىڭ ئىپتىخارىنى قوزغىمىسۇن ! . . .

ئىرپان سەپدىشىنىڭ هېكايىسىنى ئاڭلىغانسېرى زوقلىناتتى. قەهرىمان قىزلارغا قەلبىدە چوڭقۇر هۆرمەت ۋە پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئۇرغۇغان ئىدى .

ئۇلار << كونا چىلان >> دېگەن يەرگە بارغاندا تۈن يېرىمدىن ئاشقان ئىدى . هەممىلا تەرەپ قاپقاراڭغۇ ۋە جىمجىت ، ئۇرۇش مەزگىلى بولغاچقا يول بويى ئۇلارغا ئىنىس ¨ جىنمۇ يولۇقمىدى . ئاتلارنىڭ پوپاڭ توپىلارنى توزىتىپ ماڭغان ئاياق تاۋۇشى ۋە ئارلاپ پۇشقۇرغان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى . يول بويلىرىدىكى ئوت ¨ چۆپلەر ئارىسىدا ياتقان توغايلار ۋە توشقانلار ئۈركۈپ قاچاتتى .

قۇتلۇق خۇددى ئىچى ئېچىشىپ ، كۆڭلى ئاينىغان ئادەمدەك خېلى بىركەمگىچە جىمىقىپ كەتتى . ئىرپاننىڭ قۇلىغى قۇتلۇقتا ئىدى . بىز ئازدىن كېيىن قۇتلۇق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

- بىراق ئۇرۇش بارغانسېرى كەينىگە تارتىلىپ كېتىۋاتىدۇ . بىز << ئالتۇنقۇش >> جىلغىسىدىكى سوقۇش غەلبىسىدىن كېيىنكى ۋاقىتنى هېساپلىساق ، هازىر توپتوغرا بىر يېرىم ئايدىن ئاشتى . ئاقسۇ سېپىلىنىڭ مۇهاسىرىگە ئېلىنغىنىغىمۇ بىر ئايچە بولدى . تېخى مۇشۇ يېقىنغىچىلا دۈشمەنلەر قېچىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى. ئەمما ، هازىر بىردىنلا

ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ گومىنداڭ ئەلپازىنى بىردىنلا ئۆزگەرتتى . ئۇلار << ئوغرىلار چېكىنمەكچى >> دىگەن پاراڭنى ھەدەپ تارقىتىشىۋاتىدۇ . بۇ گەرچە مىش ¨ مىش پاراڭدەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭغا سەگەكلىك لازىم ، دەپ ھېس قىلماقتىمەن .

- بۇنداق پاراڭنى مەن تېخى ئاڭلاپ باقمىدىم . جەڭچىلىرىمىزنىڭ جەڭگىۋار لىق كەيپىياتى ، خەلقنىڭ غەيرىتىگە گەپ سىغمايدۇ ؟ - دىدى ئىرپان .

- ئۇنىسى دەرۋەقە شۇنداق ، لېكىن ، بىرەر مەخپى قىمارنىڭ سولپىسىغا كېتىپ قالىدىغان بولساق ئەلەم بولىدۇ ، دەيدىغان ئەندىشەم بار . مۇبادا شۇنداق پېشكەللىك يۈز بېرىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئوغۇلخان بىلەن مەن كەينىمىزگە بىر غېرىچمۇ چېكىنمەيمىز . بۇ لاپ ئۇرغانلىق ئەمەس ، ئىشەنمىسەڭ مۇرتى كەلگەندە كۆرەرسەن . . .

قۇتلۇقنىڭ ئىرادىسىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھاياجانلانغان ئىرپاننىڭ تىلىغا خېلى بىر ۋاققىچە گەپ كەلمەي ، شۇكلەپ كەتتى . قۇتلۇق ئۇنى چاخچاق بىلەن غىدىقلاپ ، يەنە ئېغىز ئاچتى :

- شۇڭ بولۇپ قېرلىۋاتىسەنغۇ ، چولپان ئېسىڭگە كېلىۋاتامدۇ ¨ نىمە ؟ ھازىر بىز قەشقەر تەرەپكە كېتىۋاتىمىز . . . بالدۇرراق كېتىۋېلىشنى پەملەۋاتامسەن - يە ؟

قۇتلۇقنىڭ بۇقېتىمقى چاخچىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئىرپان سەپدىشىغا ئىدرەكلىك جاۋاپ بېرىپ :

- << ئەركىسىز باغنىڭ گۈلى توزار ، بۇلبۇلى ئۇزار >> دىگەن تەمسىلىمىز بار . ئەركىنلىك ئۈچۈن بولۇۋاتقان ھازىرقى ئۇلۇغ كۆرەشنىڭ مېھرىدىن ۋاز كەچكەن كىشى گۈل قىسالمايدۇ ، شۇڭا ھېلىقى سېنىڭ << بىر غېرىچمۇ چېكىنمەيمىز ! >> دىگەن ۋىجدانىي سۆزۈڭنىڭ ۋاپادار ئىشتىراكچىسى مانا مەن . ئەكەل قولۇڭنى ! ¨ دىدى ¨ دە ، ئىككىيلەن ئات ئۈستىدە قول ئېلىشتى . . .

ئۇلار كەلپىن ئاچالنىڭ شەرقى جەنۇبىنى كېسىپ ئۆتۈپ ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ، بىر چوڭ دۆۋە قۇملۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىتىدى ¨ دە ، قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئاتلىرىنى يېتىلەپ قۇرۇتتى ۋە دېمىنى ئالدۇردى . تاڭ سۈزۈلۈپ ، تورغايلار جۇرۇقلاپ قوزغىلىشقا باشلىغان چاغدا يەنە ئاتلىنىپ جەنۇپ تامان ماڭدى . ئاش پىشىم مەھەلدە گۇگۇت كان تاغلىرى بىلەن مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق ئېغىزى ئارىلىغىدىكى << تېكە فوندى >> دىگەن يەردىن ئەمدىلا قوزغىلىپ قەشقەرگە قاراپ مېڭىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشقان بىرقانچە ئاتلىق ۋە تۆگىلىك ئادەملەرگە يولۇقتى . ئالدى بىلەن ئىرپان ئۇلارغا سۆز ئاچتى :

- ئەسسالام بۇرادەرلەر ، تاغىلار ، ھەربىرلىرىنى نەدىن سورايمىزكىن ؟ . . .

- بىز ماۋۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىكى كەلپىن دىگەن يەردىن ، قەشقەرگە كېتىۋاتىمىز ، - ئۇستىخىنى ئەپچىل كەلگەن بىر قارا ئاتنى مىنگەن كىشى ئېتىنى ئاستىلىتىپ ماڭغاچ جاۋاپ بەردى . ئۇزايىدىن ئۇنىڭ يۇرت بېگى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى ، ھەمراللىرىنىڭ بەزىسى ئىشەكلىك ، بەزىسى ئاتلىق ۋە تۆگىلىك ئىدى . تۆگىلىك ئادەم يەنە بىر ئاتان تۆگىنى يېتىلىۋالغان ، ئاتان تۆگىگە بولسا چىرايلىق بىر سەگۈنچەك ئارتىلغان ئىدى .

- قەشقەرگە نىمىگە كېتىۋاتىسىلەر ؟

- ئىرپاننىڭ مۇشۇ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، جەدە ئاتقا مىنىۋالغان بەگ قۇتلۇق بىلەن ئىرپانغا يەنە بىر قىرتىم تەكشى قارىۋېتىپ ، ئىككىيلەننىڭ ئۇستىۋېشىدىكى گومىنداڭ ساقچى كىيىمى ۋە شەپكىسىدىن 12 بۇرجەك بەلگىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا جاۋاپ بەردى :

- نىمىشكە بولماقچى ؟ ماۋۇ سەگەنچۈك ئىچىدىكى ئامبالنى قاچۇرۇپ كېتىۋاتىمىز . << ئوغرىلار>> ئاقسۇدا مالىمان پەيدا قىلغاندىن كېيىن ، ئامبالنى يۇشۇرۇپ ساقلاپ باقتۇق ، ئامبال خاتىرجەم بولالمىدى . بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ ئارام تاپمىدى . << ئوغرىلار >> يوقالغاندا ئامبىلىمىزنى يەنە قايتۇرۇپ كېلىمىز . . .

راست دىگەندەك ، ھېلىقى يوغان تۆگىنىڭ قوش ئۆركىشىگە توغرىلاپ ياسالغان سەگۈنچەك ئىچىدە ئامبال بەھۇزۇر ياتاتتى . سەگۈنچەكنىڭ ئاستىغا تۆت كۆرپە سېلىنغان ، ئۈستىگە ئامبالنى ئاپتاپتىن ساقلاش ئۈچۈن چىرايلىق سايىۋەن ياسالغان ئىدى . ئامبال داكا ئورامنىڭ تۆشۈكىدىن پات ¨ پات ماراپ قوياتتى . ئۇ ۋىجىك ، بېشى كىچىك ، تېننىڭ ئېغىرلىغى 50 كىلوگىرامغا تولمايدىغان ، پىلىگى قورۇپ قالغان سويمەدەك يىلگەش بىر ئەبگا مەخلۇق ئىدى .

يالاقچى بەگنىڭ خەلق پارتىزانلىرىنى << ئوغرىلار >> دىگەن ھاقارىتىگە چىديالمىغان قۇتلۇق ئىرپاننىڭ قۇلىغىغا پىچىرلىدى :

- خوجايىنى بىلەن قوشۇپلا ئېتىپ تاشلايلى . . .

- خەپ ¨ شۇك ! ¨ دىدى ئىرپان .

قۇتلۇق پەسكارىغا چۈشتى . بەگنىڭ كارۋانلىرىنى تۈمشۇق تەرەپكە يوللىۋېتىپ ، ئىككىيلەن بايىقى ئىزىدا تۇرۇپ قالدى . قۇتلۇقنىڭ زەنى كايىپ دوستىغا دىدى :

- نېمىشكە مېنى توسىدىغانسەن ، جايلىۋەتسەكلا پۇخادىن چىقاتتۇق ئەمەسمۇ ؟

ئىرپان بىرئاز ئويلاپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇلۇك قولىنى قۇتلۇقنىڭ ئۇلۇك مۇرىسىگە قويۇپ تۇرۇپ :

- ئۆپكىمىزنى بىسۋالايلى ، دوستۇم . << سەۋرىنىڭ تۇۋى سىرىق ئالتۇن >> دېگەن گېپىمىز بار . ھېلىقى بەگ دەرۋەقە زامانقۇلنىڭ پۇشتىدىن ئىكەن . مەن بۇ دورەم ئۆرۈمچىدە زامانقۇلنى ئىتىشقا قاتناشقان . ئۇنىڭ بىلەنلا ئىش پۈتمىدى . . . ¨ دېدى .

قۇتلۇق يەنىلا قايىل بولمىغاندىن كېيىن ، ئىرپان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

- بىر ئۇچوم زامانقۇللارنىڭ زامان ¨ زامانلاردىن بۇيان زورلۇق ¨ زومبۇلۇق قىلىپ ، رەزىل ئويۇنلارنى ئويناپ كېلىۋاتقانلىقى تارىختا ئايان . (30) شۇنىڭغا قارىماي ئۇلارغا ئىخى مەدھىيىلەر ، قەسىدىلەر ئوقۇلدۇ . كېيىنكىسى ئىخمۇ رەزىل ۋە ئىخمۇ ئۇياتسىز جىنايەتكارلاردۇر ، خەلق بۇنداق رەزىللەرنىمۇ ئىسىدىن چىقارمايدۇ.

ئۇلار بىردەم شۈك بولۇپ قىلىشتى . ئارقىدىن ئىرپان يەنە :

- بىز ئەمدى ئىشتاپ تاپشۇرغان كېيىنكى مۇھىم مەجبۇرىيەتنى بىجا كەلتۈرەيلى ، - دېدى .

# ئوتتۇزىنچى باپ

## 1

شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىككى پارتىزان قەشقەر چېگرىسىغا بولغان چارلاش ۋەزىپىسىنى ئاياقلاشتۇردى ¨ دە ، دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ ، شىمال تەرەپكە يول سالدى . ئۇلار شۇ كۈنى << ھىلال تاغلىرى >> ئىچىدە بىر كېچە دەم ئالدى ۋە ئاتلىرىنى تاڭ ئاتقۇردى . ئۇستىۋاشىدىكى گومىنداڭ كىيىم ¨ كېچەكلىرىنى سېلىۋېتىپ ، قايتىدىن پارتىزانلىق كىيىمىنى كىيدى . تاڭلا كۈنىسى دەل چۈش مەھەلدە ئۇچتۇرپاننىڭ ئاقيار بازىرىغا كېلىپ چۈشتى .

شەرقى شىمال پاسىلى توشقان دەرياسىغا ، غەربى جەنۇبى << ھىلال كەسلەم تاغلىرى >> غىچە سوزۇلىدىغان بۇ يۇرتنىڭ بۈگۈن تازا قايناق بازار كۈنىسى ئىدى .

ئىرپان بىلەن قۇتلۇق ئاتلىرىنى بىر دەڭگە جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، بازارنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى بىر كىچىك چۆچۈرىخانىدا غىزالاندى . ئاندىن كەچ كىرگىچە بازار ئارلاپ خەلقنىڭ كەيپىياتىنى كۆزەتتى :

بۈگۈن بازار كوچىسىدا ئادەم مىغ ¨ مىغ ؛ يېقىندىلا بۇغداي خامىنىنى تۈگىتىپ ، ئەمگەك چاڭقورۇنلىغىدىن ئارام تاپقان دىخان ئەر ¨ ئاياللار يىزا ¨ يېزىلاردىن بازارغا كېلىپ جۈپ ¨ جۈپى بىلەن ئاشخانىلاردا ئولتۇرۇشاتتى ياكى سودىلىق قىلىپ يۈرىشەتتى . تام ۋە دەرەخ تۈۋلىرىدە قېتىقچا نان چىلاپ يەپ ، بىخارامان سايىداپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئارىلاپ ¨ ئارىلاپ ئاقسۇدىكى غازات توغرىسىدا پاراڭ سېلىشاتتى : ئۇچتۇرپان ئامباللىرى ۋە گومىنداڭچى بەگ

" پاششاپ ، مىللى مالايلارمۇ قاخشال ئارقىلىق قەشقەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلىكى ، قەلئە ( مۆلجەر ) تېغى ئىچىدىكى قاراۋۇلچى ئەترەتنىڭ ئاقسۇ سېپىلى ئىچىگە مۆكۈۋالغانلىقى ، هازىرقى كۆندە ئۇچتۇرپان خەلقى ئۆزىگە " ئۆزى خوجا ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىمالال سۆزلىشەتتى .

ئاقسۇدا غازات ئەۋجىگە كۆتىرىلگەن كۈندىن باشلاپ ، نۇرغۇن ئاقيارلىقلار بىدائىيلىققا يېزىلىپ ئاقسۇ سېپىلىنى ئېلىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدى . ئۇلار يەنە ئالدىنقى سەپتىكى پارتىزانلارغا هارۋا " هارۋىلاردا قوغۇن " تاۋۇز ، يېمەك ئىچمەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى .

قۇياش غەرپكە - << هىلال كەسلەم تاغلىرى >> دەرگاهىغا پەسەيگەن روزىگادا ئىرپان بىلەن قۇتلۇق ئاقيارنىڭ ئەينى زاماندىكى ئاتاقلىق ئۆلىماسى ئابدۇرېشىت ئەلەمنىڭ هوزۇرىغا كىرىپ دۇئاسىنى ئالدى ۋە مۇڭداشتى . ئاقيار خانقاسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چاققان بىر كۈتۈپخانىغا ئىككى پارتىزان قوشۇلۇپ بەش كىشى جەم بولغان ئىدى . پارتىزان قېرىنداشلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ خۇرسەنلىكى ئىچىگە پاتماي قالغان ئۆلىما ئابدۇرېشىت ئۆزىنىڭ مەقسەت " مۇددىئاسىنى هېچ قورۇنماي بايان قىلدى :

- سىلەر دەل پەيتىدە كەلدىڭلار ، بىزمۇ بۇگۈن يا ئەتىلىككىچە كونىشەهەردىكى قوماندانلىق ئىشتاۋىنىڭ رەهبەرلىرىگە بىر ئەلچى ئەۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق . ئۆتكەن ئايدا بۇ يەرگە بىر قىسىم پىدائىيلار چىقىپ تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ كېتىشكەن ئىدى . مەن هەر كۈنى هەر بىر نامازدا ، بولۇپمۇ جۈمەدە پۇرسەت تاپسىلا مۇنبەرنى قولدىن بەرمەي قامائەتكە تەرغىبات يۈرگۈزۈپ كەلدىم . ئەمدىكى گەپ سېپىلنى ئېلىشتىلا قالدى .

ئابدۇرېشىت ئاندىن كىتاپخانىنىڭ غەربى تېمىدىكى ئويۇقتىن بىر تاختا خوتەن قەغىزىنى ئېلىپ كەلدى . ئۇنىڭغا قېرىنداش بىلەن ئاقسۇ سېپىلىنىڭ شەكلىنى سىزدى :

- مۇبادا ، - دىدى ئۇ ، سۆهبەتداشلىرىغا ، - سېپىلنىڭ ئۈستىگە شوتا قويۇپ چىقىش ئۇنۇم بەرمىگىنىدە تۆت تەرەپتىن لەخمە كولاپ بېرىپ پارتىلىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدىغۇ ؟ ئەگەر يەنە بۇ ئىشقا ماهىر پىلانچى تەلەپ قىلىنىدىغان بولسا بىزدە ئۇنداقلارمۇ بارئىدى . . .

ئابدۇرېشىت مۇشۇ سۆزىنى دەللەش ئۈچۈن يېنىدىكى قىرقىما ساقال تەمبەل بىر كىشىنى ئىما " ئىشارەت قىلدى . بۇ كىشى بەردەڭگە مىلتىق ، شىراقلىق ئوۋ مىلتىقى ۋە مىلتىق دورىسىنىمۇ ياسىيالايدىغان هەيدەر ئەلىخان دىگەن ئادەم ئىدى .

ئابدۇرىشىتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەن هەيدەر ئەلىخان تۈرگۈن قىياپەتتە سۆزگە كىرىشىپ :

- سىپىلنى نېرى ¨ ىېرى قىلىش قولىمىزدىن كېلەتتى . بۇ ئانچە مۈشكۈل ئىشمۇ ئەمەس ئىدى ، - دېدى .

ھەيدەر ئەلىخان بىر پەس تۇرۇۋۋالغاندىن كېيىن ، يەنە ئىشەنچلىك ھالدا داۋاملاشتۇردى :

- بۇۋىمىز رەھمىتۇللا پالۋان 200 يىل بۇرۇن باشلىغان ئىشنى بىزنىڭمۇ قىلالىشىمىز مۇمكىن ئىدى .

- دەرۋەقە شۇنداق ، - دېدى ئابدۇرېشىت ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا ، - ھەيدەر ئەلىخان دېگەنـدەك سـىپىلنى ئـېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس . بىز پارتىزانلىرىمىزغا نۇسرەت تىلەيمىز . بىراق ، ۋاقىت كېچىككەنسېرى << ھارۋىدا توشقان ئېلىش >> دامىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپىدىن بەك ئەنسىرەۋاتىمىز يېقىندىن بۇيان ئاقيار بازىرىدا << ئوغرىلار چېكىنىدۇ >> دېگەن مەزمۇندا يېزىلغان ئىغۋا ۋەرەقىلەر پەيدا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ . ئايرىم ئىمانسىز نائەھلىلەر پۇرسەت كۈتۈۋاتىدۇ . سىلەر ھازىر تاماق يەۋالغىچىلىك مەن قوماندانلىق ئىشتابىمىزغا بىر پارچە مۇراجىئەتنامە يېزىپ بەرەمكىچىمەن ، ئـاۋام خەلقىمىزنىـڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ مەكتۇبىمىزنى باشچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشىڭلارنى ئۆمۈت قىلىمىز .

ئابدۇرېشىت جىددى يېزىشقا كىرىشتى . ئۇنىڭ مۇراجىئەتنامىسىدە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار يېزىلغان ئىدى :

<< بىـز پۈتـۈن ئاقيـار ۋە ئۈچتۇرپـان خەلقـى نامـىدىن ھـازىر ئاقـسۇدا ئېلـىپ بېرىلىۋاتقـان ئۇلـۇغ كۈرەشـنىڭ يېتەكچىلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز . ئۈچتۇرپان خەلقى بۇ مۇقەددەس غازاتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىـلەن قوللىماقتـا ۋە سـىپىلنى قورشـاپ جەڭ قىلىۋاتقـان پـارتىزانلارنى ئـۆز پەرزەنتـى دەپ ھېسـاپلىماقتا . بۇنىڭـدىن 200 يىلـلار بـۇرۇن ئۈچتۇرپـان قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئون نەچچە مىڭ كىشى ئىلغا سۈرگۈن قىلىنغـان ئىـدى . ئۇلارنىـڭ نەۋرىلـىرى كېيىن ئىلى خەلـق قوزغىلىڭىنىڭ جەڭگىۋار كـۈچلىرى بولـۇپ قاتناشـتى . ئۇلارنىـڭ ئەۋرىلـىرى بۈگـۈن يەنە قايتىـپ كېلىـپ ، ئۈچتۇرپـان دەرۋازىسى ئالدىدا كۈرەش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرمەكتە تارىخنىڭ ھەقلىق ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بـۇ قېتىمقـى كۈرەشـكە بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىزدىن جەسۇر ۋە دانىـشمەن بىـر يىگىـت (31) قومانـدانلىق قىلماقتـا . پارتىزانلارنىـڭ يېتەكچىلىـك ئىشتابىمۇ بىر ئۈچتۇرپانلىقنىڭ باغ ھويلىسىدا (32) كـۈرەش بـۇرچىنى ئـادا قىلماقتـا . ئىنقىلابىـي ۋارىسلىقنىڭ مۇشـۇ تەرزىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقىنىدىن بىز چەكسىز سۆيۈنىمىز . ھەممە كىشىنىڭ يۈرىگى سىلەرگە تەلپۈنمەكتە . كـۈرەش پالۋانلىرىغا روناق ۋە پارلاق غەلبە تىلەيمىز . . . >>

2

ئىرپان بىلەن قۇتلۇق كونىشەھەرگە قايتىپ كېلىپلا بۇ قېتىمقـى خىزمىتـىدىن بـاش ئـشتابقا دوكـلات سۇندى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇ ¨ ئارمانلىرىنى يەتكۈزدى . لېكىن ، ئىرپـان ئـۆزۈن ئـۆتمەي پـارتىزانلار ئارىـسىدا قانـداقتۇر بـىر روھـى

چۈشكۈنلۈك كەيپىياتنىڭ ۋە چېچىلاڭغۇلۇق ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشكە باشلىغانلىقىنى بايقىماقتا ئىدى . ئۇ ئىچىنى بىرنىمە تاتىلاۋاتقاندەك تىت " تىت بولاتتى ۋە :

- ئەجەپ ئىشقۇ ؟! . . .تۈنۈگۈنكى چۈشقۇنلۇقلار سۇسلاپ بوشىشىپ كېتىۋاتىمىزغۇ ؟ دۈشمەنلەر تارقاتقان << ئوغرىلار چوقۇم چېكىنىدۇ >> دىگەن سۆزنىڭ تېگىدە بىرەر ئىش باردەكمۇ نىمە ؟ - دەيتتى .

بىر كۈنى رەستىدە ئۈنىڭغا پارتىزانلارنىڭ غەرق مەس بىر كىشىسى يولۇقۇپ قالدى . ئۇ تايتاڭلىغان ھالدا شەھەرنىڭ غەربى تەرىپىدىكى تار كوچىغا قاراپ كەتتى . ئىرپان ئۈنىڭدىن ئەنسىرىدى "دە ، كەينىدىن ماڭدى . ھېلىقى مەس تار كوچىغا كىرىپلا ھەرەڭ " سەرەڭ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى . بىر ئازدىن كېيىن ئۇ خەندەك بويىغا ئۆتۈپ ، جەنۇپقا قايرىلدى . بۇ چاغدا خېلىلا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى . مەس دەلدەڭلەپ يۈرۈپ ، << غلتاڭ مەھەللىسى >> دىكى مەلۇم بىر قورانىڭ ئالدىغا كەلدى " دە ، ھېچ ئەيمەنمەستىنلا قورانىڭ ئىشىگىنى چەكتى . شۇئانلا يۇگۈرۈپ چىققان ياش چوكان كاككۈكتەك كۈلگەن پېتى خۇددى يىراق

سەپەردىن كەلگەن ئېرىنى قارشى ئالغاندەك ، مەسنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى .

ئىرپان ئەپسۇس بىلەن ئارقىغا بۇرۇلدى . قايتىپ كېلىۋېتىپ ، بۇ سىرلىق تېپىشماق ئۈستىدە خيال سۈرۈپ ماڭاتتى . ياتىغىغا كېلىپ ياتقاندىن كېيىنمۇ كېچىچە كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي مىڭ تەستە تاڭ ئاتقۇزدى .

ئىرپان ئەتىسى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپلا پارتىزانلارنىڭ ۋاقىتلىق ۋاماڭئەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىغا باردى " دە ، مەسئۇل خادىمغا ئاخشام ئۇچراتقان ۋەقەنى ئېنىق ئۇقتۇردى ۋە ئىككىيلەن بىللە تۇرۇپ بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈنلەر بۇرۇن ياش بىر پارتىزاننى يولدىن ئازدۇرغان قىلمىشى ئۈچۈن ج خ دا توختىتىپ قويۇلغان << ئالتۇن چىشلىق روزىخان سەتەڭ >> ناملىق ئالىقاناتتىن سوراق خاتىرىسى ئېلىندى . بۇ ئارقىلىق ئىككى نازۇك سىرنىڭ تۈگۈنى بىر يولىلا يېشىلدى .

ئىرپان بۇ قورقۇنچلىق سىرلارنى بىلگەندىن كېيىن ، تېخىمۇ بىئارام بولۇشقا باشلىدى ، ئۈنىڭ كەيپى بۇزۇلۇپ ، پىشانىسىدىن سوغاق تەر تامچىلاشقا باشلىدى . . .

مەلۇم بولدىكى ، بايىقى مەسنىڭ << غلتاڭ مەھەللىسى >> دە تېپىشۋالغىنى << ئۈزۈن كىرپىك ھەمراخان >> دەپ ئاتىغى چىققان چوكان ئىكەن . ئۈنى شەھەر يىگىتلىرى << ھەمراخان شاڭخەي >> دەپ ئاتىشىدىكەن (33) . ئۈنىڭ .بىرى ھەسەن پەيپۇ گومىنداڭنىڭ ماھىر پىلىموتچىگى بولۇپ ، ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدىكى قورغان سوقۇشىدا نۇرغۇن پارتىزانلارنى قىرىۋەتكەن . كېيىن ئۇ مىللى ئارمىيە مەرگەنلىرىنىڭ ئوقىدا مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ئۆلگەن .

مۇشۇ ئىنتىقام ئۈچۈن ئۆزۈن كىرىپىك ھەمراخان شاڭخەي ئېرىنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىپ ، گومىنداڭ باشلىقلىرىغا ئەرز سۇنغان . قورچاق ۋىلايەت ساقچى باشلىقى ۋۇشاۋبىڭ :

- ئېرىڭىزنىڭ خۇن ھەققىنى ئىلى ئوغرىلىرىدىن ئالىسىز . ئۇنىڭ ئەپچىل يولى بار ھەم ئانچىزا چوڭ دەسمايىمۇ كەتمەيدۇ . پەقەت قارا قېشىڭىز بىلەن ئۇزۇن كىرىپىكىڭىزنى ئويا قىلسىڭىزلا ئىش پۈتىدۇ .

- ئېرىڭىزنىڭ جەسىدى ئۈچۈن چوقۇم توڭلۇكىڭىزدىن ئالتۇن قۇيىلىدۇ ، - دەپ ھەمراخان شاڭخەيگە ئىشنىڭ ئېپى ¨ پەمنى ئوبدان ئۇگەتتى .

شۇنداق قىلىپ پارتىزانلار سېپىل ئەتراپىغا كېلىشتىن بۇرۇن ھەمراخان شاڭخەي ھېلىقى غىلتاڭ مەھەللىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ئۇ يىتەرلىك ئىقتىسات بىلەن ، بولۇپمۇ يىتەرلىك ھاراق ¨ شاراپ بىلەن تەمىن ئېتىلدى .

<< ھەمراخان شاڭخەي >> شۇنىڭدىن باشلاپ << تىرناققا توختىغىدەك >> سەتەڭ سالاپىتى بىلەن كوچىغا چىقىدىغان بولدى . ئۇنى كۆرۈپ يۈرىگى قىزىغان بوز كۆزلەر ئۇنىڭ كەينىدىن ئالمان ¨ تالمان قارىشاتتى . كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ تولاراق پارتىزانلار ئىشتاۋىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ كەتمەيدىغان بولدى . مانا شۇ چاغدا ھېلىقى مەس كالۋامۇ ھەمراخان شاڭخەينىڭ مەپتۇن قىلغۇچى ئىلكىگە ئىلىنىشىپ قالغان ئىدى .

- بىز ئەمدى غۇلجىغا چېكىنىمىز . سىزنىمۇ بىللە . . .

مەس پارتىزان << ئادىشى >> غا ئىچى ¨ قارىنىنى تۆكۈۋەتتى ، ھەمراخان شاڭخەي بۇ گەپنىڭ ساپىغىغا چاپلاشتىڭ ¨ دە ، دىل ئېرىتكۈچى نازخۇلقىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىشقا باشلىدى ۋە چاققانلىق بىلەن بىر ئىستاكانغا ھاراق قۇيۇپ كېلىپ ، تەڭلەپ تۇرۇپ :

- جېنىم نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغانسىز ، كۆڭلۈمنى يېرىم ، ئىچىمنى ئاچچىق قىلىپ ، مەن تېخى سىلەرنى پات ئارىدا سېپىلنى ئالىدۇ ، شۇندا بىز توي قىلىمىز ، دەپ بەخۇدۇك يۈرىۋاتىمەن ئەمەسمۇ ؟ - دېدى .

مەس پارتىزان ئاشنىسى تۇتقان ھاراقنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ، تاقەتسىزلىك بىلەن گۇپ قىلىپلا ئىچىۋەتتى ¨ دە :

- يۇقىرىدىن تۇنۇگۈنلا بۇيرۇق كەلدى . غۇلجىغا كېتىدىغان بولدۇق ، سېپىل قالسا مەيلى ، سىز قالمىسىڭىزلا بولاتتىغۇ! ھا . . . ھا . . . ھا . . . - دېدى .

ھەمراخان شاڭخەي ئۈچۈن مۇشۇ ئاخباراتنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى . شۇڭا ئۇ ، مەسكە سېپىلىق بىلەن قۇچاق ئاچتى ۋە ئۇنىڭ تەلۋىنى لايىقىدا قاندۇرۇپ ئۇزىتىۋەتتى .

تاڭلا كۈنى ئاخشىمى ھېلىقى مەس پارتىزان دەل شۇ مەزگىلدە شىر كەيىپ ھالەتتە يەنە غىلتاڭ مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى .

بۈگۈن ئۇ ، ھەمراخان شاڭخەينى بىر يولى كۆچۈرۈپ كەتمەكچى ۋە ئالدىن غۇلجىغا يولغا سېلىۋەتمەكچى ئىدى . بىراق ، ئۇ ھازىر ئاشنىسىنىڭ ئىشىگىدە چوڭ قۇلۇپنى كۆردى ¨ دە ، ھۇشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى . ئۇ ئىشىگىنىڭ تۈۋىدىن نېرى كەتمەي گويا ھەمراخان ھېلىلا پەيدا بولىدىغاندەك كۈتمەكتە ئىدى . تەقەززالىقتا مىنۇت ، سائەتلەر ئۆتۈپ باراتتى . ئۇ ، << غىلتاڭ مەھەللىسى >> دە گاھ ئوڭغا ، گاھ سولغا مېڭىپ ، تىت ¨ تىت بولاتتى . ئىچى پۇشقانسېرى ئاسمانغا قاراپ يۇلتۇز ساناياتتى .

ھەمراخان كەلمىگەندىن كېيىن ، غىلتاڭغا تېپىلغان بۇ ھاماقەت تەشنالىقتا قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكىنى بىر چىشلىدى ¨ دە ، ئاندىن ئاستا مېڭىپ شۇ يەردىكى خەندەك بويىغا ئۆتتى . ئۇ يەنىلا بىر ئالدىغا ، بىر كەينىگە ماڭاتتى . كاشكى بىر كىمدىن سوراشقا پېتىنالىسىچۇ ؟

ئۇ تار كوچىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى .

- ھەي يىگىت كىمنى ئىزدەيسىز ؟

دوقمۇشتىكى بالىخانا روجىكىدىن توساتتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز ئۇنى ھاڭ ¨ تاڭ قالدۇردى . ئۇ دەرھال روجەك تامان قارىدى . كۆز ئالدىدا گويا << مىڭ بىر كېچە >> ھالەتلىرى نامايەن بولماقتا ئىدى . ئۇ ، دۇدۇقلاپ دەماللىققا جاۋاپ بېرەلمەي قالدى . ئۇڭغىچە روجەكتىن يەنە:

- ھەمراخان شاڭخەينى ؟! ¨ دېگەن سوئال ئاڭلاندى .

بالىخانا روجىكى يېنىغا قاتار قويۇلغان تەشتەك گۈللىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان غايىپ ۋە مەنىلىك تەلەپپۇز ئەدەپ ¨ ئەردەملىك بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئەس پارتىزان ئۇنىڭ رۇخسارىنى كۆرەلمىدى . بىراق ئۇ ھازىر سىرىنى يوشۇرماستىن :

- ھەئە ، ئۇ نەگە كەتتىكىنە ، - دېدى .

- ئۇ سىزنىڭ كاللىڭىزنى ئالتۇنغا تېگىشىش ئۈچۈن سېپىل ئىچىگە كەتكەن .

- نىمە ، نىمە ؟ ئۆيىڭىزگە كىرسەم .

- كىرمەيلا قويۇڭ ، ھەمراخان شاڭخەينىڭ كەينىدىن ئۇ دۇنياغا مېڭىڭ ياكى ئۆز يولىڭىزغا . . .

دەرىزە داققىدە يېپىلدى . ئالەم بىردىنلا قاراڭغۇلاشقاندەك كۆرۈنەتتى . مەسكە بۇ دۇنيا ھارام بولدى . ئۇ ئەقلى ¨ ھوشىنى يوقاتماقتا ئىدى .

# ئوتتۇز بىرىنچى باپ

1

راست دىگەندەك ، مەسنى غىلتاڭغا تېپىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇزۇن كىرىپ ھەمراخان شاڭخەي تونۇگۇن يېرىم كېچىدە قېيۇم چاشقان ، ئەھەت شەيتان دىگەن دۇشمەن ئاخباراتچىلىرى بىلەن بىللە سېپىل ئىچىگە تىكىۋەتكەن ئىدى . ئۇلارنىڭ سېپىل ئىچى بەلىن قاتنىشى ¨ خوتەن دەرۋازىسى ( جەنۇبىي دەرۋازا ) نىڭ شەرقى تەرىپىگە ئون نەچچە قەدەم نېرىدىكى ئالاھىدە ئېچىلغان تۆشۈك ئارقىلىق بولاتتى . بۇ تۆشۈك ئەسلىدە پارتىزانلارنىڭ بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا ، تەكلىماكانغا قېچىش ئۈچۈن ئېچىلغان ئىدى . ئۇ چاغدا ئۇستۇنلۇك پارتىزانلار تەرەپتە ئىدى . ئارمانغا يېتىدىغان دەرمانىمۇ بار ئىدى .

ئەمدىچۇ ؟ - ئىش ئەكسىچە . پارتىزانلارنى چېكىندۇرۇش بۇيرۇغىنى دۇشمەنلەر بىلىۋالىدى - دە ، جىددى قوزغاشقا باشلىدى . ئۇلار ھازىر قاچماق توگۇل ، پارتىزانلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزغان ئادەمنىڭ قېنىنى ئىچىشكە ھازىرلانماقتا . ھىلقى مەسنىڭ >> غىلتاڭ كوچىسىدىكى >> تېپىلىشى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان قانلىق تىراگىدىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ۋە جىددى ۋەقە ئىدى . مەس ئاخشام روجەكتىكى گۈل دالدىسىدىن تەنبە يەپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ سۆزلەر ئۇنىڭ مېڭىسىنى غىدىقلاپ كېچىچە زىنھار ئۇخلىيالمىدى . گايىدا ئورۇنسىز ھالدا >> بۇ ھەسەتتىن چىقۋاتقان سۆزمىدۇ ¨ يە ؟ >> دەپ گۇمان قىلاتتى . كېيىن يەنە ئۆز گۇماننى ئىنكار قىلاتتى .

ئۇنىڭ ئىسمى مەردان ، بۇ يىل يىگىرمە يەتتە ياشلاردا ئىدى .ئۇ ئىلىدىكى ھەرەمباغ سوقۇشى ، كېيىن ئالتۇنقۇش ۋە قورغان سوقۇشلىرىدا چوڭ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ ئاقسۇ سوقۇشىدىمۇ ئىرادىسى كۈچلۈك ئىدى . شۇڭا ئۇنى پارتىزانلار كوماندىرى ھەمىشەم >> باتۇر مەردان >> دەپ ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى .

ئۇ چېكىنىش توغرىسىدا مىش ¨ مىش پاراڭ تارقالغاندا قاتتىق غەزەپلىنىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭ غىلتاڭ كوچىسىدا تېپىلىپ چۈشۈشى ئاشۇ نارازىلىق كەيپىياتى بىلەن ئالاقىدار بولسا كېرەك . >> پىتنىڭ ئاچچىقىدا كىيىمنى ئوتقا سالغان >> نىڭ مىسالى ئەنە شۇ ئىدى .

- مەردان ، بۇگۈن قاپاقلىرىڭ بۆلەكچە ئولتۇرۇشۇپ ، كۆزلىرىڭ قىزىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنىسەنغۇ ، نىمە بولدۇڭ ؟

كوماندىر بۇگۈن سەھەردىلا مەردانىنى ئىشتاپقا قىچقىرىپ ، جىددى بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇشنىڭ ئالدىدا ئەنە شۇ سوئالنى سورىدى .

مەردان كوماندىرنىڭ ئالدىدا ھەربى تەرتىپ بويىچە تىك تۇراتتى . لېكىن نىمىشقىدۇر لام ¨ جىم دىمەيتتى . ئىچىدە ئۇ << ئەگەر ھەمرايان شاڭخەيىنىڭكىگە بارغىنىمنى ئىشتاپ سېزىۋالغان بولسا ئىشىم چاتاق>> دەپ ئەندىشە قىلاتتى . ئىرپان بولسا ئۆزى بىلگەن بۇ سىرنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن ئىدى .

كوماندىر سۆزىنى بىردىنلا رەسمىي ۋەزىپىگە يۆتكەپ بۇيرۇق بەردى :

- يار بېشىدا دۈشمەننى توسايمىز . سەن << پىداكارلىق ئەترىتى >> نى باشلاپ ئاياق كېرىش ، قارا ساقال ئاتامىدىن تارتىپ ئالتۇنلۇرۇم ۋە ئايرۇدۇرۇمغىچە ئارلىقنى قوغدايسەن .

- خوپ ، يولداش كوماندىر . . . ¨ دىدى مەردان چاس بېرىپ .

2

پىداكارلارنىڭ خېلى بىرقىسمى << ئالتۇنچى يىگىتلەر >> ئىدى . ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئىرپان ، قۇتلۇق ، ئوغۇلخان قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى .

كۈن چۈشتىن قايرىلغان چاغدا ئىرپان ئۆزىنىڭ ئىشىنى تەق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، ھۆكۈما سىراجىدىن بىلەن خەيىرلىشىش ئۈچۈن ، دۆلەتباغدىكى << پارتىزانلار دوختۇرخانىسى >>غا كەلدى . ئادەتتىكى چاغلاردا دوختۇرخانا ئالدىدا ئادەم قايناپ تۇراتتى . بۈگۈن بولسا ، پەقەت بىر قانچە ئۇششاق باللارلا ئويناپ يۈرىشەتتى .

ئىرپان دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەيگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى :

قۇياش غەرپتە قومىرىق دەرياسى ئىچىگە ئاستا ¨ ئاستا چۆكۈپ كېتىۋاتقان قىپقىزىل شاردەك كۆرۈنەتتى . تەڭرى تېغىنىڭ مەشھۇر تۆمۈر چوققىسى تەرەپتىن ئۇرغۇپ كېلىۋاتقان كۈز شامىلى يول ياقىسىدىكى دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرىنى شىلدىرلىتاتتى . ئالا بويۇن ، زەنگەر تۇمشۇق قارلىغاچلار كوچا بويلىرىدا قانداقتۇر بىر ۋەھىمىدىن چۆچۈگەندەك ، ئىنتايىن تېز ئۇچۇپ يۈرىشەتتى .

قورال يىتىشمىگەنلىكتىن ، ياغاچ توقماق ۋە كالتەك كۆتىرىپ چىقىپ پىدائىيلىققا يېزىلغان نەۋقىران يىگىتلەر ، << چېكىنىش جىددىيەتلىگى >> سەۋۋەبىدىن ئات ئىزلەپ ، ھە دىگەندە تونۇش ¨ بىلىشلىرىنىڭ ئۆيىگە چېپىشاتتى .

دوختۇرخانىنىڭ ئىچكى قوراسىدىن ئاتلانغان ساتار ئاۋازى ئىرپاننى مايىل قىلدى ‹‹ دە ، ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا قوراغا كىردى . ئاشۇ چاغدا ئىرپان ياتقان بالنىستنىڭ ئالدىدىكى بىر ياغاچ بەلدىڭدە سىراجىدىن مۇنەججىم ساتار چېلىپ ئولتۇرغان ئىدى . ئۇنىڭ ھازىر چېلىۋاتقان مۇزىكا ناۋاسىدىن قويۇق ماتەم پۇرىقى ئەكس ئېتىپ تىراتتى . مۇزىكىنىڭ ئاياقلىششى بىلەن تەڭ ، ئىرپان دەرھال مۇنەججىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ‹‹ دە ئەدەپ ‹‹ ئىكرام ۋە سالام بىلەن كۆرۈشۈپ سورىدى :

- بوۋا ، ھازىر دوختۇرخانىدا ياردار جەڭچىلىرىمىزدىن قانچە كىشى بار ؟

بوۋاينىڭ ئاقارغان قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى سۇلغۇن كۆزىدىن بىراقلا ياش تۆكۈلدى ۋە بىر ئاز دىمىنى ئېلىۋېلىپ جاۋاپ بەردى :

- پەقەت مەنلا بار . . .

- قالغانلارچۇ بوۋا ؟ - ئىرپان ھەيران بولۇپ يەنە سورىدى .

ئىرپاننىڭ بۇ سوئالى ھازىر يۈز بېرىۋاتقان چېكىنىش ھەركىتىنىڭ ئادەتتىكى پارتىزان ‹‹ پىدائىيلاردىن خىلىلا مەخپى تۇتۇلۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى .

- ئوغلۇم بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ‹‹ تەكتىنى مەنمۇ چۈشىنىپ بولالمىدىم ، - دېدى سىراجىدىن مۇنەججىم ، - ئاخشام مەجرۇھلارنى ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ئىلغا قاراپ كېتىشىپتۇ بۇگۈن چۈشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلسەم ھەممە نەرسە خانىۋەيران ، ئەسكى ‹‹ تۈسكى نەرسىلەر چېچىلىپ تۇتۇپتۇ ، ھەممە ئۆيلەرنى قاراشتۇرۇپ چىقتىم ، ئادەم يوق . كۆڭلۈمدىكىنى دىسەم مەن سىنىڭ بىلەن خەيىرلىشۋالاي دىگەن نىيەتتە تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئىدىم .

- رەھمەت بوۋا ، مەنمۇ خۇددى ئۆزلىرىدەك نىيەتتە كەلگەنمەن . خالىس نىيەتلىرىمىز ئۇقتاسىغا كەلگىنى ئۈچۈن چەكسىز خۇشالمەن . نامازدىگەر مەزگىلىدە ئۇلار خوشلاشتى .

## ئوتتۇز ئىككىنچى باپ

بۇگۈن 9 ‹‹ ئاينىڭ 26 ‹‹ كۈنى ئىدى . كەچ كىردى . ۋاقىت خۇپتەندىن ئۆتكەن چاغ ، يەر يۈزىنى تۈن پەردىسى قاپلاپ تۇراتتى . قوماندانلىق ئىشتاۋىدىن تۈنجى قېتىملىق يېشىل سالىيوت ‹‹ تەيياrلىق پارولى بېرىلدى . ئىشتاپنىڭ مەسئۇللىرى ۋە يۈك ‹‹ تاقلار باش كىرىش ‹‹ كەپتەرخانا يولى ئارقىلىق چېكىنمەكتە . سېپىل ئەتراپىدىكى ھۇجۇمچى جەڭچىلەر دۈشمەن ئۈستىگە شىددەتلىك ئوق ياغدۇرماقتا .

بۆيرۇققا بىنائەن ئىريان ، قۇتلۇق ، ئوغۇلخان ۋە غاپپار قاتارلىق پىداكارلار گۇرۇپپىسى باش كىرىش ئۆستىدىكى ئىستىھكامغا قاراپ ئاتلاندى . ئۇلار جەك ئارغىماقلىرىنى كىرىش ئاستىدىكى ئىشەكچى يوسۇپ باڭگازىنىڭ قوراسىغا يېقىن ئورمانلىققا باغلاپ قويدى . ئاندىن << قوشقار پاتماس >> قىسلچۇغى ئارقىلىق يارداڭلىقنىڭ ئۆستىگە چىقىپ تەيىنلەنگەن پوزىتسىيىلىرىگە جايلاشتى . قۇتلۇق بىلەن ئوغۇلخان << قوشقار پاتماس >> نىڭ جەنۇبى لىنىيىسىگە ، ئىريان بىلەن غاپپار شىمالىي لىنىيىسىگە يىنىك پىلىموتلىرىنى تىكلىدى . ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە يەنە گرانات ، قىلىچ قاتارلىق زاپاس قوراللارمۇ بار ئىدى .

كوماندىر سوپى سابىروپ ، كوماندىر ئىسكادىرون مەردانلار ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ ، جەنۇپتىن شىمالغىچە ¨ قارا ساقال ئاتامدىن << ئالتۇنلۇرۇم >> غىچە پىداكارلارنىڭ ئورۇنلاشقان ئىستىھكاملىرىنى كۆزەتمەكتە چە سىپىل ئەتراپىدا قالدۇرۇلغان جەڭچىلەرگە بۇيرۇق بەرمەكتە .

سىپىلغا ئوق ياغدۇرۇۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ روھى يەنىلا ئۈستۈن ئىدى .. تىنمىسىز ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ۋە مىلتىق ئوقلىرى خۇددى ئەرشنىڭ يورۇق يۇلتۇزلىرى ساقىغاندەك ، ئاسماندا بىر ¨ بىرىگە گىرەلىشىپ ئۆتۈشۈۋاتقانلىغى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

لېكىن ، پارتىزانلار تاماندىن سىجىل ياغدۇرۇلۇۋاتقان بۇ ئوقلارنى دۈشمەن تەرەپ ھازىر مەنسىتمەيدۇ . ئۇلار بۇنى چېكىنىش ئالدىدا ئىشلىتىلىدىغان << ئۆتكۈنچى چاقماق >> تەك بىر تۇتەك پەردە ، دەپ ھۆكۈم قىلىشاتتى . ئۇلار شۇڭا سىپىل ئىچىدە بولغۇسى ھۇجۇم ئۈچۈن جىددى تەييارلىق كۆرمەكتە ئىدى . يالاقچى ھاكى قاتارلىق دۈشمەن ئوفىتسىرلىرى پىدائىيلارنى قىرىش ئۈچۈن قەسەم بېرىپ ، مەي ئىچىشمەكتە . پارتىزانلارغا ياردەم بەرگەن مىڭلىغان ئاھالىنىڭ قېنىنى ئىچىش بەدىلىگە شۆھرەت ئوردىنى قاتاش ئۈچۈن كۆزىنى قىزارتماقتا .

مانا تۈن ھەسسىدىن ئۆتتى . سىپىلنىڭ خوتەن دەرۋازىسى يوشۇرۇن ئېچىۋېتىلدى . ھاكى پەيجاننىڭ ئاتلىق پەيى زەربىدار بولۇپ سىرتقا چىقتى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دۈشمەننىڭ باشقا قىسىملىرى . . .

ئۇلار ئالدى بىلەن << قارا ساقال ئاتام >> مازىرىنىڭ جەنۇبىدىن يۆگەپ ئىلگىرلىمەكتە . مەردان ئورۇنلاشتۇرغان پىداكارلار قان كېچىپ ئېلىشماقتا .

دۈشمەن چېرىكلىرى يەنە قايساپ كەلمەكتە . گۈلباغ تەرەپتىن چېكىنگەن پارتىزانلار ئوتتۇرا كىرىشتىن يارداڭلىق ئۈستىگە چىقىش بىلەن تەڭ ھاكى پەيجاڭ چېرىكلىرىگە روبىرو كەلدى . يارنىڭ ئۈستىدىكى ئاق ماموقتەك تۈپراقنىڭ يۈزى قانغا بويالدى .

قوماندانلىق ئىشتاپ تاز لەڭگەرگە چېكىنگەن ئىدى . دۈشمەن چېرىكلىرى ئىككى يول بىلەن ¨ بىر قىسمى يارنىڭ ئىستى ، بىر قىسمى كەپتەرخانا ¨ باش كىرىش ئارقىلىق قوماندانلىق ئىشتاپىنى قىسىپ ئىلگىرلىمەكتە . << ئالتۇنلۇرۇم >> گۆرىستانلىغىنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشقان پىداكارلار دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسىدى. قۇتلۇق بىلەن ئوغۇلخان << قوشقار

پاتماس تارچۇغىدىن چىقۋاتقان دۈشمەنلەرگە پىلىموت قويدى . ئىرپان ، غاپپار ۋە مەردانىلار يار ئۈستىدىن بىسىپ كەلگەن دۈشمەن چېرىكلىرىنى ئۆزلىرى تەرەپكە بەنت قىلىۋالدى . قانلىق جەڭ ئىككى سائەتچە داۋام قىلدى .

تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغان ئىدى . زۇمرەتتەك تىنىق ئاسماندا سان ¨ ساناقسىز يۇلتۇزلار گويا ئەرش سارىيىغا ئورنىتىلغان ئېلىكتىر لامپۇچكىلىرىدەك پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى ، << ئالتۇنلۇرۇم >> گۆرىستانلىقىنىڭ ئەتراپىدا پايانسىز ئالتۇن تۇپراقلىق زىمىن سوزۇلۇپ ياتاتتى . تەگرى تېغىنىڭ سانسىز قارلىق چوققىلىرى ەويا قەھرىمان يىگىتلەرنىڭ ئاق ئۈستىخان دۆۋىلىرىدىن ھاسىل بولغان قەۋرى بېشىدەك نامايەن بولاتتى .

پىداكارلارنىڭ ئوقلىرى ئازايماقتا ، جەڭ يەنە قىزىماقتا . ئۇلار كىچىك ¨ كىچىك قاپاقلارغا تولدۇرۇۋېلىشقان بۇلاق سۈيىنى تەڭ تالىشىپ ئىچىشەتتى .

دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئوغاق شەكلىدە سەپ تۈزۈپ ، ئىلگىرلەپ كەلمەكتە . ئەھۋال جىددىيلەشتى . مەرت يىگىتلەرگە سىناق مەيدانى قۇرۇلماقتا . يا ئۆلۈم ، يا كۆرۈم مومىنتى قاش بىلەن كىرپىك ئارلىغىدەك يېقىن قالغان ئىدى . مەردان مەرتلىك بىلەن دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلىپ بېرىپ ، قۇربان بولغاندىن كېيىن ، قۇتلۇق ، ئوغۇلخان ۋە غاپپارلارمۇ ۋىجدان سادالىرىنى ياڭرىتىپ ، قانغا بويالدى .

ئىرپان ھودۇقماستىن ئاخىرقى مىنۇتنى تەنھا كۈتمەكتە ، ئۇنىڭ بايا ياراداگلىق ئاستىدىكى ئورمانغا باغلاپ قويغان قىيىر ئارغىمىقى چىقىراپ تۇراتتى .

- يا جاندىن كېچىش كېرەك ، يا جانانىدىن ! ¨ دىدى ئىرپان ۋە ئاياپ كېلىۋاتقان ئىككى گىراناتىنى كۆتىرىپ ، يېقىنلاپ كەلگەن دۈشمەن ئالدىغا يۈگۈردى . يان تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەن ئوقلىرى كېلىپ ، جەسۇر يىگىتنى يىقىتتى . ئۇ ئاخىرقى تىنىقىدا :

- ئاھ چالا تەككەن ئوقلار ! ¨ دىدى ¨ يۇ ، شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى . ئۇنىڭ كۆكرەك يانچۇغىدا سىراجىدىن مۇنەججىم يادىكار قىلغان ئەمىر خۇسراۋدىھلەۋىنىڭ مىسرالىرى كۆكسىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قىپ ¨ قىزىل قان بىلەن چاپلىشىپ قالغان ئىدى :

بوستاندا لالە ¨ گۈل ، قىرمىزە ياپراق ، -
شۇنچە ھەرخىل رەڭنى نەدىن ئالدى باغ ؟
ئىسسىق قان پۈرىغى كېلىدۇ ئۇندىن ،
بەكمۇ كۆپ ئادەمنى يەپتۇ بۇ تۇپراق . . .

# ئىزاھات :

1) چەندازا ¨ پۇل سالىدىغان مەخسۇس يانچۇق ، ھەميان .

2) ناچۋال كۆيتىل ¨ ( **1472** ¨ **1402** ) تۇنجى ئىنىدىيان شائىرى ، چوڭ ئىنژېنېر ۋە سىياسىئون . ئۇنىڭ بىر شېئىرىدا مۇنداق تەسۋىر بار ؛ ? ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ¨ ناخشىدا ، قىزىلگۈلدە ، مەن ئۇنىڭغا بۇلبۇلدەك شەيدا . ?

3) شۇ يىلى ئەتىيازدا خوتەن ئالتۇن كان ئىشچىلىرى قوزغىلاڭ كۆتەرگەن ئىدى . قوزغىلاڭ كېيىن قانلىق بېسىقتۇرۇلدى . ئىشچىلارنىڭ باشلىقى توختى مەخپىي سوراقتىن كېيىن ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى.

4) يىڭجاڭنىڭ ئىسمى ¨ ياڭ لېخىن ئىدى . ئۇ 1938 ¨ يىلى شىڭ شىسەينىڭ ھەربى ئەمەلدارلار كۇرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يىڭجاڭلىققا كۆتىرىلگەن . ئۇ ئۇيغۇرچىنى پىششىق بىلگىنى ئۈچۈن مۇشۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتىلگەن . 1945 ¨ يىلى ئۇ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىۋىگە ھەربى مەشىق جاۋگۇەنى بولغان . ئاپتۇر مۇشۇ روماندىكى نۇرغۇن پاكىتلارنى شۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ تەپسىلىي خاتىرە ئالغان ئىدى . ئۇ ئادەم 1978 ¨ يىلى ئۆلدى .

5) ئەھلى سەلىپ ¨ قىزىل كىرىست ئارمىيىسى ، 11 - ، 12 ¨ ئەسىرلەردە ياۋروپا خىرىستىيانلىرى قۇددۇس شەھرىنى تالىشىپ ، تۈمەنلىگەن ياش باللارنى ھەيدەپ كېلىپ ، سوقۇشقا قاتناشتۇرغان . ياش باللار پاك بولغاچقا ، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىمىز ، دەپ ئىشەنگەن ، لېكىن بۇ باللار تۈركۈملەپ ئۆلۈپ تۈگەشكەن .

6) مىشۇ دارىن بىر ئۇيغۇر ئايىلىنى مەخپىي خوتۇنلۇققا ئالغان .

7) توختى مانجۇ ¨ چىڭ سۇلالىسى زامانىدا قەشقەر ئامبال مەھكىمىسىنىڭ تۇڭچىسى بولۇپ ، ? خىزمەت ? قىلغان . مانجۇچە كىيىنگىنى ئۈچۈن ? توختى مانجۇ ? دەپ نام ئالغان . بىر چېرىكنىڭ ئۇيغۇر بوۋاينى بوزەك قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بوۋايغا بولۇشقان چاغدا چېرىكتىن تاياق يېگەن . تاياقتىن ھوشىنى تاپقان ? توختى مانجۇ ? غەزەپ بىلەن ئادەم توپلاپ ئىسيان كۆتەرگەن .

8) دون كىخوت ¨ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن قاراملىقنىڭ تىپى .

9) شىڭ شىسەي 1942 ـ يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ؟ 12 ـ ئاپرېل توپىلاڭ سۈيقەستى ؟ دېگەن يالغان ئەنزىنى توقۇپ چىقىپ كومپارتىيە ئەزالىرىنى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنى تۈرمىگە تاشلاشقا بۇيرۇق قىلغان ھەم ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى شىڭ شىچىنى مۇشۇ ئەنزىگە باغلاپ مەخپى ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

10) رىۋايەتلەردە ئەۋلىيا سۈك ۋۇكۇڭنىڭ يالقۇنتاغنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرگەندە ئىشلەتكەن يەلپۈگۈچى .

11) بۇ يول 1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىسىدىن باشلاپ قايتا ئېچىلغان .

12) ئاپتور مەريەمنى ئىزلەپ تېپىپ ، مەخسۇس زىيارەت قىلدى . ئۇ ھازىر ئۇرۇمچى سايباغ رايونىدا ئاتىسى سوپى چەندازىدىن مىراس قالغان زىمىن ـ قوراسىدا ئولتۇرىدۇ . ئاپىسى يېقىندا ئۆلۈپ كەتكەن . مەريەم كۆچارلىق بىر يىگىت بىلەن تۇرمۇش قۇرۇۋالغان . ئۇلارنىڭ بىر قانچە ئوغۇل ـ قىزلىرى بار .

13) بىسمارك ـ ( 1815 ـ 1898 ) گېرمانىيىنىڭ باش مىنىستىرى بولغان . ئۇ پارلامېنتتا سۆزلەپ ـ پارانىس ـ پىرۇسسىيە ئورۇشىدا گېرمان ئەسكەرلىرىنىڭ غەلىبىسى گېرمانىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۆھپىسىدىن بولدى ، دەپ ئېلان قىلغان ئىدى .

14) پاژالستى ـ روسچە مەرھەمەت .

15) ساباك ـ ئىت

16) زامانقۇلنىڭ بۇ قەۋرىسى كېيىنكى يىلى نامايىشچى ، ئاما تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلانغان ئىدى . كېيىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى يەنە يېڭىدىن ياساپ چىققان .

17) رافائېللو (1483 ـ 1520) ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى داڭلىق رەسسام ۋە ئېنژېنېرى . ئانا بىلەن بالا ئوبرازىنى يارىتىپ ئالەمشۇمۇل داڭ چىقارغان .

18) ھەربى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن مەكتەپ زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتى كەنجى ئۆزى بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇۋاتقان غەربىي شىمال گېنېرالى جۇشاۋلياڭنى ئاتماقچى ئورۇنۇپ ، مەقسىدىنى ئورۇنلىيالماي قالغان ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى .

19) ياشلار تەشكىلاتى شۇ يىلى ؟ 12 ـ ئاپرېل ؟ كۈنى قوزغىلاڭ كۆتىرىشنى ئىچكى جەھەتتىن پىلانلىغان ئىدى .

20) ئالتە شوئار .

21) گومىنداڭ بايرىقىدىكى 12 چىشلىق بەلگە

22) منىۋا ـ پاراسەتلىك ئاياللارنىڭ سىماسى . بۇ يەردە ئىرپاننىڭ ئاياللىچە گىرىم قىلىپ ، خەۋپتىن قۇتۇلغىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

23) ئەينى زاماندا يۈرگۈزۈلگەن ئەڭ ھاقارەتلىك زۇلۇمنىڭ بىر تۈرى . چىركىلەشكەن چىڭ خاندانلىقى ئەمەلدارلىرى مۇسۇلمان خوتۇن ـ قىزلارنى مەجبۇرى تۇتۇپ پاھىشىخانىلار قۇرغان . ؟ قۇشقاچ گۆشى كۆچلۈك ئىكەن ؟ دەپ ئەمەلدارلار ئۆزلىرىنىڭ شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خەلققە ؟ قۇشقاچ سېلىقى ؟ سالغان . بۇ خىل ھاقارەتلىك زۇلۇم باشقا جايلاردىمۇ يۈرگۈزۈلگەن ئىدى .

24) مۇز ئاتا تاغلىرىدىن كەلگەن ئەزىم دەريانىڭ باش ئېقىمى ؟ مۇزات دەرياسى ؟ دەپ ئاتىلىدۇ . ؟ قىزىل مىڭ ئۆي ؟ تاغلىرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ دەريانىڭ نامى - ؟ ئۇگەن دەرياسى ؟ دەپ ئاتىلىپ ، كۇچارنىڭ غەربى جەنۇبى بىلەن ئايلىنىپ ئېقىپ شايار ئارقىلىق تارىمغا قۇيۇلىدۇ .

25) خوتۇن قورو ـ موڭغۇلچە سۆز . ئۇيغۇرلار ياپىلىقى دىگەن مەنىدە .

26) قىپىر - ؟ قىيە ؟ دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ؟ ئايالنىا تۆپە ؟ دىگەن مەنىدە . بەزىلەر ئۇنى قىر يەرلەر دەپمۇ ئاتىشىدۇ .

27) ؟ فىنتوخەي ؟ - قەدىمكى زاماندا ھەربى مۇتەخەسسىلەر تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان ئۇرۇش تاكتىكىلىرىدىن بىرى . ئۇنىڭغا بۆرە تېزەكى يېقىلىپ ، ؟ دۈشمەن كەلدى ؟ دەپ ئەھتىيات سىگنالى بېرىلەتتى . بۆرە تېزەكى ئىسى قويۇق يېشىل ھەم بەك ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ . شۇڭا گومىنداڭمۇ مۇشۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانماقچى بولغان ۋە خەلققە بۆرە تېزەكى يىغىش ئالۋىڭى سالغان .

28) ؟ كۆكلىلەر شىپاسى ؟ - ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر تىببى قامۇس .

29) مەۋلانجان تۇردىنىڭ كىچىك ئىنىسىنىڭ ئەركىلەتمە نامى . بۇ نامنى ل: مۇتەللىپ قويغان . ئىمىق ل : مۇتەللىپ بىلەن مەۋلانجان ئۇتتۇرىسىدا ئالاقىچى ئىدى . ئانىسى نۇرخان ئىمىقنىمۇ پىدائىيلىققا خەتلەتكەن . ئۇ ، ئۇرۇشتىن كېيىن نۇرغۇن دەرت ـ ئەلەم كۆرگەن . ھازىر ھايات بار.

30) كېيىنكى يىلىسى دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ خەلقچىل ۋەكىللىرىنى چوڭ ـ كىچىك زامانقۇللار بىرلىشىپ ياۋۇل مەھكىمىسىگە قاماپ قويغان ھەم زامانقۇلنىڭ ئانىسىنى كوشكۇرتۇپ ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىگە ئېسىلدۇرغان ئىدى

31) بۇ يەردە ئۈچتۇرپاندا تۇغۇلغان ئابدۇكېرىم ئابباسپ كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

32) پارتىزانلارنىڭ قوماندانلىق ئىشتاۋى يۇقىردا ئېيتىلغاندەك كونىشەھەردىكى نىيازخاننىڭ بېغىدا قۇرۇلغان ئىدى . بۇ باغنىڭ ئىگىسى ئابدۇكېرىم ئاباسوپنىڭ تۇققىنى ئىدى .

33) ئۇزۇن كىرپىك ھەمراخان كونىشەھەرنىڭ ? غىلتاڭ مەھەللىسى ? دىكى خالىي ھۇجرىسىنىڭ ئىشىگىگە بۇلبۇل سۈرەتلىك گۈل بېسىلغان شاڭخەي تاۋرىدىن مىلەڭزە ئېسىپ قوياتتى ، شۇڭا ئۇنىڭغا ? ھەمراخان شاڭخەي ? دىگەن لەقەم سىڭىپ قالغان .